# ئۇيغۇر چاپايوپ كىم؟

سەلىمە ئا. كامال

# ئۇيغۇر چاپايوپ كىم؟

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

سەلىمە ئا. كامال

**ئۇيغۇر چاپايوپ كىم؟**

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: رەسسام لۇتپۇللا

2023 - يىلى سېنتەبىر، بىرىنچى نەشرى

ISBN: 978-1-959397-35-9

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
تەكلىماكان كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 3

INTRODUCTION ........ 6

كىتابنى تونۇشتۇرۇش ........ 13

KITAPNI TONUSHTURUSH ........ 23

*1. باپ*

«ئۇيغۇر چاپايوپ» كىم؟ ........ 31

چاپايوپ دېگەن نامنىڭ ماڭا بېرىلىشى ........ 66

ئاخىرقى سۆز ........ 85

*2. باپ*

«مىللىي ئارمىيە» كومىسسارى مەمتىمىن ئۆمەرۇپ نېمە دەيدۇ؟ ........ 90

«مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ ئىزۋۇد كاماندىرى، ھۆرمەتلىك ئاتام ئاقسۇ فرونتىدا! ........ 128

قارا كۆن ........ 165

*3. باپ*

ئىككى يوپۇرماق، ئىككى غۇنچە ........ 169

ئاق بوز ئاتلىق قوماندان ........ 170

گىگانت قەھرىمان، «ئازادلىق ئوردېنى» ساھىبى ..... 177

نادىروپ زىخرۇللام ..... 177

«شەپقەت-ھەمشىرىسى — رىزۋانگۈل»گە بېغىشلانغان
ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ..... 196

رىزۋانگۈلنىڭ قىسقا، جەڭگىۋار ھاياتى ..... 204

قەھرىمان قىزنىڭ قەبرىسىنى 14 يىل ئىزلىگەن، موي قەلەمنى
«ئىلى ئىنقىلابى»غا بېغىشلىغان رەسسام ..... 221

جەڭگاھتىكى پەرىشتە ـ روشەنگۈل شاۋكەت ..... 235

قاراملىق قىلالمىغان ئەر ـ باتۇر بولالماس! ..... 249

بوۋامغا سوئالىم بار ..... 256

ئىسىت، مەلىكە! ..... 259

# كىرىش سۆز

«ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن خەقنىڭ بوسۇغىسىدىكى ئىتقا ئوخشايدۇ.»

مەن شور پېشانە يازغۇچىمەن. شاد-خوراملىققا تولغان ۋەتىنىمنى، ۋەتەنداشلىرىمنى يېزىش ماڭا ئۆمۈربويى نېسىپ بولماسمۇ؟! ئازاپلىق قۇرلارنى كۆز يېشىمنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يازغىنىمنى يوشۇرمايمەن. مەن شۇنداق يازغۇچى. يىغلاپ يازىمەن. يازماي چىدىمايمەن!

چاپايوپ نامى ۋە تۆت شەرەپ مېدالى بىلەن جەڭلەردە داڭقى پۇر كەتكەن غازى بىلەن مۇڭداشقان كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ كۆزىدە بىر تامچە ياش يوق. پەقەت ئاچچىق ئەلەم - نەپرەتتىن باشقا ئىپادە كۆرمىدىم. ئۇ ئەمدى يوق!

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى «مىللىي ئارمىيە»مىز قارا سۇ (شىخو) شەھىرىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، دالىلاردا ساينىڭ تېشىدەك ياتقان جەڭچىلەرنى كىيىملىرى بىلەنلا يوغان ئورىلارغا ئۈستىلەپ ياتقۇزۇپ كۆمگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، مۇرىلىرى تىترەپ، ياشلىق كۆزىنى يوشۇرمىغان:

— ھەربىر جەڭچىگە بىردىن گۆر كولاشقا ئىمكان يوق. ئۇرۇش...،- دەپ ئېغىر تىنغان كومىسسارمۇ يوق!

بەشئاتار مىلتىقىنى كۆكرىكىگە بېسىپ، دۈشمەننى نىشانلاپ ئاتقان ئىززۋۇد كاماندىرى-ھۆرمەتلىك دادامۇ يوق!

باتۇر جەڭچىلىرىمىز بىلەن «ھۇررا!!!» دەپ ئاتاكىغا ئۆتكەن، قەھرىمان سەپداشلىرىغا ئۆز قەلبىدە ئابىدە تىكلىگەن، بىزلەرگە ئېھتىيات بىلەن يەتكۈزگەن شاھىدلارمۇ يوق. بىز ئۇلارنى

تارىخ بەتلىرىدىن ئىزدەۋاتىمىز. مەقسەت: ئەۋلادىمىزغا ئۇلۇغ قەھرىمانلىرىمىزنى تونۇتۇش، قانلىق تارىختىن ساۋاق ئېلىشقا چاقىرىش!

بۇنىڭدىن 76 يىل بۇرۇن ئاق بوز ئېتىنى چاپتۇرۇپ، توقسۇن، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەنلەردە دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەسىز جەڭ قىلغان. جەڭ مەيدانىدا مەرتلەرچە ئۆلگەن قەھرىمانىمىز ئابدۇنىياز كامالنى ۋەتىنىمىزدىكى چولپانلىرىمىزنى تونۇيدىغان مىليونلارچە ئىنسانىنىڭ تونۇماسلىقى ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟

ئابدۇنىيازدىن 11 يىل كېيىن، جەڭ مەيدانىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇدان كۆتىرىپ، ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئاتقان سېستىرا -روشەنگۈلنى؛ ھەرەمباغ سوقۇشىدا ياش جېنى بەدىلىگە يارىدارلارنى قۇتقۇزغان رىزۋانگۈلنى؛ ئۆزى يالغۇز خىتاينىڭ ئۈچ پوتىيىنى پارتلاتقان زىخرۇللامنى... بىلىدىغانلار قانچىلىك؟

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا نازۇك قولىدا مىلتىق ئەمەس، دەپتەر-قەلەم كۆتەرگەن تۇرۇقلۇق، ئىنسان قوبۇل قىلغۇسىز خورلۇقتا ئۆلتۈرۈلگەن مەلىكە زىياۋۇدۇنىنچۇ؟

بۇ كىتاپتا ئۇيغۇر خەلق ئازادلىق ئىنقىلابى (1944- 1949) دەۋرىدىكى «مىللىي ئارمىيە» جەڭچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقى، ئۇرۇشتىن كېيىن، سىياسىي زۇلۇم ئاستىدىكى پاجىئەلىك كەچمىشلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. كىتاپ ئۈچ باپقا ئايرىلغان.

1 - باپ: دۈشمەن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالغان جايدىن باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، قورال، ئوق-دورا ئېلىپ كەلگەن ئەھمەت قاسىم بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى ۋە باتۇرنىڭ قىممەتلىك قولىيازمىسى.

2 - باپ: قاراسۇ (شىخو) سوقۇشىنىڭ سىياسىي كومىسسارى مەتىمىن ئۆمەرۇپ بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى. «مىللىي ئارمىيە» قوماندانلىرىنىڭ تىزىملىك ئارخىپ جەدۋىلى قاتارلىق ماتېرىياللار

بېرىلــدى.

جەڭلــەردە قەھرىمانلىــق بىلــەن دۈشــمەننى بىتچــت قىلغــان يىگىــت. قىــز جەڭچىلــەر ھەققــدە پاكىتلىــق بايــانلار؛ باتــۇر سېــستىرا قىزنىــڭ قەبرىســنى 14 يىــل ئىزدىگــەن رەسســامنىڭ بايانــى.

3 ـ بــاپ: يــاش، قەھرىمــان قومانــدان ئابدۇنىيــاز كامــال (1937ـ 1910) ھەققىدە مەلۇمات.

خوجىنىيــاز ھاجىنىــڭ «مەدەنىيــەت زور ئىنقىلابــى»دا خــارلاپ ئۆلتۈرۈلگــەن ئــەۋلادى ـــ شــائىرە مەلىكــە زىياۋۇدۇنىنــڭ ھاياتــى ۋە ئۆلۈمىنــى گۇۋاھچىلارنىــڭ ئىســپاتلىرى بىلــەن يورۇتقــان ئاخىرقــى ماقالــە.

بــۇ كىتابىمــدا ئــۇزۇن يىــللار داۋامــدا يىغىــپ ســاقلىغان، خەتەرگــە قارىمــاي چەتئەلگــە ئېلىــپ چىققــان ھۆججەت خاراكتېرلىــك ماتېرىيــاللار بــار. شــۇڭا، ئوقۇرمەنلەرگــە تېــزراق يەتكۈزگــۈم بــار ئــىدى. مانــا ئەمــدى ئاشــكارىلىيالىدىم. نېمــە ئۈچــۈن؟ چۈنكــى، مــاڭا بــۇ قىممەتلىــك پاكىتلارنى يەتكۈزگــەن شەخســلەرنىڭ بىخەتەرلىكــى مېنــى ئاگاھلانــدۇردى. 20 يىــل ســاقلىدىم. كىتابىتىكــى پاكىتلارئارقىلىــق يېشــىلگەن ســىرلار يېقىنقى زامان تارىخىمىزغــا قىزىققۇچــى تەتقىقاتچىلارغــا ئوقۇرمەنلىرىمگــە ماتېرىيــال مەنبەســى بولــۇپ قالــدۇ، دەپ ئىشــىنىمەن.

يازغانلىرىــم ئۆتمــۈش. ئەممــا، رومــان ياكــى ھېكايــە ئەمــەس. ۋەتىنىمىزنىــڭ ئازادلىقــى ئۈچــۈن مۇرەسســەســىز كــۈرەش قىلغــان قەھرىمانلىرىمىزنىــڭ پاكىتلىــق ئۆتمۈشــى. مەڭگــۈ جىمجىــت تۇرىدىغــان ئۆتمــۈش ئەمــەس. زېرىككەنــدە ۋاراقلايدىغــان مەنىســىز ئالبومــۇ ئەمــەس!

سەلىمە ئا. كامال

2022 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سېدنىي.

# INTRODUCTION

I am very glad to introduce the book “Who is Uyghur Chapayev?” authored by a prominent talented journalist and writer Selime A. Kamal. The book contains a series of essays united by one common theme: all of them depict unknown or less-known stories about the Uyghur batyrs (heroes), who courageously and heroically fought for freedom and independence of the Eastern Turkestan Republic (ETR, 1944 -1949) and later suffered from political repressions of the Chinese Communist regime.

History of the Eastern Turkestan Republic established on the territory of three districts of Ili, Altay and Tarbagatay in 1944 and existed until the Communist takeover in late 1949 has been studied in the historiography of various countries, although interpreted differently. Many historians consider its history through the lens of the role of great powers, which were involved in the political developments in the region, such as China, the Soviet Union, the USA and Great Britain. Thus, they examine the history of ETR within the framework of the “great game” paradigm. The latter implies that the situation in Eastern

Turkistan was determined exclusively by the policy of great powers for dominance and influence in this region, while Uyghurs and other Muslim peoples of Eastern Turkistan were just mere pawns on a chessboard, on which the game was played off by great powers. Such an approach creating one-sided essentialized representation of the historical past is opposed by another view, according to which local peoples were also important independent actors of historical processes and used contradictions between the great powers for their own interests. This approach comprises a basis of the Uyghur national historiography. It is demonstrated in the works

of the Uyghur authors who could express it in some history works, but mainly in the fiction, due to China's ideological restrictions and censorship. These works included, but not limited to, the book "The Uyghurs" by Turghun Almas and the trilogy "Ana Yurt" (Motherland) by Zordun Sabir. The latter described the events in Eastern Turkestan in the 1940s and can be compared with the epic novel "War and Peace" of the Russian writer Leo Tolstoy.

Another feature of the works on the history of ETR is that they tell the story through the prism of famous historical figures. We are well aware of the meritsof such outstanding figures as Gheni Batur, Fatikh Batur etc. , who demonstrated heroism during the people's uprising against the Guomindang in Ili, or activities of members of the ETR government, primarily Alikhän tore and Akhmetjan Kasimi and their political opponents "three effendis" (uch äpändi) and others prominent political leaders. This is a common approach to narrating about the past through the prism of the life of "big men. " Meanwhile, history is made not only by prominent figures, but also by ordinary people, most of whom remain in the shadow of history. For example, out of huge number of combatants, soldiers and officers of the ETR National Army migrated to Soviet Central Asian republics (Kazakhstan, Kyrgyzstan, Uzbekistan) in the 1950-60s, only a small group left their traces in the intellectual life of Central Asian Uyghurs (Zunun Teipov, Ziya Sämädi, Mäsimjan Zulpiqarov etc. ). Obituaries to the death of late soldiers and officers of the ETR National army on the pages of the Uyghur newspapers "Uyghur avazi", "Yengi hayat", "Yengi zaman", "Ittipaq" (Bishkek) etc. show how big was a number of ordinary actors of political and military events on the territory of three rebellious districts. Nemours Uyghur heroes of the ETR did not leave their homeland and have been repressed during the Communist rule. They were voiceless eye-witnesses of the heroic epoch in the history of Eastern Turkistan of the 1940s.

I made such an extensive literary digression intentionally to outline particular traits of the book "Who is Uyghur Chapayev?" by Selime A. Kamal. Outstanding contribution of the author is that she has collected the life stories of little-known warriors of the nation-

al-liberation movement of the Uyghurs and resistance to Chinese rule in their homeland. With the exception of essays about young Uyghur girl Rizvangul, who died in the first years of the war with the Guomindang army and Gheni Batur's exile to Ganzhou, all others introduce unknown stories of ordinary Uyghurs who demonstrate heroism in war time and afterwards. At the same time, even to the stories about Rizvangul and Gheni Batur Selime A. Kamal was able to find particular angles of discussion.

As a talented journalist, a remarkable connoisseur of artistic expression, SelimeA. Kamal turns historical stories into literary narrative. The essays related in the book are not just historical stories as a genre of literature. They are documented stories that can be seen both from the content of the essays (exact dates, detailed stories about battles, etc. ) and the illustrative materials (documents, manuscripts belonging to the protagonists of stories, photographs, paintings, etc. ). Remarkable stories about the little-known pages of the history of Eastern Turkestan, based on interviews of eyewitnesses and documentary materials, make Selime A. Kamal's essays close to Oral history, respectively a new field in the modern history writing process. The author successfully managed to capture essential aspects and episodes of the past vanishing with the death of participants and eyewitnesses of historical events of the recent past.

The title of the book "Who is the Uyghur Chapayev?" is at the same time a title of the first essay. This title is applied to the entire book not by accident, since it contains a lot of hidden meanings. Chapayev was a legendary hero of the Civil war in Russia (1918-1920), who was distinguished by courage, bravery and determination. According to the popular story, Chapayev downed in the river Ural under the bullets of the White Guards when he tried to escape their attack. Selime A. Kamal' first essay relates about Ehmed Qasim, a soldier of the ETR National Army who he decisively broke through the position of superior enemy troops in the car having only a rifle with three bullets, thus executing the task assigned to him: to deliver a secret letter from the military headquarter to F. Leskin's regiment in the Qorghas-Losigong frontier area. For this courage Ehmed was named "Uyghur Chapayev. " Glorious past and

heroism of Ehmed Qasim are told through the lens of his dramatic destiny in the first decades of the Communist rule. We learn that in the 1950s in the course of political campaigns, he was arrested and put in jail. His wife was forced to throw away all his awards (orders and medals) to avoid persecutions. Another tragedy befell his family when he was in prison: his wife was persuaded by a stranger to give him a baby, their youngest son, as she was afraid that her children would die of hunger. Parents searched for their lost son until their death. Heroism, tragedy of the people's and personal drama entangled in the fate of one individual.

The second essay "Political commissar of the Shiho (Qarasu) battle, educatorMemtimin Omerof" relates about a head of political department of the #1 Suidung cavalry regiment Memtimin Omerof and gives detailed depiction of the Shiho battle, resulted in the death of 711 Uyghur soldiers and officers. Memtimin organized the burial of all those victims. Later Memtimin also fell victim to the political campaigns of the struggle against the leftists and local nationalists in 1957 and was sentenced to 15 years of imprisonment. However, during the "cultural revolution" when his term was over, he was not released. He was only released in 1976. In 1984, Memtimin established and directed the "Ili social college" for children from poor families. Memtimin wrote his recollections about Ahmetjan Qasimi and published parts of them in the journals. He made efforts to get permission to construct a monument to those who died in the Shiho battle, but failed. Only after his death, in 2011, his followers, teachers from Shiho, were able to implement his desire and construct the monument devoted to 711 dead soldiers.

The essay "Two leafs, two flower buds" narrates about several young heroes of the ETR National Army – Abduniyaz Kamal (1910–1937), Zehrulla Nadirof (1924–1962), both awarded the ETR "Liberation" medals, about young female heroine Roshengul Shavket (1928–1945) and examines the works published on military nurse Rizvangul (1926–1944), who died in the battle for Jing.

Another essay addresses a dramatic episode of the life of the ET national hero Gheni Batur related to his exile to Lanzhou during the

1950s. As it is well known, Gheni Batur escaped from repressions migrating to Soviet Kazakhstan where he lived until his death.

Interesting story of the search for the young female hero of war by the Uyghur artist who dedicated many of his paintings to the Ili revolution is the subject of a special essay.

The last essay of the book tells about tragic story of Malika (1938-1970), a descendant of Hoja Niyaz, a leader of the rebellion in Qomul of the 1930s. Malika was humiliated and killed during the "cultural revolution."

All essays included in the book are based on documentary materials collected by Selime A. Kamal during her work in the editorial board of the newspaper "Shinjang geziti" (Xinjiang gazette). They are results of the long-time investigation and research. Interest of the author in recent history, especially that of ETR , is not accidental. I would say that Selime A. Kamal's own biography can also be seen as a part of the theme addressed in all essays. She was born in Ghulja, the capital city of the Eastern Turkestan Republic, grew up in the family of the warrior of the ETR National Army, went through the period of repressions of the 1950-1960s and the "cultural revolution" of 1966-1976 and lived in the city of Urumchi until 2005.

Let us look at the main facts of her biography. Salima A. Kamal was born on June 26, 1952 in the city of Ghulja in the family of Abdulhak A. Kamal, an officer of the army of the Eastern Turkestan Republic. It should be mentioned here that she belongs to a big clan of Kamals, many representatives of which were prominent figures in the history of Ili and Semirech'ie. Besides her father, some other relatives played an eminent role in establishing the ETR . Among them were Abdumuta'ali Helpem Kamal, the younger brother of her grandfather, who held a position of Minister of Religious Affairs in the ETR government. Her uncle Abdulbaqi A. Kamal was an officer of the ETR National Army and lived in Kyrgyzstan until his death.

Selime A. Kamal graduated from the school "Uzbek namu-

na maktep" in Ghulja. In 1970, during the "cultural revolution," she was sent to the village of Sarbulak in the Khorgas district as part of punishment during a political campaign of "reeducation of intelligentsia. " In 1972, she entered drama group of the Department of Culture in Urumqi. In 1973, Selime A. Kamal began her professional career in the Uyghur editorial office of the newspaper "Shinjang geziti" in the position of a secretary. After having received the specialty "journalist" (1985), for a long time, she was an executive editor of the special department of the Editorial board of the newspaper. During her work in the editorial office (until 2005), she published more than 200 articles on the life of Uyghur people. Her literary works have been awarded many times: in 1991-1992, some of them got first place in the competition at the Uyghur region scale. In 2002, Selime A. Kamal became a winner of the Khan Tengri literary award: she was the only female journalist who received this award for the entire period of its existence (until 2015). In 2005, her article "Khaji akbarning tatqiqat natijiliri" received the highest award of the Academy of Social Sciences of the Uyghur region. At the invitation of the regional TV Station, the Ili Pedagogical University, local schools and organizations, Selime A. Kamal gave a series of lectures on Uyghur culture and society. In 2001, she opened an "English corner" in Urumqi. About 30 articles written by Salima A. Kamal were published in the Uyghur journals "Shinjang täzkirichiligi," "Tängritag," "Shinjang madaniyiti", "Ili tarih materialliri" and others.

Since 2005, Selime A. Kamal has been living with her family in Sydney, Australia, where she also demonstrated hardworking skills and enthusiasm. In 2006, she opened the Uyghur Sunday school "Umut" in Sydney. She continues to publish her articles on Uyghur literature and culture in Turkey, France, and the USA. Selime A. Kamal is author of the following books: "Gherip shivaqlar," (Urumchi, 2003), "Okeaniyada Uyghur sadasi" (Istanbul, 2017), "Yusup Khas Hajip Uyghurning ozidur, "Qutadğu bilik" - sözidur" (Istanbul, 2021), teaching manuals "hemmimizning güzel anisi. Ottura mektepler uchun til-edebiyat ders ölchimi" (Urumchi, 2006), "Ular 5- ottura mektepning qizliri idi" , "shanliq izlär" (Urumchi,

2006).

A new book by Salima A. Kamal "Who is the Uyghur Chapayev?" is a significant contribution to both Uyghur literature and history. The essays of the book will be interesting for a wide range of readers. I am sure that the book will become an important source of information for those who are interested in the recent history of Uyghurs and the Second Eastern Turkestan Republic. Historians can use life stories recorded and narrated by Selime A. Kamal for writing political, social and intellectual history of the Uyghurs and their homeland. I very much believe that Selime hede has much more knowledge on the Uyghur culture and history she could share with us in the near future! For that, I wish her good health and longevity!

Ablet Kamalof
Doctor of History,
Professor of Turan University,
Almaty, Kazakhstan

# كىتابنى تونۇشتۇرۇش

مەن «ئۇيغۇر چاپايېۋ كىم؟» ناملىق بۇ كىتاپنى تونۇشتۇر-غىنىمدىن تولىمۇ خوشالمەن. داڭلىق ۋە تالانتلىق ژورنالىست، يازغۇچى سەلىمە ئا. كامال يازغان بۇ كىتابقا ئورتاق تېما ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلگەن بىر نەچچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ 1944 - 1949-يىللاردىكى مۇستەقىللىق، ئازادلىق ئىنقىلابىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان، ئەمما، ئۇنتۇلغان ياكى ئانچە تونۇلمىغان باتۇرلىرى ھەققىدە ئاجايىپ تەسىرلىك ۋاقەلەر، كېيىنكى يىللاردا جوڭگو كومپارتىيەسىنىڭ سىياسى باستۇرۇشىدا تارتقان ئازاپلىرى، ئېچىنىشلىق ھاياتى پاكىتلىق بايان قىلىنغان.

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ، يەنى، 1944 - يىلى ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا قۇرۇلغان ۋە 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بېسىۋالغانغا قەدەر مەۋجۇت بولغان جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىنى باشقىلارنىڭ بايانلىرىغا ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەن. نۇرغۇن تارىخشۇناسلار بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىنى جوڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تەرەققىياتىغا قاتناشقان چوڭ كۈچلەرنىڭ رولى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كەلدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىنى «چوڭ ئويۇن» ئەندىزىسى دائىرىسىدە تەكشۈردى. يەنە بەزى تارىخچىلار بولسا، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلار ۋە تەسىر كۆرسەتتۈاتقان چوڭ كۈچلەرنىڭ سىياسىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا

مۇسۇلمان خەلقىنىڭ پەقەت شاھمات تاختىسىدىكى پىيچكا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چوڭ كۆچلەر بىلەن تارىخنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا «ماھىيەتلىك ئىپادىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»تەك بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوخشىمىغان قاراشتىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى تەبىئىي. بۇ قاراشقا ئاساسەن، يەرلىك خەلق تارىخىي جەرياننىڭ مۇھىم ۋە مۇستەقىل گۇۋاھچىلىرىدۇر. چوڭ دۆلەتلەر بولسا، ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قوللانغان. بۇ خىل ئۇسۇل ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاساسى. جوڭگونىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋىي چەكلىمىسى، قاتتىق تەكشۈرۈشلىرى سەۋەبلىك بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە، ئاساسلىقى، پەقەت ئەدەبىي ئۇسلۇبتا (توقۇلما ئارقىلىق) ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە نامايەن قىلىنغان. بۇ تۈرگە ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدۇر. «ئانا يۇرت» 1940 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، رۇسىيە يازغۇچىسى لېۋ. تولستويىنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار داڭلىق شەخسلەرنىڭ كەچمىشى ئارقىلىق تارىخ يازىدۇ. بىز غەنى باتۇر، فاتىخ باتۇر قاتارلىق مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ ئىلىدىكى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ، يەنى «ئىلى ئىنقىلابى» جەريانىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى، ئاساسلىقى، ئەلىخاننىڭ رەئىسلىكتىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى، ئەھمەتجان قاسىمى ۋە بارلىق ئەزىمەتلەرنى ئوبدان بىلىمىز. سىياسىي ئۆكتىچىلەر، «ئۈچ ئەپەندى»لەر، كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىي رەھبەرلەر، يەنى، «كاتتا كىشىلەر»نىڭ ھايات كەچمىشلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈشنى بايان قىلىش تەتقىقاتچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئۇسلۇبى. تارىخنى پەقەت كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرلا ئەمەس، بەلكى ئاددىي كىشىلەرمۇ يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تارىخنىڭ سايىسىدا قالدى. مەسىلەن: شەرقىي

1960 - 1950 - يىللاردا سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانغا كۆچتى. (زۇنۇن تېيىپوۋ، زىيا سەمەدى، مەسۇمجان زۇلپىقاروف قاتارلىقلار. )

«مىللىي ئارمىيە» ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا شېھىد بولغانلىقى، ھايات قالغانلىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قانداق ياشاپ، قانداق ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ «ئۇيغۇر ئاۋازى» «يېڭى ھايات» ، «يېڭى زامان» ، «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ بەتلىرىدە قانچە قېتىملاپ ئېلان قىلىنغانلىقى بىزگە مەلۇمدۇر. ئىنقىلاب پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەتتە ئازادلىق تۇغىنى تىكلىگەن يەنە بىر قىسىم مەشھۇر سىياسى، ھەربى رەھبەرلەر، مەشھۇر قەھرىمان جەڭچىلەر ۋەتىنىدىن ئايرىلمىدى. كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى قاتتىق باستۇردى. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» تارىخىي دەۋرىنىڭ ئاۋازى تۇنجۇقتۇرۇلغان باتۇر شاھىدلىرىدۇر.

مەن «ئۇيغۇر چاپايېۋ كىم؟» ناملىق كىتاپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن قەستەن يۇقىرىقى كەڭ مەزمۇنلۇق تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشلەردە ئەدەبىي چېكىنىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

ئاپتور سەلىمە ئا. كامالىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قانلىق كۈرەشلەرگە قاتناشقان، قان ۋە جان بەرگەن، ئەمما، تونۇلمىغان، ھەتتا، تامامەن ئۇنتۇلغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ھايات قالغانلىرىنى ئىزدەپ تاپقان، كەچمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن. ئاپتور ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئەھۋالى، ئۇرۇشتا ئاجايىپ قەھرىمان بولغىنى ئۈچۈن غەنى باتۇر ئاتالغان مەشھۇر شەخسنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن خىتاي شەھرى - لەنجوغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، ھەرەمباغ سوقۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان 19 ياشلىق رىزۋانگۈل توغرىسىدا مۇھىم تولۇقلىما يەتكۈزىدۇ. بۇ

ئۇچۇرلار بىلەن رىزۋانگۈل، غەنى باتۇر تەتقىقاتىغا ئالاھىدە مەزمۇن قوشىدۇ. تېخىمۇ قىممەتلىكى، بۇ كىتابتا ئۇرۇشتا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن، باسقۇنچىلارغا باش ئەگمەي ياشىغان، ئەمما، نامى، ھاياتى سىر پېتىچە كۆمۈلۈپ قالغان، ئۇنتۇلغان باتۇرلارنى تونۇشتۇرىدۇ.

سەلىمە ئا. كامال تالانتلىق ژورنالىست، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى پىشقان قەلەمكەشتۇر. ئۇ تارىخىي ۋەقەئەلەرنى ئەدەبىي بايانغا ئايلاندۇرىدۇ. كىتابتىكى ماقالىلەر ئەدەبىيات ژانىرى سۈپىتىدىكى تارىخىي ھېكايىلەر، ۋەقەئەلەر ئەمەس، ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى، ئېنىق ۋاقتى، يىل، ئاي، كۈنلىرى؛ جەڭلەر توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار؛ سۈرەتلىك ماتېرىيال - ئارخىپلار؛ باش پىرسۇناژنىڭ قولىيازمىسى قاتارلىق مول ماتېرىياللاردىن پۈتكەن ھۆججەتلەردۇر. شاھىدلار ۋە ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئانچە تونۇلمىغان بەتلىرى توغرىسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ماقالىلىرى بىلەن سەلىمە ئا. كامال تارىخ يېزىشنى يېڭى ئۇسلۇپقا، يېڭى ساھەگە يېتەكلىدى.

«ئۇيغۇر چاپايېۋ كىم؟» بۇ كىتابنىڭ نامى ۋە كىتابتىكى تۇنجى ماقالىنىڭ ماۋزۇسىدۇر. بۇ ماۋزۇ نۇرغۇن يوشۇرۇن سىرلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولغاچقا، تەسادىپى قويۇلغان نام ئەمەس. پۈتۈن كىتابقا ماسلاشقان.

چاپايېۋ كىم؟ رۇسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش (1918-1920) نىڭ رىۋايەتلىك قەھرىمانى. ئۇ جاسارەتلىكلىكى، باتۇرلۇقى ۋە ئىرادىلىكلىكى بىلەن تونۇلغان ئالاھىدە شەخستۇر. چاپايېۋ توغرىسىدىكى مەشھۇر ھېكايىگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئارمىيەسىگە قورال يەتكۈزۈش ئۈچۈن دۈشمەن ئىشغالىدىكى جايغا بارغان. دۈشمەننىڭ ئوقى ئاستىدا ئورال دەرياسىغا چۈشۈپ كەتكەن قەھرىماندۇر.

سەلىمە ئا. كامالنىڭ بىرىنچى ماقالىسىدا شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئۇرۇشى باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئارمىيەگە قاتناشقان ئەخمەت قاسىم ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى سۆزلىنىدۇ. ئەھمەت

ئۈچ تال مىلتىق ۋە ئىككى سەبدىشى بىلەن ھەربى كۈچتە ئۈستۈن، مۇستەھكەم سېپىل ئۈستىگە ئورۇنلاشقان دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قوماندانىنىڭ مەخپى خېتىنى قورغاس - لوسىگوڭ چېگرىسىدىكى ف. لېسكىن پولكىغا يەتكۈزىدۇ. قورالالارنى باش شتابقا يەتكۈزىدۇ. خەتەرلىك شارائىتتا ھەربى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشتىكى باتۇرلۇقى ئۈچۈن قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭغا: «چاپايېۋ» نامى بېرىدۇ. مېدال تەقدىم قىلىدۇ.

كىتابتا ئەخمەت قاسىمنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى، قەھرىمانلىقى، كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقى يىللىرىدىكى ئېغىر كۈنلىرى، پاجىئەلىك كەچمىشى سۆزلەنگەن. 1950 - يىللاردىكى سىياسىي باستۇرۇشلاردا ئۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇششاق بالىلىرى بىلەن قالغان ئايالى سىياسىي زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئۇرۇشتا قازانغان تۆت دانە مېدالىنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەھمەت قاسىم تۈرمىدىكى چاغدا ئاچلىق، كېسەللىكتىن بىر بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن. باشقا بالىلىرىنىڭمۇ مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئانا كىچىك ئوغلى تۇرسۇنمۇھەممەتنى بىركىشىگە بېرىۋەتكەن. بۇ ئاتا - ئانا ئەشۇ بالىسىنى بىر كۆرۈشنى ئارمان قىلىپ ھەسرەتتە ياشىغان، تاپالمىغان.

ئاجايىپ قەھرىمانلىق، چىدىغۇسىز پاجىئە-باتۇرنىڭ قەدىرسىز تەقدىرى بولۇپ قالغان.

ئىككىنچى ماقالە: شىخو (ئەسلى نامى قارا سۇ) ئۇرۇشىنىڭ سىياسى كومىسسارى، سۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى پولك كاماندىرى، مائارىپچى مەتىمىن ئۆمەرۇف بىلەن بولغان سۆھبەتتىن باشلىنىپ، شىخو جېڭى تەپسىلى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۆمەرۇپ بۇ جەڭنىڭ سىياسى كومىسسارى ۋە شېھىد بولغان 711 باتۇر ئوفىتسىر - ئەسكەرنى قەبرىگە قويۇشقا مەسئۇل كىشىدۇر. ئۇ 1957 -يىلى ئوڭچىلارغا ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش سىياسىي بوھرانىنىڭ قۇربانى قىلىنغان. 15 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇنىڭ جازا مۇددىتى توشقان بولسىمۇ قويۇپ

بېرىلمىگەن. 1976 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن.

شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن سابىق كومىسسار پىداكار مائارىپچى غوپۇر زاھىر بىلەن ھەمكارلىشىپ، نامراتلىقتىن مائارىپسىز قېلىۋاتقان باللار ئۈچۈن «ئىلى ئىجتىمائىي تېخنىكوم» مەكتىپىنى ئاچقان. ئۇ يەنە ئەھمەتجان قاسىمى ھەققىدە ئەسلىمە يېزىپ، بىرقىسىمىنى ژورناللاردا ئېلان قىلغان. شىخو (قاراسۇ)سوقۇشىدا جېنىنى بەرگەن 711 باتۇرنى دەپنە قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ئۇلار ئۈچۈن ئابىدە تىكلەش پىلانى تۈزۈپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، تەستىق ئالالمىغان. ئۇ ئارمان بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنى، 2011 - يىلى ئۇنىڭ قولىغۇچىلىرى ۋە قارا سۇ (شىخو)دىكى مىللەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئارمانىنى ئورۇندىغان.

«ئىككى يوپۇرماق، ئىككى غۇنچە» تېمىسىغا كەلسەك، بۇ كىتابتىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن. شەرقىي تۈركىستان «مىللىي ئارمىيە»سىنىڭ بىرقانچە قەھرىمانلىرى:

«ئازادلىق ئوردېنى» ساھىبى—زىخرۇللام نادىروف (1962 -1924)؛

قەھرىمان سېسترا قىز-روشەنگۈل شاۋكەت (1945 ــ *1928)؛

«باھادىرلىق مېدالى» ساھىبى ــ قەھرىمان سېسترا - رىزۋانگۈل ھاشىم (1944 ــ 1926)؛

ئاتلىق قوماندان - ئابدۇنىياز كامال (1937 -1910) مەھمۇد مۇھىتى چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن، چېچىلغان ئەسكەرلەردىن ئاز بىرقىسمىنى تەسلىكتە يىغىپ، دۈشمەن بىلەن ئۆلگىچە ئېلىشقان قوماندان.

ئابدۇنىياز «مىللىي ئارمىيە»تەشكىللىنىشتىن ئون يىل بۇرۇنقى باتۇرىمىز.

مەلىكە زىياۋۇدۇن ــ (1970 ــ 1938) كىتابنىڭ ئاخىرىدا

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قۇربانى.

مەلىكە زىياۋۇدۇن ھەققىدە بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ نەۋرىسى بولغانلىقى، ۋىجدانلىق شائىرە، داڭلىق سەنئەتكار بولغانلىقى ئۈچۈن خارلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شەرقىي تۈركىستان «مىللىي ئارمىيە»سىنىڭ قەھرىمانى غەنى باتۇر توغرىسىدىكى ماقالىدە خىتاي شەھىرى ــ لەنجوغا سۈرگۈن قىلىنغان كۈنلەردە باتۇرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن دراماتىك بىر بۆلەك سۆزلەنگەن. ھەممىگە مەلۇم، غەنى باتۇر سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قازاقىستانغا كۆچۈپ كېلىپ، ۋاپات بولغىچە شۇ يەردە ياشىغان. باستۇرۇشتىن قۇتۇلغان.

موي قەلەمنى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىنقىلابى»غا بېغىشلىغان رەسسام؛

بىر ياش رەسسامنىڭ 17 ياشلىق قەھرىمان سېستىرا قىزنىڭ قەبرىسىنى 14 يىل ئىزدىشى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بايانلار ماقالىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى سەلىمە ئىنا. كامالنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە توپلىغان ھۆججەت خاراكتېرلىق ماتېرىياللار بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىزدىنىش، تەكشۈرۈش، تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى. ئاپتورنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى تەسادىپى ئەمەس. مەن ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى بارلىق ماقالىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان تېمىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاپتور «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پايتەختى ــ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. «مىللىي ئارمىيە» ئىزۋود كاماندىرى، ئاقسۇ فرونتىدا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان ئەسكەرنىڭ قىزى. (كىتاپتىكى ــ ئىزۋود كاماندىرى دادام ئاقسۇ فرونتىدا ــ غا قاراڭ) 1960 ــ 1950 - يىللاردىكى سىياسىي باستۇرۇشلارنى ۋە 1966-1976

- يىللاردىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى باشتىن كەچۈرگەن. 1972 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە ئۇرۇمچىدە ياشىغان. ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىدىكى ئاساسلىق پاكىتلارنى كۆرۈپ باقايلى:

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى «مىللىي ئارمىيە» غۇلجا شەھىرىدە (26/06/1952 سەلىمە ئا. كامال بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى)، ئوفىتسېرى ئابدۇلھەق ئا. كامالنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئۇ كامالىلار چوڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋەكىللىرى ئىلى ۋە يەتتىسۇ تارىخىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر ئىدى. ئاپتورنىڭ دادىسىدىن باشقا شەخسلەرمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. جۇمھۇرىيەت دىنىي ئىشلار مىنىستىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپىتىم بولسا، ئابدۇۋەلى كامال بوۋىسىنىڭ ئىنىسىدۇر. ئاپتورنىڭ تاغىسى ئابدۇلباقى ئا. كامال «مىللىي ئارمىيە»نىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ، كېيىن قىرغىزىستاندا ياشىغان، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

سەلىمە ئا. كامال غۇلجا «ئۆزبېك مەكتەپ»نى پۈتتۈرۈپ، 1970 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيالىلارنى قايتا تەربىيەلەش جازا سىياسىتى تەسىرىدە قورغاس ناھىيە ساربۇلاق يېزىسىغا كەتكۈزۈۋېتىلگەن.

ئۇ 1972 - يىلى ئاپتونۇم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ دراما گۇرۇپپىسىغا ئىمتىھان بېرىپ، قوبۇل قىلىنغان ۋە مەڭگۈ ئېتىزدا ئىشلەشتىن مۇشۇ ئامال بىلەن قۇتۇلغان. 1973- يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە كاتىپلىق قىلغان. 1985 - يىلى ژورنالىزم كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، ئالىي مۇھەررىر، «زىيارەت ۋە مۇلاھىزە» بېتىدە مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇب - شىمالىنى كېزىپ مۇخبىرلىق قىلغان. 2005 - يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىي- ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئالىم - ئالىمەلىرىنى،

خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، خوشاللىقى، دەرت-ئەلەملىرىنى قەلەمگە ئالغان ئاخبارات ئەسەرلىرى 200 پارچىدىن ئاشقان. «چۇقان» قاتارلىق بىر نەچچە ماقالىسى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە مۇكاپاتلانغان. 2002 - يىلى ئۇنىڭ «يۇرت ئوغلى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ھەمدە بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئايال ژورنالىست بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ «ھاجى ئەكبەرنىڭ دورىگەرلىك ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى» تېمىلىق ماقالىسى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «ئالاھىدە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ تىلشۇنىزىيە ئىستانىسسى، «ئىلى پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى»، ئوتتۇرا مەكتەپلەر، يېزىلاردا تەكلىپ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇيغۇر تارىخى، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىم؟»، «شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتى»، «ئاۋۋال ئانىلارنى ئاسرايلى»، «غايىنى يۇرەكلىك تاللاڭ»... قاتارلىق تېمىلاردا لېكسىيەلەر سۆزلىگەن. 2001 -يىلى ئۇرۇمچىدە «ۋىسال ئېنگلىس كورنىر»نى ھەقسىز ئاچقان.

ئۇ يازغان 30 ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «ئىلى دەرياسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ ژورنىلى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»دا ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور 2005 - يىلى ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھرىدە ئائىلىسى بىلەن جەم بولغان. ئۇ مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى، سۆيگۈسى بىلەن 2006 - يىلى «سىدنىي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپ»نى ئاچقان.

سەلىمە ئا. كامال قەشقەردە، تۈركىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى... قاتارلىق تېمىلاردىكى 9 پارچە ئىلمىي ماقالىسى بىلەن قاتناشقان. بۇ ماقالىلەر تۈرك، فرانسۇز، خىتاي تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ يەنە تۆۋەندىكى كىتابلارنىڭ

ئاپتورى:

«غېرىپ شىۋاقلار» ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2003 - يىل.

«ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئانىسى» ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى. مائارىپ نەشرىياتى 2005 -يىل.

«ئۇلار 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىزلىرى ئىدى». «شانلىق يىللار» ئىلى نەشرىياتى 2006 -يىل.

«ئوكيانىيەدە ئۇيغۇر ساداسى» ئىستانبۇل 2017 - يىل.

«يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىدۇر، قۇتادغۇبىلىك - ئۇنىڭ سۆزىدۇر» 2021 -يىل ئىستانبۇل.

سەلىمە ئا. كامالنىڭ يېڭى كىتابى «ئۇيغۇر چاپايېۋ كىم؟» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تارىخى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە. بۇ كىتابتىكى ماقالىلەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى چوقۇم قىزىقتۇرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب ئۇيغۇرنىڭ ۋە ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىغا قىزىقىدىغانلار ئۈچۈن مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى بولىدۇ. تارىخشۇناسلار ئاپتور خاتىرىلىگەن، بايان قىلغان شەخسلەر كەچمىشىدىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەقلىي تارىخىنى قېزىش، تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدۇ.

مەن سەلىمە ھەدەمنىڭ پات ئارىدا بىز بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيەت- سەنئىتى، - مائارىپى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن! سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن!

ئابلەت كامالوف
تارىخ پەنلىرى دوكتورى.
تۇران ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى.
قازاقىستان. ئالماتا

# KITAPNI TONUSHTURUSH

Men «Uyghur Chapayev kim?» namliq kitapni tonushturghinimdin tolimu xushalmen. Dangliq ,talantliq jurnalist we yazghuchi Selime A. Kamal yazghan kitaptqa ortaq tëma astida birleshtürülgen bir nechche maqaliler kirguzulgen. ularning hemmiside Sherqi Türkistan Jumhuriyitining (ShTJ, 1944-1949) erkinlik we musteqilliqi üchün qehrimanlarche küresh qilghan,emma,untulghan, yaki, anche tonulmighan Uyghur baturliri heqqide ajayip tesirlik waqeler, këyin Jongguo Kompartiyisining siyasi basturushlirida tartqan azapliri,echinishliq hayati pakitliq bayan qilin'ghan.

Sherqiy Türkistan Jumhuriyitining, yeni 1944-yili Ili, Altay we Tarbagataydin ibaret üch rayonning ziminida qurulghan we 1949-yilining axirida xitay kommunist hökümiti besiwalghan'gha qeder mewjut bolghan jumhuriyetning tarixini bashqilarning bayanlirigha oxshimaydighan nuqtidin yorutup bergen. Nurghun tarixshunaslar Sh T J tarixini Jongguo, Sovët ittipaqi, Amërika we Engiliye qatarliq doletlerning Sherqiy Turkistanning siyasiy tereqqiyatlargha qatnashqan chong küchlerning roli arqiliq teswirlep keliwatidu. Shunga, ular «Chong oyun» (great game) endizisi da'iriside ShTJ ning tarixini tekshuridu. Yene beziler Sherqiy Türkistan weziyitining bu rayondiki hokümranlar we tesir körsitiwatqan chong küchlerning siyasiti teripidin belgilinidighanliqini , Sherqiy Türkistandiki Uyghur we bashqa musulman xelqlerning peqet shahmat taxtisidiki pechka ikenlikini körsitidu. Chong küchlerning tarixiy ötmüshni bir tereplimilik halda "mahiyetlik ipadisini barliqqa keltürüsh"tiki bu xil usulning oxshimighan qarashtiki tetqiqatchilarning qarshiliqigha uchrishi tebi'i . Bu xil qarashqa nisbeten, yerlik

xelq tarixiy jeryanlarning muhim, musteqil guwahchiliridur. Chong döletler ozliri arisidiki ziddiyetni öz menpe'eti üchün qollinidu. Bu xil usul Uyghur hazirqi zaman milliy tarixshunasliqining asasi. U Jongguoning siyasi-idiyiwiy cheklimisi we qattiq tekshürüshi sewebidin bezi tarixiy eserliride asasliqi, edebiy uslupta (toqulma arqiliq) ipadileshke mejbur bolghan uyghur aptorlirining eserliride namayan qilin'ghan. Bu eserler:Turghun Almasning «Ughurlar» namliq kitabi we Zordun Sabirning «Ana Yurt» namliq eserlirini oz ichige alidu. «Ana Yurt» 1940-yillardiki Sherqiy Türkistanda yüz bergen weqelerni teswirligen bolup, Rosiye yazghuchisi lëw. Tolstoyning «Urush we Tinchliq» namliq romani bilen sëlishturushqa bolidu.

SHTJ tarixidiki eserlerning yene bir alahidiliki shuki, ular dangliq tarixiy shexslerning pirizmisi arqiliq tarixni hëkaye qilidu. Biz Ghëni batur, Fatix batur qatarliq munewwer shexslerning Ilidiki gomindanggha qarshi qozghilang jeryanida qehrimanliq körsetkenliki, SHTJ hökümiti ezalirining siyasi pa'aliyetliri, asasliqi, Elixanning reisliktin elip tashlan'ghanlighini, Exmetjan Qasimni we barliq ezimetlerni obdan bilimiz. Siyasiy öktichiler «Uch Ependi» we bashqilar, közge körün'gen siyasiy rehberler,yeni, «katta kishiler»ning hayatidiki pirizma arqiliq ötmüshni bayan qilish tetqiqatchilarning ortaq usuli.

Tarixni közge körün'gen shexslerla emes, belki addiy kishilermu yaritidu. Ularning köpinchisi tarixning sayisida qaldi. Mesilen, SHTJ Milliy armiyisining jengchiliri, eskerliri we ofëtsirliri 1950-60-yillarda sowëtning ottura asiyadiki jumhuriyiti Qazaqistan, Qirghizistan, Ozbëkistan' gha köchüp kelgen bolup, peqet az bir qisim kishilerla wetende izini qaldurghan. (Köchüp ketkenler: Zunun Tëyipow, Ziya Semedi, Mesimjan Zulpiqarof qatarliqlar).

SHTJ Milliy Armiyisining ofitsër-eskerlirining wapat bolushidiki köz qarashlar Uyghur gëzitliri: «Uyghur awazi» , «Yëngi heyat» , «Yëngi zaman» , «Ittipaq» (Bishkek) qatarliq gezit betliride körsitip bërildi. Inqilap partlighan Uch tërritoriyediki siyasiy we herbiy pa'aliyetlerning meshhurliri, SHTJ ning Uyghur qehrimanlirining wetinidin ayrilmighanlirini xitay kommunistliri qattiq

basturdi. Ular 1940-yillardiki Sherqiy Türkistan qehrimanliq dewrining awazi tunjuqturulghan batur shahidliridur.

Men «Uyghur Chapayëv Kim?» namliq kitabning alahidiliklirini bayan qilish üchün qesten yuquriqi keng mezmunluq edebiy chëkinish uslubini qollandim. Aptor Selime A. Kamalning körünerlik töhpisi shuki, u Uyghurlarning milliy azadliq herikiti izlirini we ularning wetinidiki Xitay hökümranliqigha qarshi inqilap Jeryanida qan we jan bergen,emma, tonulmighan,hetta tamamen untulghan jengchilerning hayat qalghanlirini izdigen. Pakit toplighan. Kechmishlirini oz aghzidin anglap xatiriligen. Aptor Urushning deslepki yillirida gomindang armiyisining ehwali,urushta ajayip qaram,-jasaretlik bolushi bilen Gheni Batur atalghan ulugh qehrimanning Urushtin keyin Lenjougha sürgün qilinishi; Herembagh soqushida qurban bolghan 19 yashliq sestra Rizwangulning qurban bolushi toghrisidiki yengi uchurlarlar bilen bu qehrimanlar ustidiki tetqiqatqa alahide mezmun qoshqan.

Teximu qimmetligi, urushta we urushtin keyinki yillarda basqunchilargha bash egmey yashighan. Emma, nami, hayati sir petiche komulup qalghan baturlarni tonushturidu.

Salima A. Kamal talantliq jornalist, bedi’iy ipadilesh mahariti pishqan bir qelemkeshtur. U tarixiy waqelerni, tarixiy hëkayilerni edebiy bayan’gha aylanduridu. Kitaptiki maqaliler edebiyat zhaniri süpitide tarixiy hëkayilerla emes. Ëniq chëslasi, waqti, orni, yil-ay-kuni, jengler toghrisidiki tepsilatlar; suretlik material we arxiplar, bash pirsunajning qolyazmisi… qatarliq mol materiyallardin putken bir hojjettur. Shahitlar we höjjetlik matëriyallarni asas qilip, Sherqiy Türkistan tarixining anche tonulmighan betliri toghrisidiki kishining diqqitini tartidighan maqalilar bilen Selime A. Kamal tarix yëzishni yëngi uslupqa yeteklidi. Chunki, Aptor muweppeqiyetlik halda ötmüshtiki muhim ishlar we qismetlerni qatnashquchilarning ölümi, yëqin ötmüshtiki tarixiy weqelerni öz közi bilen korguchilerning guwahliqini qolgha chüshürgen.

«Uyghur Chapayëw Kim?», hem kitabning ismi, hem birinchi maqalining mawzusi. Bu mawzu nurghun yoshurun menalarni, echilmighan sirlarni öz ichige alghan bolghachqa , pütün kitabqa

qollinilin’ghan.

Chapayëw Rosiyediki ichki urushning (1918-1920) riwayetlik qehrimani bolup, jasaret, baturluq we irade bilen alahide perqlen’gen shexs. Meshhur hëkayige qarighanda, Chapayëw oz armiyesige qoral yetkuzuwatqanda dushmenning hujumidin qutulmaqchi bolghan. Lekin, Aq gwardiyechilerning oqliri astida Ural deryasigha chüshüp ketken.

Selime A. Kamalning birinchi maqaliside SHT Azadliq urushi bashlan’ghan deslepki kunlerde «Milliy Armiye» eskiri bolghan Ehmet Qasimning qorqmas rohi, baturlughi bayan qilin’ghan. Ehmet keskin halda mashinidiki üch miltiq we ikki sebdishi bilen herbi kuchte kop ustun,mustehkem sepil ustige orunlashqan dushmen muhasirisini bosup otup, qomandanning mexpi xetini Qorghas-Losigong chegrisidiki herbiy qomandan F. Lëskin polkigha yetküzidu. Qoral-yaraqni shitapqa yetkuzidu. Bu jasaret üchün «Milliy armiye» qomandanliq shitabi Ehmetke «Chapayëw» degen namni we baturluq medalini teqdim qilidu.

Kitapta Ehmet Qasimning shanliq otmushi, qehrimanlighi, uning kommunst hökümranliqining zulmi astidiki pajielik hayati sözlen’gen. U 1950-yillardiki siyasiy basturushlarda qolgha ëlinip türmige tashlan’ghan. Kichik balilirí bilen qalghan ayali ziyankeshliktin saqlinish üchün erining urushta qazan’ghan 4 mëdalini tashliwëtishke mejbur bolghan. Ehmet Qasim türmidiki chaghda bir balisi achliq we keselliktin olup ketken. Yene bir balisiningmu oxshash sewep bilen olup ketishidin ensirigen ana kichik oghli Tursunmemetni bir kishige beriwetishke mejbur bolghan. Ata-ana eshu oghlini bir korushni arman qilip, hesrette yashighan, tapalmighan. Ajayip qehrimanliq, chidighusiz paji’e -baturning qedirsiz teqdiri bolup qalgha.

2- Maqale «Shixo (Qarasu) jëngining siyasiy komissari, Suydong1- atquchi polk kamandiri, maaripchi Memtimin Omërop bilen munasiwetlik bolup, Shixo jëngi tepsiliy teswirlinidu. Bu komandir azadliq uchun jenini bergen711 ofetsir-eskerni yerlikke qoyushni teshkilligen. U 1957-yili ongchi- yerlik milletchilerge zerbe berish siyasiy bohranining qurbanidur. U 15 yilliq qamaq

jazasigha höküm qiling'han. «Medeniyet inqilabi» mezgilide uning jaza mudditi toshqan bolsimu, qoyup berilmey, 1976-yili andin qoyup bërilgen.

1984-yili, Memtimin Omerop pishqedem maaripchi Ghopur Zahir bilen hemkarliship, namratliqtin maaripsiz qeliwatqan balilar uchun «Ili ijtima'iy texnikomi»ni qurup, mudirliqni ustige alghan. Memtimin Omerop Exmetjan Qasim heqqidiki eslimilirini yëzip, ularning bir qismini jornallarda elan qilghan. U Shixo urushida qaza qilghanlargha abide sëlishqa ijazet ëlish üchün tirishchanliq körsetken, emma, ruxset alalmighan. U wapat bolghandin këyin, yeni 2011-yili uning qollighuchiliri, shixodiki oqutquchilar bu armanini emelge ashurup, qaza qilghan 711 qehriman'gha bëghishlan'ghan abidini tikligen.

«Ikki Yopurmaq, Ikki Ghunche» temisigha kelsek, bu — kitaptiki yene bir muhim mezmun. SH T J «Milliy Armiye»sining bir qanche yash qehrimanliri:

«Azatliq Ordeni» sahibi-Zixrullam Nadirof (1924-1962);

Qehriman sestra qiz Roshen'gul Shawket (1928-1945);

«Bahadirliq Medali» alghan sestra qiz — Rizwan'gul Hashim. (1926-1944);

Aq atliq qomandan — Abduniyaz Kamal (1910-1937) bash qomandan Mehmut Muhiti che'elge ketkendin keyin, chechilip ketken eskerlerning az qismini yighip, dushmen bilen olgiche elishqan yash qomandan. («Milliy armiye»qurulushtin 10 yil burunqi urush.)

Melike Ziyawudun-Xojaniyaz Hajining ewladi, wijdanliq shaire, dangliq sen'etkar bolghanlighi uchun «Medeniyet zor inqilabi»da xarlap olturulgen.

Yene bir maqale SHT ning milliy qehrimani, Ghëni baturning 1950- yillarda Lenjougha sürgün qilinishi bilen munasiwetlik bolup, maqalida dramatic alahide bir waqelik sozlen'gen. Buningdin bashqa: Moy qelimini «Ili Inqilabi»gha beghishlighan bir yash ressamning qehriman sestra qizning qebrisini izdishi toghrisidiki qiziqarliq hëkaye qatarliqlar…

Kitabqa kirgüzülgen maqalilerning hemmisi Selime A. Kamalning «Shinjang gëziti»ning Uyghur tehrir bolumide muxbir, ali muherrir bolup ishlewatqan mezgilide toplighan höjjetlik matëriyallarni asas qilghan. Aptorning uzun mezgillik tekshürüsh we tetqiqatining netijisi.

Aptorning yëqinqi zaman Uyghur tarixigha qiziqishi, bolupmu, SH T J ning tarixigha qiziqishi tasadipi emes. Men Selime A. Kamalning terjimihalini barliq maqalilerde tilgha ëlin'ghan tëmining bir qismi dep qarashqa bolidu deymen. Chunki, u Sherqiy Türkistan Jumhuriyitining paytexti Ghuljada tughulghan, SH T «Milliy Armiye»ning jengchisi a'iliside chong bolghan, 1950-1960-yillardiki baylar, ziyalilarni basturush we 1966-1976-yilliridiki «Medeniyet Zor Inqilabi»ni bashtin kechürgen. 1972- 2005-yilghiche Urumchi shehiride yashighan.

Uning terjimihalidiki asasliq pakitlarni körüp baqayli. Selime A. Kamal 1952-yili 6-ayning 26-küni Ghulja shehiride Sherqiy Türkistan Jumhuriyiti armiyisining ofitsëri Abdulheq A. Kamalning a'iliside tughulghan. Bu yerde tilgha ëlip ötüshke tëgishliki shuki ,u Kamallar chong jemetige mensup bolup , ularning nurghun wekilliri Ili we Yettisu tarixidiki közge körün'gen shexsler idi. Dadisidin bashqa, bir qisim tuqqanliri SH T qurushta körünerlik rol oynighan. Ularning ichide SH T hökümitide diniy ishlar ministiri wezipisini ötigen bowisining inisi Abdumutaeli Kamalmu bar. Aptorning taghisi Abdulbaqi A. Kamal SH T Milliy Armiyisining ofitsëri bolup, wapat bolghuche Qirghizistanda turghan.

Selime A. Kamal Ghuljadiki «Ozbëk Nemune Mektëp»ni püttürup, 1970-yili «Ziyaliylarni Qayta Terbiyilesh»jaza siyasiti tesiride Qorghas nahiye Sarbulaq yëzisigha ewetilgen. 1972-yili u Urumchidiki «Aptonom rayonluq naxsha-ussul omiki»ning drama guruppisigha imtihan berip,qobul qilin'ghan. Etizda menggu ishleshtin bu amal bilen qutulghan. 1973-yili Selima A. Kamal «Shinjang geziti»ge yotkilip, gëzitining Uyghur tehrir bolumide katipliq qilghan. U imtihan berip, «Jrnalist»kespide oqighan. putturgendin (1985)keyin, uzun waqit gëzit tehrir bolumide muxbir,muherrir,ali muherrir, «Ziyaret we Mulahize» betining mes'ul muherriri wezip-

iliride bolghan. Sherqiy Turkistanning jenup-shimalini kezip,muxbirliq qilghan. 2005-yilning axirigha qeder Uyghur xelqining hayati, turmushi,qayghu-elemlirini we tebi'i- ijtimaiy pen sahesidiki alim-alimelirini qelemge elip, 200 parchidin artuq maqale ëlan qilghan. Uning eserliri köp qëtim mukapatlan'ghan: 1991-1992-yilliri, «Chuqan» qatarliq 3parche esiri gherbiy-shimaldiki 5 olke boyiche 1- bahalan'ghan. 2002-yili, Uning «Yurt Oghli» temiliq edebiy axbarati «Xantengri Edebiyat Mukapati>gha erishken. Bu netijisi bilen bu mukapatqa erishken birdinbir ayal jornalst bolup qalghan.

2004-yili uning «Haji Ekbarning tatqiqat natijiliri» namliq maqalisi Uyghur rayoni ijtima'iy penler akadëmiyisining «Alahide Mukapat»igha ërishken. U yene tëlëwiziye istansisi, ili pëdagogika unwërsititi, ottura mektepler we yezilarning teklipige bina'en kop qetim Uyghur tarixi, medeniyiti heqqide, «Yusup Xas Hajip Kim?», «Shexske choqunushning aqiwiti», «Awal Anilarni Yoleyli», «Ghayini Yureklik Tallang» qatarliq temilarda leksiyeler sozligen.

2001-yili Urumchide Wisal English Corner «Wisal English Tili Bulungi» achqan. Selime A. Kamalning 30 parche edebiy axbarati we tetqiqat maqalisi «Shinjang Tazkirichiligi», «Tengritag», «Shinjang Medeniyiti», «Ili deryasi», «Ili Tarix matiriyalliri»we bashqa jornallarda ëlan qilin'ghan.

Aptor 2005-yildin bashlap, a'ilisidikiler bilen Australianing Sydney shehride yashimaqta. U milletke bolghan soygusi we mes'uliyiti bilen 2006-yili «Sydney Umit Uyghur Ana Til Mektep»ni achqan. Mektep dawamlashmaqta.

Selime A. Kamal Qeshqerde,Türkiyede, Amërikida chaqirilghan ilmiy muhakime yighinlirighaUyghur tarixidiki meshhurlar,Uyghur maaripi,edebiyat- sen'iti we s medeniyiti toghrisidiki 9 parche ilmiy maqalisi bilen qatnashqan. Bu maqalilar Turk, Frans, Xitay tillirigha terjime qilinip,toplamlarda neshir qilin'ghan.

Selime A. Kamal töwendiki kitablarning aptori:

«Ghërip Shiwaklar»edebiy axbaratlar toplimi. Shinjang xelq ne-

shruyati. 2003-yil

«U Hemmimizning Anisi» Ottura mektep edebiyat dersligi. Maarip neshriyati 2005-yil.

«Ular5-Ottura Mektepninh Qizliri Idi», «Shanliq Yillar». 2006-yil neshiri.

«Okyaniyede Uyghur Sadasi» Istanbul, 2017- yil neshiri.

«Yüsüp Xas Hajip Uyghurning Ozidur, Qutadghu Bilik Uning Sozidur», Istanbul 2021- yil.

Selime A. Kamalning yëngi kitabi «Uyghur Chapayëv Kim?» Uyghur edebiyati we tarixi üchün muhim töhpe. Kitabning maqaliliri keng oqurmenlerni choqum qiziqturidu. Ishinimenki, bu kitab Uyghurlarning we ikkinchi Sherqiy Türkistan jumhuriyitining yëqinqi tarixigha qiziqquchilar üchün muhim uchur menbesige aylinidu. Tarixshunaslar aptor xatiriligen we elan qilghan baturlarning hayat hëkayilirini, Uyghurlar we ularning wetinining siyasiy, ijtima'iy we eqliy tarixini qezish, yëzish üchün ishlitidu. Men Selime hedemning yëqin kelgüside biz bilen ortaqlishidighan Uyghur medeniyiti we tarixi toghrisida tëximu köp bilimge ige ikenlikige ishinimen!

Buning üchün uninggha salametlik we uzun ömür tileymen!

**Ablet Kamalov,**
Tarix penliri doctori
Turan University Professori
Almaty, Kazakhstan

1. باپ

# «ئۇيغۇر چاپايوپ» كىم؟

ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاۋستىرالىيا ئەنزەك دەي يەنى، ئارمىيە بايرىمى.

(بۇ كۈن تولىمۇ داغدۇغۇلۇق خاتىرىلىنىدۇ. Australia Anzac day)

ئارمىيەنىڭ پارات مۇراسىمىنى كۆرۈشكە تۇنجى قېتىم 2007 - يىلى باردىم. ئاخىرقى قېتىممۇ شۇ! نېمىشقا؟

پارات باشلىنىشى بىلەن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوراللىرىنى كۆكرىكىگە چىڭ بېسىپ، ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار ياش ئەسكەرلەرئەمەس، چاقلىق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان، تاقىر بېشىنى تىك تۇتالماي قالغان، تىترەپ توختىمايۋاتقان، تومۇرلىرى كۆپكەن قوللىرىدا ھاسسا تاياقنى قامالاپ تۇتۇشقا

تىرىشىپ، ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەۋاتقان... ئەمما، كۆكرىكىگە تاقىغان قاتار-قاتار مېداللىرى بىلەن كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىتقىلى بولمايدىغان، ئۇنسىز جاكارلاۋاتقان ئاۋستىرالىيەنىڭ باتۇرلىرى- قەھرىمانلىرى - غازىلار قوشۇنى كەلمەكتە.

شۇ ئان خۇددى توپان بالاسى بېسىپ كەلگەندەك، كۆزلىرىمنى كەلكۈن بېسىۋالدى. غۇۋالاشقان كۆزلىرىمدە ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمەيۋاتىمەن. خىيالىممۇ كۆزۈمدەكلا غۇۋالىشىپ كەتتى، كۆزۈم كور بولغاندەك... كاللامنى ئاران يىغدىم. ھە، بىلدىم: كۆزلۈرۈم ئاۋستىرالىيە ئارمىيەسىگە قارىغان بىلەن، خىيالىم «مىللى ئارمىيە»گە، ئەشۇ يىللاردا قەھرىمانلىرىمىزنىڭ كۆكرىكىدە

چاقنغان مېداللارغا، غازىلىرىمىزنىڭ قان- جان بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك مېداللىرىنىڭ ئىنسان ئەقلى قوبۇل قىلغۇسىز پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە كەتكەن ئىكەن...

* * * *

بۇ يازمامدا نامى ئۇنتۇلغان بىر باتۇرىمىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ئاشكارىلىدىم. باتۇرىمىزبىلەن مۇڭداشقاندا 33 يىلدىن بۇيان يېشىلمىگەن يەنە بىر مۇھىم سىردىن تولۇق خەۋەردار بولدۇم. ئەمما، بۇ مۇھىم سىرنى مەن ھازىرچە ئاشكارىلىيالمايمەن. چۈنكى، بۇ ھەم ئالاھىدە، ھەم ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئەشۇ مۇناسىۋەتلىك شەخستىن ئىجازەت ئېلىشىم كېرەك...

* * * *

ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان كۈنلىرىم. 2002 - يىلى 5 - ئاي مەزگىلى ئىدى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى»نىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئۆيۈمدىن چىقىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا ئىشقا كېتىۋاتاتتىم. كۆل بويىدىكى گۈزەل مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن تېز مېڭىپ ئۆتۈۋاتسام بىرى ئارقامدىن چاقىردى. توختىدىم. ئۇ ئىككىنچى ھەدەمنىڭ ساۋاقدىشى، جېلىلىيۈزلىك مۇھەممىبانۇ خانىم ئىكەن. سالامدىن كېيىن ئۇ ماڭا:

— مەن سىزنى ساقلاۋاتقان ئىدىم. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان سىزنىڭ گېزىت-ژورناللاردا ئېلان قىلىۋاتقان ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. مەن بىلىدىغان قەھرىمان بىر جەڭچى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ۋە ھاياتىدىكى تراگېدىيىلىك ۋەقەلەر بار ئىدى. كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتقۇم يوق. سىزنى تاللىدىم. ئىككىمىز ئايرىم سۆزلەشسەك، — دېدى.

— بولىدۇ ھەدە! مېنى تاللىغىنىڭىزغا مىڭ رەھمەت!بۈگۈن كەچتە سۆزلىشەيلى. ھازىر ئىشقا ماڭدىم،-دېدىم.

ئىشتىن چۈشكىچە تەقەززا بولدۇم. ئۈستىلىمدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان ماقالىلارنى تەھرىرلىشىم كېرەك ئىدى. كاللامدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈشمىگەن مۇھىمبانۇ خانىم بىلەن كەچتە سۆزلىشىشتىن باشقا مەزمۇن يوق. مىڭ تەستە سەككىز سائەتنى توشقۇزۇپ، ۋەدىلەشكەن جايغا چاپتىم. ئۇ مېنى ساقلاۋاتقان ئىكەن:

— سىزگە ئېيتماقچى بولغان بىرىنچى خەۋەر: «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش يولىدا جەڭگە ئاتلانغان، قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. مەن ھازىر تونۇشتۇرماقچى بولغان جەڭچى- ئەشۇلار ئارىسىدىكى بىرى، يەنە كېلىپ ئائىلىدە قەھرىمان — غازىلاردىن بىرى، —دەپ باشلىدى ئۇ.

مەن خاتىرەمنى ئېچىپ، قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قالدۇرماي خاتىرىلىۋېلىشقا تىرىشتىم. يازمىنىڭ بېشىدا ئېيتقىنىمدەك، تۆۋەندە شۇ كۈنى بىلگەن، خاتىرىلىگەن بىرىنچى سىرنىلا ئاشكارىلايمەن. ئىككىنچى مۇھىم سىرنى ئەشۇ ھايات شەخس ئۆزى بەرىبىر ئاشكارىلايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

مۇھىمبانۇ ھەدە بىلەن تەستە خوشلاشتىم. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق «مۇھىم» بانۇ ئىكەن.

خەلقىنىڭ ئازاتلىقى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولغان قانلىق جەڭلەردە نۇرغۇن باتۇرلىرىمىز قۇربان بولدى. ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئەينى زامان تارىخىمىزغا نامى يېزىلغان غازىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. ئەنە شۇلارنىڭ بىرىنى مۇھىمبانۇ خانىم ۋىجدان، مەسئۇلىيەت بىلەن ساقلىمىغان، ماڭا تونۇشتۇرمىغان بولسا، بۇئائىلىدە قەھرىمانىمىز بەلكى، مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتتى. باتۇر غازىمىز 2011 -يىلى ۋاپات بولدى. مەنمۇ بۇ ئۇنتۇلغان باتۇرىمىزنىڭ نامىنى بولسىمۇ تىرىلدۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتتۇم. چۈنكى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىلان قىلسام، تېخىمۇ كۆپ ئازاپقا ئىتتىرگەن بولاتتىم.

* * * *

قەھرىمانىمىزنىڭ ئىسمى: ئەھمەت قاسىم. «ئىلى ئىنقىلابى» داۋامىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن ئىككى «باھادىرلىق»، بىر «ئىستىقلالىيەت»، بىر «ساداقەت» ئوردېنلىرى ئالغان. «چاپايوپ»[1] نامى بىلەن باغلانغان ھېكايىسى پۇر كەتكەن قەھرىمانىمىز، باتۇرىمىز ئىكەن.

مۇھىمبانۇ ھەدىدىن ئاڭلىغانلىرىم قەلبىمدە تىنجىماس غەليان كۆتۈردى. ئەتىسى باش مۇھەررىرگە مۇخبىرلىق ئىلتىماسى سۇندۇم. ئاران بىر ھەپتە رۇخسەت بېرىلدى. «چاپايوپ»نى ئىزدەپ غۇلجىغا ماڭدىم.

باتۇرىمىز ئەھمەت قاسىم — غۇلجا شەھرىدىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىلقا مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. مەن بىر فوتوگرافنى، «ئىلى كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، شائىرە راھىلەنى ھەمرا قىلدىم. ئۈچىمىز قوش قاناتلىق، كىچىك ياغاچ دەرۋازا ئالدىدا توختىدۇق. ئون قەدەم مېڭىپلا، دەرۋازىدىن خېلىلا پەستىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە يەتتۇق. كىرىشكە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن كاتەكتەك كىچىك، بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ، زەي، تورۇسى باشقا تاقاشقىدەك پاكار ئۆيگە كىردۇق. توپا - كېسەك بىلەن ئەللىك سانتىمېتىرچە كۆتىرىپ ياسالغان سۇپىغا كونا بىرپارچە تېكىمەت كىگىز لىق كەپتۇ. سۇپىنىڭ تۆرىدە بىركونا ياغاچ كارۋاتقا ئەدىيال يېپىلغان، تامغا قەھرىمانىمىزنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن چوڭايتىلغان سۈرىتى بىلەن غەنى باتۇرنىڭ كۆكرىكىگە سەككىز دانە مېدال ئاسقان سۈرىتى يانمۇ-يان ئېسىلغان ئىكەن.

-ئەسسالام ئەھمەت قاسىم «چاپايوپ» ئاتا، - دېدىم قىزىقچىلىق قىلىش ھەم ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كەلگىنىمىزنى سەزدۈرۈپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

تاپىسىدىكى ئوچاق بېشىغا، سۇپا ئۈستىدىكى كىچىك شىرەگە ئولاشقان چېۋىنلار گاژىلداپ كېتىپتۇ.

بىزنى گەۋدىلىك، يوغان كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئەلەم، ئەپسۇسلۇق



ئاپتورنىڭ قەھرىماننى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان كۈنىدىن خاتىرە.

چىقىپ تۇرغان، ئاق ۋە كەڭ چاسا يۈزلۈك، توم قارا قاشلىق باتۇرىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. باشتا سەل خۇدۇكسىرىگەندەك قىلدى. توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۆمۈر بويى پايلاقچىلارنىڭ نازارىتىدە ياشاش ئىنساندا گۇمانخورلۇق پىسخىكىسى پەيدا قىلىدۇ-دە![2]

—كېلىڭلار، كېلىڭلار! — ئۇ ئۈچىمىزگە بىرمۇ-بىر سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن قولىغا لوڭگە ئالدى. ئۆيىمىز مۇشۇنداق مەينەت، - دېدى تاپسىدىكى قازان بېشىغا، سۇپا ئۈستىدىكى كىچىك تۆت چاسا شىرەگە ئولىشىۋالغان، گاژىلدىشىپ كەتكەن چىۋىنلارنى كۆرسىتىپ ئوڭايسىزلانغان بىرھالدا.

ئۇ چىۋىنلارنى لوڭگە بىلەن قوغلاشقا باشلىدى. ۋە:

— بېزەك چىۋىنلارنى قوغلاپمۇ، ئۆلتۈرۈپمۇ تۈگىتەلمىدۇق. ئۆيىمىزگە يېقىن يەردە توخۇ فېرمىسى بار. شۇنىڭدىن كەلگەن چىۋىنلاربۇ. ئولتۇرۇڭلار، مېنى يوقلاپ قاپسىلەرغۇ، كىم بولىسىلەر؟

ئۇ سۆزلىگەچ بىزنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى.

بىز ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇۋېدۇق. ئۇ سەل خاتىرجەم بولغاندەك قىلدى ھەمدە بىزگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، ئاقسېرىق كەلگەن، ئورۇقراق خانىمنى تونۇشتۇردى:

-مېنى بىلىپ بوپسىلەر. بۇ بەش بالامنىڭ ئانىسى. جاپايىمنى تولا تارتقان، مەريەم ھەدەڭلار بولىدۇ. ئەمما، چوڭ گۇناھى بار.

«چوڭ گۇناھى بار» دېگەن چاغدا ئۇنىڭ يۈزىدە يەنە ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەت ئىپادىسى پەيدا بولدى:

—ئەسلىدە سىزنى ھەريىلى يوقلىشىمىزكېرەك ئىدى. كەچۈرۈڭ. مۇھىمبانۇ ھەدەم سىزنى تونۇشتۇرمىغان بولسا، يەنىمۇ كېچىككەن بولاتتىم، مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم. مانا بۇ سۇرەتچى، گېزىتچىلەرنىمۇ باشلاپ سىزنى يوقلاپ كەلدىم، —دېدىم مەن.

ئۆزئارا تونۇشۇشتىن كېيىن بىردەم جىمىپ قالدىم. قەھرىمانىمىزنىڭ چىۋىنلار بىلەن «جەڭ» قىلىپ، نامرات ھالدا ياشىشى مېنىڭ ھېسسىياتچان قەلبىمنى ئازاپلىغان ئىدى. مەريەم ھەدەمنىڭ ئىسسىق چېيى شىرەگە كەلگىچە بىزمۇ بىزەك چىۋىنلار بىلەن «جەڭ» قىلغاچ، تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق.

— سىز «مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بىرى ئىكەنسىز، شۇ كۈنلەردىن ئەسلىمىلىرىڭىزنى ئاڭلىغىلى كېلىۋېدۇق،

— دېدىم مەن پاراڭنى ئاساسىي گەپكە بۇراپ.

— ئۇ دېگەن ئۆتمۈش. يېڭى خەۋەرنى سىلەردىن ئاڭلايلى، - دېدى ئۇ سۇئالىمنىڭ مەزمۇنىدىن گۇمانسىراپ.

-راست، ئۇنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلانغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. قارىغاندا بىزدەك غۇلجىلىق پوچىلاردىن ئەمەستەك قىلىسىز. قاچان، نەدە تۇغۇلغان ئىدىڭىز؟

مەن چاقچاق قوشۇپ، ئارىنى يۇمشىتىشقا تىرىشتىم. ئۇ ئازاپلىق چىرايىنى ئۆزگەرتمەي گەپ باشلىدى:

تېپىشماقنى تېپىپ بولدىڭىز. شۇنداق، مەن يىراق يۇرتلۇق. 1917 - يىلى تۇغۇلغان ئىكەنمەن، دادامنىڭ ئىسمى قاسىم ئىدى. ئاتا-ئانام بالا ۋاقتىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەن يېتىمچە ئىدىم. 26 يېشىمدا ياخشىراق كۈن كۆرەرمەنمىكىن دەپ، غۇلجىغا چىققان ئىدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئىلىقىدا گومىنداڭچىلارغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. مەن پىدايى بولۇپ، ئۇلارغا قېتىلدىم. تاكى 1946- يىلغىچە جەڭ مەيدانلىرىدا بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر. يەنە دېسەم يەنە شۇ!

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلە، تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەپ، «ئىلى ئىنقىلابى»غا ئائىت ئۇچۇرلاردىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ قىستىمىدىم. گەپنى يۆتكىدىم:

— مۇنۇ گىلەمنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان سۈرەتتىكى ياش يىگىت سىزمۇ؟ مۇنۇ بىرىنىغۇ تونۇدۇم. غەنى باتۇر.

— شۇنداق. ئۇ «مىللىي ئارمىيە»گە قاتنىشىش ھارپىسىدىكى مەن. غەنى باتۇر بەئەينى بىر يولۋاس ئىدى. ئۇنى يۇتتۇرۇپ قويدۇق. سۈرىتىنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ئاچچىق ئەلەم ئۇچقۇنى ياندى. بەدىنىنى بۇراپ، كۆزىنى غەنى باتۇرنىڭ سۈرىتىدىن يۆتكىدى ۋە دەرىزىدىن تالاغا قارىۋالدى.

— سىزنى ھارغۇزۇپ قويدۇقمۇ؟بىز قايتايلى. سىزنى يوقلاپ يەنە

كېلىمىز. سىزبىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋالساق بولامدۇ؟

ئۇ مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈمنى رەت قىلمىدى. فوتوگراف بىزنى ۋە ئۇنى ئائىلىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۈرەتكە تارتتى. ئاندىن كېيىن خوشلاشتۇق. (فوتوگرافنىڭ ئىسمىنى ئېهتىيات ئۈچۈن ئاشكارىلىمىدىم.)



سۈرەتتە: ئەهمەت قاسىم چاپايوپ بىلەن ئايالى مەريەم خانىم

ئارقا رەت ئوڭدا: قىزى مەستۈرە، ئوتتۇرىدا ئاپتور، سولدا: شائىرە راهىلە كامال. 2002 ـ يىل.

* * * *

2004-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن ئىسسىق ياز كۈنى. باتۇرنى يەنە ئىزدەپ غۇلجىغا كەلدىم، يېڭى تۇرالغۇسىنىڭ ئادرېسىنى تاپتىم. روزىمۇھەممەت تاھىر[3] بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باتۇرىمىزنى يوقلىغىلى ماڭدۇق.

ئۇ جىلىلىيۈزى ناھىيەسىدە، ئىلگىرى مەن كۆرگەن چىۋىنلىق ئۆيدىن سەل ئازادىرەك قورۇدا، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ياشاۋاتقان ئىكەن. تامدىكى كىچىك ۋە كونىراق بىرپارچە گىلەمنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئىلگىرىكى ئۆيدىكىدەك يەنە غەنى باتۇرنىڭ سۈرىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى سۈرىتى يانمۇ-يان ئېسىغلىق تۇراتتى. چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 10. كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۆينى يوپيورۇق قىلىۋەتتى. بۇ قېتىم باتۇرىمىز سەل ئوچۇقراق كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى:

— «بىركۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇققان»دەپتىكەن. يەنە يوقلاپ كەپسىز قىزىم، قېنى كۆرپىگە...

روزىمۇھەممەت ئىككىمىز شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. مەن قولۇمدىكى ۋىدىئو كامېرانى شىرەگە قويۇپ ئاچتىم-دە، كۆزىنى قەھرىمانىمىزغا توغرىلىدىم. ئۇ نارازى بولمىدى. مەن ئويلىغانلىرىمنى سوئال تەرىقىسىدە ئەمەس، مۇڭدۇشۇش تەرىقىسىدە گەپ ئەگىتىپ باشلىدىم:

— ئەھمەت دادا، سىز ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، غۇلجىدا «قەھرىمان»لىق مېدالىنى تاقاپسىز. «ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن» ئورۇس ئاتامانىنىڭ «چاپايوپ»نامىنى سىزگە بېرىشىپتۇ. تارانچى گۈزەللىرىدىن بىرى مەريەم ھەدىمىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپسىز. بۇنداق ئالاھىدە ھاياتقا ھەركىم بولسىمۇ قىزىقىدۇ-دە، سىزنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتىڭىزنى، ئىككىڭلارنىڭ ئائىلە كەچمىشلىرىڭلارنى بىلگۈم بار.

روزىمۇھەممەتمۇ ماڭا قوشۇمچە قىلىپ، تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلدى.

باتۇرىمىزيوغان كۆزلىرىنى ئۇدۇل تامدىكى بىرنۇقتىغاتىكىپ بىردەم جىمىپ قالدى. مەريەم ھەدە پەتنۇس كۆتىرىپ كىردى. بىر تەخسە ئۆرۈكنى ئالدىمىزغا قويدى. چەينەكتىن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، بىزگە تۇتتى. ئاندىن كېيىن، بىرچەتتە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. قەھرىمانىمىز تېخىچە سۈكۈتتە. مەن ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن تېخىچە سىناق نەزىرىدە تۇرغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ئۇزۇن يىللىق يۇقىرى سىياسى بېسىم، تەقىپ ئاستىغا، ئېلىنغان كۈنلەر، يەنى، ئۆمۈربويى باشتىن كەتمىگەن ئادالەتسىز مۇئامىلىلەر جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈمدىن ئەندىشە قىلماي، دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلغان جەڭچىنى تىنچ كۈنلەردە ھەركىمدىن ئەندىشە قىلغۇدەك ھالغا كەلتۈرگەنىدى. ئاچچىق چاي كەيپىياتىمىزنى ئۇرغۇتتى، ئېھتىيات بىلەن سۆھبەتكە كىرىشتۇق.

— ئۆتكەن قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغان ئىدىم. يەنە ئىزدىگىنىڭىزدىن قارىغاندا ھەممىنى دەۋەتمىسەم سىزدىن قۇتۇلمىغۇدەكمەن، —دېدى ئۇ جىددى ھالدا.

مەن ئاخىرى ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

— «ئىلى ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا، جەڭگىۋار يۈرۈشلەردە بولدۇم. ئىككى قېتىم «باھادىرلىق مېدالى» ، بىر قېتىم «ئىستىقلالىيەت مېدالى» ، بىرقېتىم «ساداقەت مېدالى»ئالدىم. لېكىن، مەنغۇ ئالدىڭلاردا ئولتۇرۇپتىمەن، نى-نى قەھرىمانلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، نامى ئۇنتۇلدى، ئۇ توختاپ قالدى.

— زىخرۇللامۇ سىزدەك ئۇرۇشتادۈشمەننى ئۆلتۈرگەن، ئۆزى ئۆلمىگەن قەھرىمان غازىلىرىمىزدىن بىرىغۇ، — ئەتەي

زىخرۇللامنى ئەسلەتتىم. چۈنكى، زىخرۇللامنىڭ نامىنى يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «كەچكۈز» ناملىق پوۋېستىدىن بىلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ هاياتى توغرىسىدا پاكىت ئىزدەش پىلانى تۈزگەن ئىدىم. — ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئۈچ پوتىيىنى پارتلاتقان باتۇرنى مەن تېخى جاھان سوقۇشلىرىنىڭ قەھرىمانلار تارىخىدىن ئاڭلاپ باقمىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، زىخرۇللام باش شىتابقا كەلسە، قوماندان لېسكىن يەرگە قىزىل گىلەم سالغۇزاتتى. ئالدىغا ئۆزى چىقاتتى. ئۇنىمغىنىغا قويماي، ئاتتىن ئۆزى يۆلەپ چۈشۈرەتتى. بىزگە:

زىخرۇللام قەھرىمان جەڭچى. ئۇنى ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك دەيتتى، — دېدى سابىق جەڭچى جانلىنىپ.

ئاجايىپ قىممەتلىك بۇ باياندىن كۆز ئالدىمغا كەلگەن غالىپ كۈنلەر مېنى يەنە خىيالغا پاتۇردى.

— زىخرۇللامنىڭ كېيىنكى هاياتىمۇ، ئۆلۈمىمۇ ھەممىدىن ئېچىنىشلىق بولدى، —دېدى ئۇ «مىللى ئارمىيە» ماناستا توختىتىلىپ، ئەسكەرلەر قىسقارتىلغاندىن كېيىن، زىخرۇللام يالغۇز ئانىسىنىڭ تەلپى بىلەن يېزىغا قايتىپ، دېھقانچىلىق قىلدى. ئەمما، يەرلىك زومىگەرلەرخەلققە زۇلۇم قىلغاندا، ھەق تەرەپتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن پۈتى كىشەنلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. كېسەك قۇيىدى، قول ئورنىدا مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىندى.

1948 - يىلى «مىللى ئارمىيە»مىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 4 يىللىقىنى تەبرىكلەش بايرىمى كۈنىدىن سەل ئىلگىرىكى بىركۈنى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئىز-دېرىكىنى ئالالمايۋاتقان زىخرۇللامنى غەنى باتۇر تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ كەلدى. «مىللى ئارمىيە» بايرىمى مۇراسىمىدا 40 مىڭ «مىللىي ئارمىيە»مىز ئىچىدە پەقەت بىرلا زىخرۇللامغا بېرىلگەن مېدالنى، يەنى، «ئازادلىق ئۈچۈن» مېدالنى رەئىسىمىز ئەھمەتجان ئۆز قولى بىلەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقاپ قويغان ئىدى.

كېيىن تېخىمۇ رەسۋالىقلار يۈزبەردى. «مەپكۇرە تۈزىتىش»تە زىخرۇللامغا ئارتىلغان تۆھمەتلەربەك تېتىقسىز بولدى. تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلاندى. ئۇزۇن مۇددەت ناھەق خارلىنىش-ھەرقانداق ئەركەكنىڭ غورۇرىنى ئېزىۋېتىدۇ-غۇ! بىز: زىخرۇللام چۈشكۈنلۈشۈپ كېتىپتۇدەك، ھاراق - شاراپقا بېرىلىپ كېتىپتۇ... دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىدۇق. ئاخىرىدا، بورانلىق بىر كۈنى ئېقىنى كۈچلۈك ئۆستەڭگە كۆۋرۈكتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەپمۇ ئاڭلىدۇق. راست شۇنداقمۇ، سۇيىقەستمۇ، ھازىرغىچە ئېنىق بىلمەيمىز.

مانا ئۇلۇغ بىر غازىمىزنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولغان. مەن تېخى سۆرۈلۈپ يۈردۈم، ياشاۋاتىمەن.

بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى ئازاپلىق تۈس ئالدى. ئېيتالمايۋاتقان نۇرغۇن گەپلىرىنى ئىچىگە تىنىپ گېپىنى توختاتتى. زىخرۇللامنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ سوئال سورىغىنىمغا مەنمۇ ئىچىمگە لىققىدە ئازاپ قاچىلاۋالدىم. ئەمما، قەھرىمان زىخرۇللامنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا يېڭى پاكىتلارغا ئېرىشكىنىمدىن خۇش بولدۇم. روزىمۇھەممەت بولسا، دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.

— رەھمەت سىزگە، قەلبىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان ئۇلۇغ ئىنسانلار، بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن. كۆپ رەھمەت. ئەمدى ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلەيلى. قورغاسىنى ئازات قىلىش جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن دۈشمەن ئىستىھكامىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇھىم ھۆججەتنى جايىغا سالامەت يەتكۈزگەن ئىكەنسىز. باتۇرلۇقىڭىز ئۈچۈن «چاپايوپ»نامىنى ئالغان ئىكەنسىز. ئۇ «ئىلى ئىنقىلابى» قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن كۈنلەر ئىكەن. شۇ كۈنلەردە، ئۇرۇش داۋامىدا ئەسكەرلىك ھاياتىڭىز قانداق ئۆتكەن ئىدى؟

— ئۇرۇش مەزگىلىدە دەسلەپ 1 - پولك 5 - روتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، كوماندىرى بولدۇم. پولك قوراللىق بۆلۈم باشلىقى، شتاب باشقۇرۇش بۆلۈم باشلىقى دېگەندەك ۋەزىپىلەردە بولدۇم.

«11 بىتىم»دىن كېيىن، «مىللىي ئارمىيە» نى قىسقارتىشقاندا، قورغاس ناھىيەسىنىڭ كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىشتى. ئۇ يەردە كەتمەن-گۈرجەك، ئوغاق-بولقا... دېگەندەك ئەمگەك قوراللىرى رېمونت زاۋۇدىنىڭ «كوماندىرى» بولدۇم. ئۇرۇش قوراللىرى، مىلتىق دېگەنلەرنى شۇندىن بېرى كۆرمىدىم. بۇ تېخى ياخشى كۈنلىرىم ئىكەن...

ئۇ ئەمدى كېيىنكى دەرتلىك كۈنلەردىن سۆزلەشكە باشلىدى. روزىمۇھەممەت ئىككىمىز گېپىنى بۆلمىدۇق.

— مەن 1952- يىلى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» مەيدانىغا قوغلاندىم. كۈندۈزى ھەقسىز ئىشلەيمەن. كەچتە مەپكورەمدىكى مەسىلىنى پاش قىلىمەن، «تەكشۈرۈشنامە»يازىمەن. باللىرىمغا تويغۇدەك ئاش-نان يوق. مەن بولسام «يەرلىك مىللەتچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى». توپتوغرا شۇنداق 12 يىل ئۆتتى. 1964- يىلغىچە غورۇرۇم خارلاندى. قېقىلىپ- سوقۇلۇپ ياشىدىم. ئاردائىككى يىل باللىرىم بىلەن سەل خاتىرجەم ياشىدۇق. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»باشلىنىشى بىلەن مەن ئەڭ دەسلەپ كۈرەشكەتارتىلدىم. كۈندۈزى سازايى قىلىندىم. كەچتە «پىپەن داخۇي» (تەنقىدلەش-ئەيىپلەش يىغىنى) دا بوينۇمنى ئىگىپ ھاقارەتلەر ئاڭلاپ تۇرۇشۇم كېرەك بولدى.

— ئۇچاغدا ئەمەلدارلارنى، ئىلىم ئادەملىرىمىزنى تارتىپ چىقىرىپ، سازايى قىلىشقان ئىكەن. لېكىن، سىز «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى»دا ئون ئىككى يىل ئىشلەپ بولغان تۇرسىڭىز. يەنە نېمىشقا؟

— شۇنداق! ئۇ كۈنلەردە كىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق. بەزى نادانلار تېخى يۈزۈمگە تۈكۈرىدۇ. بۇرنۇمغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئېيتە، مىلتىقىڭ بىلەن قانچە خەنزۇ يولداشنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈڭ؟— دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇلارنىڭ مەندىن سورايدىغان ئەڭ

يامان سوئالى مۇشۇ. مەنمۇ ئۇلارغا بىرلا جاۋاپنى بەردىم:

— مەن ئۆز ۋاقتىدىكى خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنى گومىنداڭچىلارنى ئۆلتۈردۈم، — دەيمەن.

جاۋابىم ناھايىتى توغرا بولسىمۇ، شۇ ھامان تاياققا قالىمەن. ئۇلار ماڭا «ئەكسىلئىنقىلاپچى» قالپىقىنى كىيگۈزدى. قانداق سوئال سوراشسىمۇ جاۋاپ بەرمەي تۇرىدىغان بولىۋالدىم. تاياق- توقماق، جازادىن، ئېغىر ئەمگەكتىن يەنە قۇتۇلمىدىم. مېنى خارلاپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشتى. چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. قارا كۈنلەر ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس. زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، ئاپتوماتنى دۈشمەنگە توغرىلاپ، ئاتاكىغا ئۆتكىنىم گۇناھ بولدىما؟ دەيمەن. كېچىلىرى ئايدالادا ئاسماننى يېپىنچا، زېمىننى كۆرپە قىلىپ، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ: ئاھ، خۇدا! مەن جەڭدە ئۆلسەم بولماسمىدى، بۇنداق ھەقسىزلىك، خورلۇقتا ياشىغۇچە! دەپ زارلىنىمەن. 1968 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خارلاندىم. بۇ يىللاردا ئارىلاپ ئىككى، ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن ئۆيگە كېلىمەن.

ئايگۈل قىزىمنى، تۇرغۇنجان ئوغلۇمنى، ئەمدى بىرياشقا كىرگەن ئوغلۇم تۇرسۇنمەھەممەتنى، مۇنۇ ئاپىسىنى كۆرگۈم كېلىدۇ. بۇنداق خورلۇققا چەك قويۇشقا تەۋەككۈل قىلىپ، جېنىمنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنى ئارمان قىلىپ قالدىم. غەنى باتۇرىمىزمۇ: ئالە شەرىڭنى! دەپ، ئورۇس تەرەپلەرگە كەتتىغۇ. بۇ بېشىم ئامان بولسا، باللىرىمنىمۇ قۇتقۇزارمەن...

سابىق جەڭچى سەبداشلىرىم بىلەن ئاستىرتىن پىلان تۈزۈشۈپ، 1969- يىلى 11 -ئايداچەتئەلگە، يەنى، قازاقىستانغا بىر نەچچىمىز بىللە قاچتۇق. تەلەي يەنە تەتۈر كەلدى. چېگرىدا تۇتۇلۇپ، 14 يىل تۈرمىدە ياتتىم. ئىلگىرى جەڭدە ئۆلمىگىنىمگە ئېچىناتتىم، بۇ قېتىم قاچقۇنلۇقتا ئوق يېمىگىنىمگە يەنە ئېچىندىم.

— ئۇ سەبداشلىرىڭىز كىملەر ئىدى؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق

بولدى؟

— قانداق بولماقچى ئىدى، ئىككىسى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى. بىرى مەندەك ئۆلۈك-تىرىك ئارىسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى دېمەيلا قوياي. ئۇلارنىڭ روھى بولسىمۇ ئارام ئالسۇن، ئاۋارە قىلماڭلار.

— مەيلى بوپتۇ. تۈرمىدىكى ۋاقتىڭىز بەك ئۇزۇن بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە باللىرىڭىز قانداق ياشىدى؟

— بۇنى مۇنۇ بىچارە ھەدەڭلار ئېيتىپ بەرسۇن، باللار بىلەن جاپانىڭ ئېغىرىنى سەن تارتتىڭغۇ!- دېدى ئۇ خوتۇنغائاچچىق ئەلەم بىلەن مەنىلىك قاراپ.

مەريەم خانىم ئېرىنىڭ كۆزىگە بىردەم تىكىلىپ قارىدى. ئىككى جۈپ كۆز ئۇچراشقاندا مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ئەمەس، دەرت-ئەلەمنىڭ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ قالدى. خانىم كۆزلىرىنى بىزدىن ئەپقاچتى. كىگىزگە قارىۋالدى. ھەممىمىز جىمجىت كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دالانغا چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، قولىدا سارغىيىپ كەتكەن كونا گېزىت قەغىزىدىن ياسالغان لىپاپىنى ئاۋايلاپ كۆتىرىپ كىردى. تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنى چىڭ تۇتۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— دادىسى تۈرمىگە تاشلانغاندا تۆت بالا بىلەن ياشىدىم. كىچىك قىزىم مەستۈرە ئاران 3 ئايلىق ئىدى. تۇنجى قىزىم ئاسىيە 53- يىلى تۇغۇلغان. ئۇ دادىسى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى»دىكى كۈنلەردە ئاغرىپ قالدى. دوختۇرغا داۋالىتىشقاپۇلۇم بولمىغاچقا، ئۇ ئون يېشىدا تۈگەپ كەتتى. كېيىنكى يىللاردا تۆت باللىق بولدۇم. ئايگۈل، تۇرغۇنجان، تۇرسۇنمۇھەممەت، مەستۈرە. ھازىر يېنىمدا ئۈچ بالام بار. ئوغلۇم تۇرسۇنمەھەممەتنىڭ ئۆلۈك -تىرىكىنى ئۇزۇن يىللاربىلمەي، دادىسى ئىككىمىز زەردە گۆش بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. خۇداغا شۈكرى. يېقىندا ئامان ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق. ئەمما، ئالاقە قىلالمىدۇق. دادىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ

بىردىنبىر ئارمىنىمىز — ئەشۇ بالىمىزنى بىركۆرۈش، ھېچبولمىسا ئاۋازىنى بىر ئاڭلاش. ئەسلى گۇناھ مەندە.

مەن بالامغا، دادىسىغا، ئانا بولغان ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويدۇم.

مەريەم ئانا ئىككى قولىنى چىڭ تۈگۈپ بېشىنى ئىككى تەرەپتىن مۇشتلاپ يىغلاۋەتتى. ئۇ مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆزيېشىنى سۈرتمەي:

— مەن گۇناھكار، مەن گۇناھكار! - دەپ نالە قىلماقتا. ئەھمەت قاسىمنىڭ كەڭ يەلكىسى تىترىدى. خوتۇنىغا قارىغاندا يوغان كۆزلىرىنى «پاللىدە!» يانغان چىراقتەك بىر پارقىراتتى-دە، دەرھال يۇمۇۋالدى.

مەريەم ئانىغا سەپسېلىپ قارىدىم. ئاقسېرىق كەلگەن، خۇشپىچىم بەدەنلىك، مۇلايىم ئانا مەن ئىككى يىل ئالدىدا، ھېلىقى چىۋىن باسقان ئۆيدە كۆرگەندىكىدىن ئورۇقلاپ قاپتۇ.

— بالىلىرىمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش تەس بولدى. بەزىدە بالىلىرىمنىڭ قورسىقىنى چالا-پۇلا گولداپ، ئۆزۈم سۇ ئىچىپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ ياتتىم. كىچىك ئوغلۇم تۇرسۇنمۇھەممەت، كەنجى قىزىم مەستۈرە ئورۇقلاپ، يىغلاشقىمۇ مادارى يەتمەس بولۇپ قالدى. كۈندۈزى ئېتىزغا چىقىشىم كېرەك. بالىلىرىمنى ئېتىزنىڭ قىرىغا قاتار ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن. ئۇرما ۋاقتىدا ھاۋامۇ بەك ئىسسىپ كېتىدۇ. مەن بالىلىرىمغا بۇغداي ئۈنجىسىدىن دالدا ياساپ، ئۇلارنى ئاستىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سول ئېلىپ بۇغداي ئورۇيمەن. بالىلىرىم ئۇسساپ، ئېچىرقاپ، يىغلاپ كەتسىمۇ ئۆيگە قايتالمايمىز. شۇ كۈنلۈك ۋەزىپەمنى ئورۇندىشىم كېرەك. ئېتىز ئىشلىرى ئالدىراش بولغان كۈنلەرگە قارىغاندا باشقا پەسىللەردە، ئېتىز ئىشى سېلىككەندە كۈنلىرىم قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتتى. چۈنكى، ساقچىلار پات-پاتلا كېلىدۇ. بولۇڭ-پۇچقاقلارنى تىنتىپ ئاقتۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئەدەمنىڭ (ئۇ ئېرىنى ئىشارە قىلدى) كىيىمى، قەلەم-

قەغەزلىرىنى، كونا شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈۋېتىدۇ. ھېچنىمە تاپالماي، ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.

بىركۈنى كىچىك قىزىمنى بۆشۈككە سېلىپ تەۋرەتتىم، ئىمىتتىم، ئۇ ھېچ توختىماي يىغلاۋەردى. بىرتال ئويۇنچۇقىمۇ يوق بالامغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. شۇچاغدا دادىسىنىڭ بەكمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان تۆت دانە مېدالى ئېسىمگە يەتتى. تىقىپ قويغان جايىدىن ئېلىپ چىقتىم. بىر-بىرىگە چېتىپ، بۆشۈككە ئېسىپ ساڭگىلىتىپ قويدۇم، قىزىمنىڭ ئىككى قولىنى يېشىۋەتتىم-دە، قولىنى مېداللارغا تەككۈزدۈم. قىزىم «جىرىڭ، جىرىڭ!» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، يىغىدىن توختىدى. ھەيران بولدى، ئۆزى ئىتتىرىپ ئويناشقا باشلىدى. مەنمۇ بۆشۈكنىڭ يېنىدا يېتىپ بىرئاز ئۇخلاۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مېداللار بالامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان، بىردىنبىر ئويۇنچۇقى بولۇپ قالدى. يۇمران قوللىرىنى مېداللارغا تەككۈزۈپ چىققان ئاۋازلارغا كۆنۈپ قالدى، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان بولدى.

بىركۈنى پايلاقچىلار ئۆيۈمگە كىرىپ كەلگەندە قىزىم بۆشۈكتە يېتىپ، مېداللارنى جىرىڭلىتىپ ئويناۋاتاتتى.

ئۇلار مېداللارنى كۆرۈپ قالدى. بىرى مېداللارنى ئوچۇملاۋېلىپ، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئەكسىلئىنقىلاپچى ئېرىڭنىڭ ئەخلەتلىرىنى تېخىچە ساقلاپ يۈرۈپسەن-دە! بالاڭنىمۇ زەھەرلىمەكچىمۇ؟- دەپ مېداللارنى يۇلۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ يالۋۇردۇم:

— بالامنىڭ بىرتالمۇ ئويۇنچۇقى يوق. بۇ كونا تۆمۈرلەرنى ئويۇنچۇق قىلىپ بەردىم. ماڭمۇ سەل ئارامچىلىق بولدى. باشقا مەقسەت يوق. ئېلىۋالمىسىڭىز. بالامغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرگۈدەك پۇلۇم يوق...

پايلاقچى مېداللارغا بىرقاراۋېتىپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى،

- ماڭا بۇيرىدى:

— ھەممە بالانى تېرىغان مۇشۇ نېمىلەر. ئېرىمنىڭ گۇناھى ئېغىرلىمىسۇن، دېسەڭ بۇ نېمىلەرنى تېز يوقات!

شۇ كۈندىن باشلاپ، مېداللارنى يەنە يوشۇرۇپ قويدۇم. ئۇزاق ئۆتمەي، يېزىمىزدا «ئەكسىلئىنقىلاپچى» لارنى تۇتۇش، تۈرمىگە تاشلاش باشلىنىپ كەتتى. شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىپتۇ. ئۇلارنى ھازىرچە ئاتمايدىكەن، تۈرمىگە تاشلاپتۇ... دېگەندەك قورقۇنۇچلۇق خەۋەرلەر تارقالدى. بۇ كۈنلەردە ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا پايلاقچىلار ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. خوشنىلىرىمۇ مەندىن ئۆزىنى تارتىشقا باشلىدى. يەنە تېخى: ئەكسىلئىنقىلاۋى بۇيۇملارنى ساقلىغانلار بار ئىكەن. ئۇلارنىمۇ تازىلاش كېرەك ئىكەن... دېگەندەك پاراڭلارمۇ قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى. بۇ — دەل مەن ئەمەسمۇ؟! بەك قورقۇپ كەتتىم. مېنىمۇ تۇتۇپ كەتسە، بالىلىرىمنى كىم باقىدۇ؟مەن مېداللارنى تىقىۋەتكەن جايدىن چىقاردىم. سىقىمداپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. قورقۇپ تىترەپ، يىغلىدىم. بالىلىرىم بوينىنى قىسىپ ماڭا تەلمۈرەتتى. ئاخىرى كاللامغا بىر خىيال كەلدى، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. مۇشۇ مېداللار سەۋەپلىك بالىلىرىمنىڭ دادىسىنىڭ تارتمىغان كۈنى قالمىدى. ئەمدى مېنىمۇ... بالىلىرىم بەك كىچىك قۇ!

مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم. مېداللارنى كۆتىرىپ ھويلىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ھاجەتخانا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمىدىم. مېداللارنى لەپىشىپ تۇرغان پوق-سۈيدۈككە قارىتىپ قانداق ئاتقىنىمنىمۇ بىلمىدىم. مۈرەمدىن ئېغىر يۈكنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك مېداللارغا قاراپ «ئۇھ!»دېدىم. بىراق، كۆزۈمدىن پۇرقىراپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى...

مەريەم ئانا پاجىئەنى سۆزلەۋاتقاندا ئۆزىدەكلا خارلانغان مېداللارنىڭ ئىگىسى بۇ زەھەردەك ئاچچىق رېئال ۋەقەلىكنى قايتا

ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. بىرئېغىزمۇ گەپ قوشمىدى. مەريەم ئانا كۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى نۆۋەت بىلەن مۇشتلاپ، توختىماي يىغلاۋەردى.

مېداللارنىڭ كەچمىشى ماڭا قەھرىمانىمىزنىڭ كەچمىشىدىنمۇ قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئانىنى ھېچقايسىمىز بەزلىمىدۇق. مەن سوغۇق كەيپىياتتا قالدىم: ۋارقىراپ يىغلايمۇ؟ئۇنى شۇ قارارغا كەلگۈچە قىستىغان مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ غالچىلىرىنى قارغايمۇ؟ دۇنيانىڭ يەنە بىر بۇلۇڭلىرىدا مۇشۇنداق پاجىئە بولغانمىدۇ؟ مەريەم ئانىنىڭ ياقىسىدىن سىقايمۇ؟... ھەممىسى بىكار.

ئەينى چاغدا مەريەم ئانا ئېغىر ۋە مۇرەككەپ پىسخىك ھۇجۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك، ئۇلۇغ تەۋەررۈك، تارىخىمىزنىڭ كۆچلۈك پاكىتى-مېداللارنىڭ ئاقىۋىتىدىن مەنمۇ ئەقلىمنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمەن.

كۆز ئالدىمدا لەپىشىپ تۇرغان ھاجەتخانا، بۇخسىغان سېسىق پۇراقلارغا چۆكۈۋاتقان4 دانە مېدال...

بۈنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى موسكۋا، لېنىنگرادتىكى دۆلەت مۇزېيۇملىرىدا زىيارەتتە بولغان كۈنلىرىمدە كۆزئالدىمدىكى مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىشتىن ئەمەس، قەلبىمنى ئېزىۋەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىلارنى يىڭەلمەسلىكتىن قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئىدىم: تارىخىمىزدا شۇنچە كۆپ قەھرىمانلىرىمىز ئۆتكەنلىكىنى سانىيالايمىزۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتالغان مۇزېيۇم قۇرالمايمىز؟ ھۆرمەتلىك تۇرسۇن ياسىن مۇئەللىم «سادىر پالۋان خاتىرە ئۆيى»نى قۇردى. ئۇنى كېڭەيتىش، خەلقئارالىق ئۆلچەملەشكەن مۇزېيۇمغا ئايلاندۇرۇشقا يەنە قانچە يىللار كېتەر؟نېمە ئۈچۈن سادىر پالۋاننىڭ قىلىچىنى، غەنى باتۇرنىڭ مىلتىقىنى، زىخرۇللامدەك، رىزۋانگۈلدەك، ئەھمەت چاپايۇپتەك قەھرىمانلىرىمىزنىڭ مېداللىرىنى ئۇلارغا ئوخشاش يىپەكلەرگە ئوراپ، ئالتۇن قۇتىلارغا سېلىپ ئەينەك ساندۇقلارغا تىزىپ، كۆرگەزمىخانىلاردا ئەسىرلەپ

ساقلىيالمايمىز؟ قەھرىمانلىرىمىز ئىشلەتكەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى توپلىيالمايمىز؟ ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن رامكىلارغا ئېلىپ، ئىگىز تاملارغا ئاسالمايمىز؟!

بۈگۈن مەريەم ئانىدىن ئاڭلىغانلىرىم ئەشۇ چاغدىكى ئازاپلىرىمنى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشتى. قەلەمگە ئالغۇم كەلمەيدۇ، ئالماسلىققا ئامالسىز. مەن ئەنە شۇنداق شور پىشانە ئۇيغۇرلىقىمدىن تانالمايمەن. ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن خۇددى تۈرك، روس، فرانسوز قەھرىمانلىرىدەك قان تۆككەن، جان بەرگەن ئونمىڭلارچە ئوغۇل- قىزلىرىمىزدىن تەۋەررۈك قالغان مېداللار ھاجەتخانىلاردا چىرىپ تۈگۈشى كېرەكمۇ؟

بۇ ئەلەمنى ھازىرلا ۋارقىراپ- جارقىراپ دۇنياغا ئاڭلاتقۇم كەلدى. لېكىن، ۋاقىرىيالمايمەن، جارقىرىيالمايمەن...

مېداللارنىڭ ئىگىسى، قەھرىمانىمىزبىزگە تەتۈرقارىغانچە سۆكۈتتە. بېشىنى ئىگىپ ئولتۇرۇۋالغان ئىدى، روزىمۇھەممەت شۇ پېتى قېتىپ قالغاندەك، مەريەم ئانا تېخىچە مىچىلداپ يىغلىماقتا. مەن چىدىمىدىم.

ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تالاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئازاپتا پۇچۇلانغان قەھرىمانىمىزنىڭ ئالدىدا بىچارە ئەۋلادىنىڭ كۆز يېشىنى تۆككۈم يوق. مەريەم ئانىنىڭ زەھەرلەنگەن يۈرىكىگە زەھەر قوشقۇم يوق. قەھرىمانىمىزغا تەسەللى بېرىش بولسا -تېتىقسىزلىق. بۇ سورۇندا ھېچقايسىمىزغا تەسەللى چۈشمەيدۇ!

روزىمۇھەممەت ئارقامدىن چىقتى. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى:

—سەلىمە، ئۆيگە كىرەيلى، ۋاقتىمىز قىس. سەبرى قىلماي ئامال يوق. جۈرئىتىڭ ئۇلار يالغۇز قالدى، - دېدى.

بىز قايتىپ كىردۇق. ئەخمەت قاسىم ئاتا بىزگە جىددى نەزەر سالدى. ئاندىن:

— مېنىڭ ئۆيۈمگە ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولۇشتى. بۇ كەمگىچە قولاقلار «دىڭ!» بولۇپ كەتتى ھەقىچان. بىرەر «كۈتۈلمىگەن مېھمان» كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇخبىر قىزىم، سىز ئۆتكەن قېتىم مېنى يوقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن «چاپايوپ» نامىنى ئالغىنىمنى يېزىپ قويدۇم. سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي، — دېمەسمۇ...

يۈرۈگۈم دۈپۈلدەپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى.

قەھرىمانىمىز شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان ياستۇقلارنى ئۆرۈۋەتتى. ئاندىن ساندۇقنى ئاچتى. بىربولاق قەغەزنى ئېلىپ، قولۇمغا تۇتقۇزدى. مەن شۇزامات ئېچىپ كۆرمەكچى بولىۋېدىم، ئۇ بېشىنى چايقىدى:

—بۇ ئۇزۇن ھېكايە ئىدى. ئېسىمدە بارىنى يېزىپ قويدۇم. دەرھال سومكىڭىزغا سېلىڭ. ئۆرۈمچىگە بارغاندا ئېچىڭ. ئىشىنىڭ ئەڭ توغرىسى شۇ.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدىم. رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى. خاتىرجەم بولغاندەك، سەل تۇرۇۋېلىپ، گەپنى يۆتكىدى:

— قېنى، ئاپىسى بايىقىنى ئاچايلى. مۇنۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى بايا مەريەم ئانا ئېلىپ كىرگەن ھېلىقى كونا گېزىت لىپاپىنى ئېچىپ، بىرپارچە سۈرەتنى ئاۋايلاپ چىقاردى. تۆتىمىز ئولاشتۇق. مەريەم ئانا ئاغزىدا ئىمىزگە چىشلەپ ئولتۇرغان، ئاپپاق يۈز تېرىسى ئۆزىگە، سەل چاسا يۈزى، يوغان كۆزلىرى ئەھمەت باتۇرىمىزغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بالىنى بىزگە كۆرسىتىپ، يەنە يىغلاشقا باشلىدى:

-بولدى قىل. بۇ ئوغلۇمنىڭ ۋەقەسىنى بۇ ئىككىسىگە ئۆزۈڭ

سۆزلەپ بەرگىن، ـ دېدى ئاتا زەردە بىلەن.

مەريەم ئانا ئېرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، دەرھال كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئېسەدەپ سۆز باشلىدى:

— مانا بۇ بالام تۇرسۇنمۇھەممەت. ھايات بولسا قىرىقىنىڭ قارىسىنى ئالدى.

1970- يىلى باش كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەھەللىدىكى بىرى پاكىزە-رەتلىك كىيىنگەن ياپ- ياشلا بىر بىركىشىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈنى قوناقنىڭ مەدىكىنى ئېزىپ كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ ئوماچ پىشۇرۇپ ئولتۇرغان ئىدىم. ئوزۇقى ناچار بولغاچقا، باللىرىم ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. مېداللارنى تاپشۇرمىدىڭ، دەپ قىستاشلارداۋاملىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا: تاشلىۋەتتىم، دەيمەن. ئۇلار ئىشەنمەيدۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە بۇ سۆلەتلىك كىشىنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىدىن قورقۇپ كەتتىم. ئىككۈيلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ـ دەپ كىرگەنچە مېنىڭ ئورۇن كۆرستىشىمنىمۇ كۈتۈپ تۇرماي، سۇپا ئۈستىدىكى كونا كىگىزدە خۇددى قەدىردان تۇققۇنۇمدەك بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

ھەدە، سىزنى باللىرى بىلەن قىينىلىپ قالدى، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كىردۇق، دېدى مەھەللىكىمىز

بۇ ئاغىنەم XXX[4]، يىراق بىر شەھەردە خىزمەت قىلىدۇ، دېدى.

يىراقتىن كەلگەن كىشى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرغان باللىرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ ئولتۇردى. ئاندىن باللاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ماڭا:

—مەريەم ھەدە، باللار بىلەن قىينىلىپ كېتىپسىلەر. مەھەللىدىكىلەردىن ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ، يوقلاپ چىقاي، دېگەنىدىم. ئەھۋال بۇ دەرىجىدە ئىكەن. ئۆسۈۋاتقان باللارىيېتەرلىك ئوزۇقلۇققا

مۆھتاج مەزگىلدە بۇنداق قىيىنچىلىقتا قالسا بولمايتتى. ساغلام ئۆسسە، بىلىم ئالىدىغان، نى-نى ئىشلارنى قىلالايدىغان باللار-بۇ! باللارنىڭ بىرەرسىنى مەن تەربىيەمگە ئالايمۇ-يا؟ئائىلەڭلارغا ياردىمىم بولۇپ قالسا دەيمەن. بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىللىق يىگىت بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ كىچىك ئوغلۇم تۇرسۇنمۇھەممەتنى كۆرسىتىپ. بالامنىڭ يۇمران قولىنى سىلاپ كەتتى.

— بۇ ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى دادىسىنىڭكىگىلا ئوخشايدۇ، -دېدىم. يۈگرەپ بېرىپ ئوغلۇمنى كۆتۈرۈپ باغرىمغا باستىم. خۇددى ھازىرلا ئاۋۇ مېھمان مەندىن تارتىپ ئېلىۋالىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.

—مەن بۇ يېزىدا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرىمەن. ئويلىشىپ كۆرگەن بولسىڭىز. ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

ئايالىممۇ مېھرىبان، ئاقكۆڭۈل ئايال. بالىنى ئوبدان باقىمىز.

ئۇ شۇنداق دەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە، كېچىچە ئويلاندىم. پەقەت: باغرىمدىن چىققان بالام، ئاللاھ بەرگەن بالام، ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ئاتام كۆرمىگەن يەر جەننەت بولسىمۇ بەرمەيمەن. ئاتىسىغا نېمە دەيمەن؟بالام چوڭ بولغاندا مېنى كەچۈرەمدۇ؟ ياق، ھېچكىمگە بەرمەيمەن! دېگەن قاراردىن باشقىسى كاللامغا كىرمىدى.

ئۇ سۆزىنى توختىتىۋالدى. قولىدىكى گېزىتنى سىلاۋەردى.

بىر ئانىنىڭ، يەنە كېلىپ. ھەم سىياسىي ھوقۇقى يوق، ھەم ئىقتىد ـادىي ئاساسى نۆل بولغان سەھرالىق بىر ئانىنىڭ بالىسىنى رازىلىق بىلەن خەققە بېرىۋېتىشى ياكى مۇشۇ نامرات كۈلبىسىدە ساقلىشىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە بېرىشىنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس-ئەلۋەتتە! ئەمما، ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ

قايسىبىرى بالا ئۇچۇن ياش ھاياتىنى، ھەتتا، ئۆمرىنى تاكى غازاڭ بولغىچە بېغىشلىمىغان؟ ھەرقانداق ئانا بالىسىنىڭ تىنچ-باياشات ئائىلىدە، توق-خاتىرجەم ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىنى ئارمان قىلىدۇ. بىراق، تەقدىر بەك رەھىمسىز. بولۇپمۇ، قەھرىمانىمىزنىڭ گىگانت قەددى پۈكلەۋېتىلگەن پېتى زىندانىدا قالغان قارا كۈنلەردە ئۇنىڭ بالىسىنىڭ گۈزەل تەقدىرگە ئېرىششى مۇمكىنمۇ؟! ۋەتىنى، ئەۋلادىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قەھرىمانىنىڭ ئۆز قېنىدىن تۆرەلگەن ئىزباسارىنىڭ تەقدىرىگە شۇكۈنلەردە قاراڭغۇ جاڭگاللىقتا ئوخشاپ قالغان جىلىلىيۈزىدە كىممۇ توغرا جاۋاپ بېرەلىسۇن؟!

مەريەم ئانا غەيرەت قىلىپ، قىيىن كۈنلىرىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى كىشى يەنە كەلدى. — بەرمەيمەن، ئاچلىقتىن ئۆلسە، باغرىمدا ئۆلسۇن، بەرمەيمەن! دەپ قانچە قېتىم تەكرارلىغاندىمەن. لېكىن، ئوت قالانمىغان ئوچاققا كۆزۈم چۈشۈۋىدى، ئىچىمدە يەنە شەيتان قۇتراپ كەتتى: بىرەرسى بولسىمۇ راھەتكە چىقسىپ قالار، ئاللاھ مېنى كەچۈرەر، ئاتىسىمۇ، ئوغلۇممۇ كەچۈرەر...

ھېلىقى چوڭ شەھەردىن كەلگەن مېھمان ماڭا بالىنى ياخشى باقىدىغانلىقىنى، مۇھىمى، ئوقۇتۇپ بىلىملىك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەقلى توشقاندا، ئۆز ئاتا-ئانىسى، يۇرتى، قېرىنداشلىرى ھەققىدە راست ئەھۋالنى ئېيتىمەن، سىلەرنى يوقلاشقا ئەۋەتىمەن، - دەپ ۋەدە بەردى.

قۇش باللىرىدەك ماڭا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان باللىرىمغا قارىدىم: باللىرىمنى ئوقۇتالامدىم؟ئاتىسى تۈرمىدىن ئامان-ئېسەن چىقالامدۇ؟... بۇلارنى ئويلىغىنىمدا نەچچە كۈندىن بۇيانقى «بەرمەيمەن!»دېگەن قارارىم توغرا بولمىغاندەكلا بىلىندى. كاللامنى: تۇنجى بالامنى يەرگە كۆمۈپ قويدۇم. قەبرىسىنى يوقلاپ

يىغلاشتىن باشقىسىنى قىلالمىدىم. يەنە شۇنداق كۈنگە قالسامچۇ؟- دېگەندەك قورقۇنۇچلۇق خىياللار چىرماپ ئالدى.

— بوپتۇ، مەن رازى. بىر بالام بولسىمۇ، سالامەت چوڭ بولۇپ، ئوقۇپ ئوبدان ئادەم بولسا، بىر كۈنلەردە بىزنى يوقلاپ كېلەر، سىزگە ئامانەت، سىزگە تاپشۇردۇم، - دەۋەتتىم.

— ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە مىڭ رەھمەت! مانا بۇ چولپان كۆز ئوغۇل مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن، مېھمان شۇنداق دەپ تۇرسۇنمۇھەممەتنى قۇچىقىغا ئالدى. تۇرسۇنمۇھەممەت قىقىراپ يىغلاپ، تولغۇنۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپ باقتى. مېھمان ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيدى. بالام تىرەجەپ يۇمران قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى، ئۆمچىيىپ ماڭا تەلپۈنەتتى. بالام ئۇنايدىغاندەك ئەمەس.

مېھمان كىشى مۇلايىملىق بىلەن:

—سېنى ئوينىتىپ كېلىمەن، هارۋىغا، ماشىنىغا سېلىپ، ئوۋ ياقلارغا ئاپىرىمەن. يىغلىما بالام، ئوغۇل بالا يىغلىسا سەت بولىدۇ، —دېگىنىچە قولياغلىقىنى چىقىرىپ، بالامنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتتى. قالغان باللىرىم ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمەي، ماڭا، مېھمانغا، تۇرسۇنمۇھەممەتكە قاراپ شۈمشۈيۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

مېھمان كىشى بالامنى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ماڭا بۇرۇلدى:

—بۇ ئوغلۇمنىڭ ئىسمى نېمە؟ئاتىسى ئەھمەت ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يېزىدىكى تۇققانلىرىمدىن ئاڭلىدىم. ئامان بولسۇن، دەپ تىلەشتىن باشقىسى قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن.

— ئوغلۇمنىڭ ئىسمى تۇرسۇنمەھەممەت.

— قايسى يىلدا تۇغۇلغان ئىدى؟

1968 - يىلى 8- ئاينىڭ 17- كۈنى تۇغۇلغان ئىدى.

— ھە، ئىككى ياشقا كىرىپ قاپتۇ-دە؟ باللارنىڭ نەچچىنچىسى؟- دەپ سورىدى.

— تۆتىنچى بالام. تۇنجى قىزىم ئاسىيە ۋاپات بولدى. مۇنۇ ھەدىسى ئايگۈل، مۇنۇ ئاكىسى- تۇرغۇنجان، مۇنۇ سىڭلىسى مەستۈرە، دېدىم.

— ھەدە، بىلىمەن. بالىدىن تىرىك ئايرىلىش ئانىغا ئاسان ئەمەس. مەن بۇگۈن تۇرسۇنمەھەممەتنى ئېلىپ كېتەي. قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، - دېدى ئۇ.

— ئامان - ئېسەن چوڭ بولسا، ئوقۇسا... ، - مەن يەنە نېمىلەرنى دېدىمكىن، ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇ كىشى باللىرىمنىڭ يېنىغا باردى. تۇرسۇنمەھەممەتنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ. ئەلۋەتتە ئوقۇتىمەن. قالغان ئۈچ باللىنى يالغۇز بېقىشىڭىز بىلەن بېقىپ قاتارغا قوشۇشىڭىز ئاسان بولمايدۇ، دېگەچ شىرەنىڭ ئۈستىگە بىرتۇتام پۇل قويدى، - بۇ ئازغىنە پۇل باللىرىڭىزغا كېرەك بولۇپ قالار. يېمەكلىكلەر ئېلىپ بېرەرسىز.

مەن پۇلنى كۆرۈپ، خۇش بولمىدىم. قوقاستا پۇچۇلانغاندەك بولدۇم، ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم:

-ياق، ياق! كېرەك ئەمەس! باللىرىمنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرەر. پۇلىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ!-دېدىم، يالۋۇردۇم.

ئەمما ئۇ كىشى ئۇنىمىدى. زورلاپ تۇرۇپلىۋالدى:

-بۇ جىق پۇل ئەمەس. 600 يۈەن. بىر بالىڭىز دورا يوق ئۆلۈپمۇ كېتىپتۇ. ھېچبولمىسا، دورا پۇلى بولۇپ قالسۇن. ئۈچىمىزدىن باشقا كىشى ئۇقمايدۇ، سىزدىن ئۆتۈنەي، باللارغا كېرەك بولۇپ قالار دېدى.

ئۇ كىشى مېنىڭ ھالىمغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي قالدىمۇ، بىللە كىرگەن ھەمراھىغا قايتىشنى ئىشارە قىلدى. بالىنى ئۆزى باغرىغا بېسىپ كۆتەرگەنچە ئىشىككە ماڭدى. بىچارە بالام كىچىككىنە قوللىرىنى سىلكىپ يىغلاپ-يىغلاپ ئۆيدىن ئايرىلدى.

مەن خۇددى ساراڭ خوتۇندەك بالامنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپ يېتىشىۋالدىم. ئۇكىشىنىڭ قولىغا ئېسىلدىم.

ئۇ بالىنى ماڭا بەردى. مەن تۇرسۇنەھەممەتنى باغرىمغا باستىم، پۇرىۋالدىم، سۆيۈۋالدىم. ئۇنىڭ ئۇزاتقان قولىغا بالامنى تۇتقۇزدۇم. تۇرغان يېرىمدە تەقدىرىمدىن رەنجىپ، خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپ قالدىم.

— بىز ھازىرلا ماڭمىز ھەدە، ھارۋا ساقلاپ قالدى. ئامان بولۇڭ، بالىدىن ئەنسىرىمەڭ، دېدى ئۇ. ئاندىن تېز مېڭىپ، چوڭ يول تەرەپكە كەتتى.

مەنمۇ كەتتىم. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، ئەڭ يېقىن ئېتىز يولى بىلەن چوڭ يولغا قاراپ چاپتىم. بۇغداي ئورما ۋاقتى ئاللىقاچان ئاياقلاشقان كۈنلەر بولغاچقا، يالىڭاچلىنىپ كەتكەن ئېتىز-قىرلاردىن، ئويمان-دۆڭلەردىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، چوڭ يول بويىغا بالامنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىدىن بۇرۇن بېرىۋالدىم. مەھەللە تەرەپكە بوينۇمنى سوزۇپ قاراپ، سارغىيىپ قالغان يوغان چىغ تۈۋىگە يۈكۈندۈم. بىردەمدىن كېيىن بالام بار ھارۋا كۆرۈندى. ماڭا يېقىنلاشتى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاتنىڭ بوجسىغا ئېسىلغۇم، بالامنى ئېلىپ قاچقۇم كەلدى. چىدىمىدىم، يۇمۇلاپ يەرگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئامالسىز قالغان ئاجىز ئايال، چارىسىز ئانا ئىدىم. يىغا ئاۋازىم بالامغا ئاڭلىنىپ قالمىسۇن دەپ، ياغلىقىمنى بېشىمدىن ئېلىپ، پۇرلاپ ئاغزىمغا تىقتىم. ھارۋا ئالدىمدىن تاراقلاپ ئۆتۈپ كەتتى. يەردە قانچىلىك ۋاقىت ياتتىمكىن، ئۆيدە قالغان ئۈچ بالام كۆزۈمگە كۆرۈندى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆيگە چاپتىم.

مەريەم ئانا بۇ كەچمىشنى سۆزلەپ بولغۇچە، مىڭ ئۆلۈپ-تىرىلگەندەك بولدى. ئاردا يەنە جىمجىتلىق.

ئەھمەت ئاتىمىز خوتۇنىنىڭ قولىدا دىر-دىر تىترەپ تۇرغان ھېلىقى كونا گېزىتتىن ياسالغان لىپاپىنى ئاستا سۇغۇرۇۋالدى. ئىچىدىن ئاۋايلاپ بىرپارچە سۈرەتنى چىقاردى. روزىمەھەممەت ئىككىمىز دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلدۇق.

تارتىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، سۈرەت پاكىزە ساقلانغان ئىكەن.

— بۇنى تونۇدۇڭلار ھەقىچان، — دېدى ئەھمەت ئاتا بىگىز قولى بىلەن سۈرەتتىكى چاقماق كۆينەكلىك ئاق يۈزلۈك، ياش بىرئايالنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى مەريەم ئانىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— مانا بۇ ئانىسى خەققە بېرىۋەتكەن ئوغلۇم تۇرسۇنمەھەممەت، — ئۇ ئەمدى ئاغزىدا ئىمىزگە شوراپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئولتۇرغان بالىنى كۆرسەتتى، ماۋۇ يەنەبىرى، - ئۇ بىگىز قولىنى ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىككىنچى بالىغا يۆتكىدى، مەن تۈرمىدىكى كۈنلەردە تۇغۇلغان كەنجى بالام مەستۈرە بولىدۇ.

ئۇ سۈرەتنى يەنە ھېلىقى كونا گېزىت لىپاپقا سېلىپ، ماڭا سۇندى:

بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. بۇ سۈرەتنى سىز ساقلاپ قويۇڭ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلۇم تۇرسۇنمۇھەممەتنى تېپىپ، بۇ سۈرەتنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرسىڭىز. مېنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئوغلىمىزنى بىركۆرۈش ئارمانىمىزنى يەتكۈزۈپ، جاۋاپ ئېلىپ بەرسىڭىز. (ماقالامنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان سىر-دەل تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ ھازىرقى كىملىكى، قايەردە، قانداق ياشىغانلىقىدىكى ئۇلاربىلىشكە تەشنا بولغان، ئوغلىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان سىر ئىدى.)

ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى. كونا گېزىتنى دەرھال قولۇمغا ئالدىم. لېكىن، ۋەدە بېرەلمىدىم. چۈنكى، بالىنى ئېلىپ كەتكەن كىشى تاكى بۈگۈنگىچە بالىنىڭ خەۋىرىنى بەرمىگەن.

بۇ مۇرەككەپ سىرنى تېز يېشىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەشۇ ئارمان بىلەن ياشاۋاتقان ئاتا-ئانىنى خاتىرجەم قىلالىشىمغا ۋەدە بېرەلمىدىم. باتۇرىمىزمۇ چۈشەندى بولغاي، سۆزىنى داۋام قىلدى.

— تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بالامنىڭ قىسمىتىنى ئاڭلاپ، بۇ ئانىسىغا تاپا-تەنە قىلىمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئامال، دەيمەن. شۇنچە قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ بالامغا ئىگە بولالمىسام، دۇنيادا مەندەك شور پىشانە ئەسكەر بارمىدۇ، دەپ ئازاپلانغاندا، بالىغا دۆڭگەپ تۇرۇپ، ئۆچۈمنى ئانىسىدىن ئالغان كۈنلۈرۈم جىق.

تۇرسۇنمەھەممەتتىن ئايرىلغىنىمىزغا 34 يىل بولدى. ئوغلۇم بۇيىل 8 -ئايدا 36 ياشقا كىرىدۇ. ئاڭلىساق ئوغلىمىز سالامەت ئىكەن. ئالىي مەلۇماتلىق، كاتتا كىشى بوپتۇ. چەتئەلدە ئىكەن. بىراق، بالىنى ئېلىپ كەتكەن كىشى بىز بىلەن ئالاقىنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۈزۈۋەتتى، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا مەندە ئامال يوق. ناۋادا تاپسام: «مەن سېنىڭ ئاتاڭ!» دېسەم ئوغلۇم مېنى قوبۇل قىلامدۇ؟ئازاپلىنامدۇ، ياكى بىزدىن نەپرەتلىنەمدۇ؟باققان، جاپاسىنى تارتقان، ئوقۇتقان ئاتىسىغا خاپىلىق بولۇپ قالامدۇ... دېگەندەك قىسىنچىلىقلاردا تۇرۇۋاتىمىز. ئوغلۇمغا ئاتىلىق قىلغان كىشىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇندىشىنى كۈتۈۋاتىمىز.

— مەھەللىدىكىلەر مېنى سورۇنلاردا چەتكە قاقىدۇ، نەپرەت كۆزلىرىدە قارىشىدۇ. ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: بالىسىنى سېتىۋەتكەن خوتۇن بۇ! دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ ئەمەس، ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىسىدا بولغان گەپ بولغاچقا، ئاللىقاچان مەھەللىگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. مەن نومۇستىن ئولۇۋالغۇدەك يەرگە يېتىمەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈۋاتقان كۈنۈم بۇ. بالامنى كۆرەلمىگەننى

ئــاز دەپ يامــان ئاتاققــا قالدىــم، ـــمەريــەم ئانــا ئىچىدىكــى ئــەڭ ئاچچىــق ئازابىنىمــۇ بىزگــە تۆكتــى.

مــەن چىدىمىدىــم، ئورنۇمدىــن تــۇرۇپ، مەريــەم ئانىنــى قۇچا قلىد ىــم.

تەقدىرىمــىز نىمــە دېگــەن رەھىمســىز! ئــۇرۇش قەھرىمانــى «چاپايــوپ» شــۇنىڭ ئۈچــۈن دۈشــمەن بىلــەن جــەڭ قىلغانمــىدى؟ ئۇيغۇرنىــڭ ئازادلىقــى ئۈچــۈن قــان- جــان بەرگــەن قەھرىمانلارنىــڭ ئارمانــى مۇشــۇمىدى؟

ئاخىرقــى ھاياتىــدا يۈرەك پارىسىنى باغرىغا بېسىپ ياشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتــا، بىرقېتىــم كۆرەلمــەي ئارماندا ياشاش ئۈچۈنمىدى؟

تــۆت بــالا بىلــەن «سەھرايى قىيامەت»تــە يەتكىچــە جاپا تارتقان ياشــلىقىنىڭ لەززىتىنــى ئەمــەس، ئارامىنىمــۇ كۆرمــەي ياشــىغان، قېرىغانــدا بولســا، ئېــرى ئالدىــدا، يۇرت-جامائــەت ئارىســىدا بېشــىنى كۆتۈرەلمــەس بولغــان بىچــارە ئانىنىــڭ مەڭزىگــە ســۆيدۈم. چىــڭ قۇچاقلىدىــم.

شــۇنداق ئــازاپلار، داۋالغۇغــان ھېسســىياتلاردا ھەممىمــىز جىددىيلىشــىپ كەتتــۇق. روزىمۇھەممــەت ئەھمــەت ئاتىمىزنىــڭ يېنىــدا ئولتــۇرۇپ، ئۇنىــڭ دىققىتىنــى ئازاپلىــق ئەســلىمىلەردىن يۆتكەشــكە تىرىشــماقتا:

ـــ ئايگــۈل بىلــەن تۇرغۇنجــان، مەســتۆرەلەر تېچلىقمــۇ؟ ئــۇلار مۇشــۇ يېزىــدا تۇرامــدۇ؟

ـــ شــۇنداق ئــۇلار مۇشــۇ يېزىــدا ئىــدى. بىــراق، كىچىــك قىزىــم خاتالىــق ئۆتكــۈزۈپ قويــدى. ئۇنــى يامــان كىشــىلەر ئالــداپ كەتتــى. ئائىلىمىزنىــڭ ئەھۋالــى شــۇنداق ئېغىربولــدى. مــەن تۇرمىدىــن چىققۇچە باللىرىــم ئوقۇشســىز قالــدى. نادانلىــق خاتالىققــا باشلايدۇكــەن. باللىرىمنىــڭ ئوقۇشســىز قېلىشــىدا مــەن گۇناھكارمــۇ؟...

ئاچچىــق ئەســلىمىلەر بىلــەن دېرىزىلىــرى چىــڭ دۈملەنگــەن

ئۆيىدە سۆزلىشىپ، نە قوساقنىڭ ئاچقىنىنى، نە ئۇسسۇزلۇقنىڭ قىستىغىنىنى سەزمەي ئولتۇرۇشقان ئىدۇق. تۇيۇقسىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپلا، قاۋۇل بىر يىگىت كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مېھمان كەلدى، دېمەيسىزا ئەھمەت ئاكا!- ئۇ ئۆزىنى ئۆينىڭ ئىگىسىدەك ئەركىن تۇتۇپ، روزىمۇھەممەتكە قولىنى ئۇزاتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ، سالام قىلغاندەك بولدى. مەن ئەھمەت ئاتىمىز بىلەن مەريەم ئانىغا قارايمەن. بۇ مېھماننى تونۇشتۇرار دەپ كۈتۈمەن. ئۇلار قامەتلىك يىگىتنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى.

— ئەھمەت قاسىم ئاكا، سىلەرنى «ناسىرپاڭنىڭ بېغى»غا ئاپىرىپ مېھمان قىلايمىكىن دەپ كىرىپ كېلىشىم. سىزنىڭ مېھمىنىڭىز يېزىمىزنىڭ مېھمىنى ئەمەسمۇ؟ قانداق بولامدۇ؟ كۈننىڭ ئىسسىغىدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالساڭلار بولماس. ھە، مېھمانلار يۈرۈڭلار!

قىچقىرىلمىغان مېھمان ھىجىيىپ خوشامەتكۈيلۇق بىلەن ھېچكىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي ۋالاقلاپلا كەتتى.

روزىمۇھەممەت ئىككىمىز ئەھمەت ئاتىمىزغا قارىدۇق. ئۇ تەستە كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى-دە:

— ھوي، بىردەم ئولتۇرمايلا چىقامسەن؟ تەكلىپىڭگۇ ياخشى ئىكەن. ئالدىرىما، بۇ مېھمانلار نېمە دەيدىكىن-تاڭ؟ - دېدى.

— تالادا ماشىنا ساقلاپ قالدى. شۇڭا سىلەرنى ئالدىرىتىۋاتىمەن. جۈرۈڭلار، كەتتۇق! سىزمۇ بېرىڭ ھەدە! — ئۇ مەريەم ئانىغا بۇرۇلغاندا، ئەھمەت ئاتىمىز بىزگە قارىدى، بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ كۆزىنى قىسىۋالدى.

چۈشەندىم. دېمەك، بۇ ئائىلىنى تەقىپلەش، مارىلاش تېخىچە داۋاملىشىۋېتىپتۇ. ئاتىمىز بىزگە:

— مەريەم تاماق ئېتىپ تۇرسۇن، ئۈچىمىز بارايلى. «ناسىر

پاگىنىڭ بېغى»دىكى ئۆرۈكلەر ئاخىرلىشىپ قالدى. سىلەرگە چۈشلۈق چىقىپ قالار. يۈرۈڭلار ئەمسە، ـ دېدى.

ھېلىقى يوچۇن يىگىت ئەڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقتى. بىرشۇملۇقنىڭ باشلىنىۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان ئىدۇق. مەن ھەممىنىڭ ئاخىرىدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقسام، ئەھمەت ئاتىمىز ئۆينىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئالدىمدا چىققان روزىمەھەممەتكە كۆزىنى قىسىپ، يىگىتنى ئىشارە قىلدى. مېنىڭ بىلىكىمنى يوغان ئالقىنىدا چىڭ سىقىپ قويدى. ئۇ بىزگە: «دىققەت!» دېگەن سېگنالنى بېرىۋاتاتتى.

تالادا بىرجىپ ماشىنا ساقلاۋاتقان ئىكەن. يەنە شۇنداق گەۋدىلىك بىر يىگىت بېشىنى ئارقىغا بۇراپمۇ قويماي رولنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەھمەت ئاتىمىز بىرئېغىز گەپ قىلماي ماشىنىغا ئاۋۋال چىقتى.

ئارقا ئورۇندا ئۈچىمىز ئولتۇردۇق. ماشىنا توپا توزىتىپ، بىردەمدە مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى. «ناسىرپاگىنىڭ بېغى»دا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدىم: بۇلار ساقچىلاردەك قىلىدۇ. زادى نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز بىزنى بۇيەرگە باشلايدۇ؟يېزىغا كەلگىنىمىزنى قانداق بىلگەندۇ؟

ئەھۋال خېلى مۇرەككەپ ئىدى.

ئىككى ناتونۇش يىگىت بىزنى باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىرنەچچە تۈپ ئالما دەرىخى تۈۋىگە باشلىدى. بۇيەرگە ئاللىقاچان كىگىز سېلىپ، دەستۇرخان ھازىرلاپ قويۇشۇپتۇ.

ئۈچىمىز گەپ-سۆز قىلماي دەستۇرخاننى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. بىردەمدە ئالدىمىزغا كىملەردۇر تەخسىلەردە توخۇ گۆشى، كاۋاپلارنى قويدى. قورسىقىم ئوبدانلا ئاچقان ئىدى. لېكىن، تاماققا قول ئۇزاتمىدىم. ئىچىمگە: تاماقلارغا بىرنەرسىلەر قوشۇلغانمىدۇ؟دېگەن خىيال كىرىۋالدى. تەكلىپنى رەت قىلىشقا

باھانە تاپتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نېرىغا ماڭغاچ:

— ئاق ئۆرۈكنى شېخىدىن ئۈزۈپ يېمىگىنىمگە يىگىرمە يىللارچە بولدى. ئىزدەپ باقاي، —دېدىم.

— ھەي، شەلىك دېگەنىنىزە، بۇ كەمدە ئاق ئۆرۈك تۇرامدۇ؟شاختا كۆكسۇلتان قالدىمىكىن، - دېيىشتى ئۇلار.

مەن نېرىراق بېرىپ شاخلارغا ئېسىلدىم. راستىنلا ئاقئۆرۈك تۈگەپتۇ. كۆكسۇلتاندىن بىرنەچچىنى تاپتىم.

كۆكسۇلتانىنىڭ بەزىلىرى غورىدەك چۈچۈمەل ئىكەن.

بارغانسېرى نېرىغا كەتتىم. ئۇلار بىلەن بىردەستىخاندا ئولتۇرسام، تاماقلاردىن گۇمانلىنىپ، دىققەت تارتىپ قېلىشتىن، بەزى ئەگىتمە سوئاللارغا ئېزىپ خاتا جاۋاپ بېرىپ قېلىشتىن، يوشۇرۇن قىلتاقلارغا ئىلىنىپ قېلىشتىن مۇشۇ باھانەم بىلەن قۇتۇلماقچى ئىدىم.

قىزىق يېرى، كەگىرى باغنى شۇنچە ئايلانسامۇ بىر ئادەم ئۇچرىمىدى. بىردەمدىن كېيىن:

— ئەمدى كېتىمىز، قايتىڭ!- دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم-دە، تېز قايتىپ كەلدىم. ئىككى يىگىتكە قارىغۇم كەلمىدى. ئۇلار بىزنى ماشىنىغا قاچىلاپ، ئاۋۋال ئەھمەت ئاتىمىزنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويدى. روزىمەھەممەت ئىككىمىزنىڭ ئاپتوبۇس بىلەن كېتىمىز، دېگىنىمىزگە ئۇنىماي، سىيلىق گەپ بىلەن زورلاپ ماشىنىغا چىقىرىشتى. ئاۋۋال مېنى شەھەردىكى ئاتا-ئانامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. ھەيران قالدىم. ئادرېسىمنى سورىماي، مېنىڭ ئۆيۈمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟

مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، روزىمۇھەممەتنى ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى روزىمۇھەممەتكە تېلېفون قىلىپ، ئۇنى قاتناش بېكىتىگە ئاپىرىپ تاشلىغانلىقىنى ئۇقتۇم. ھەرھالدا ئۇمۇ سالامەت ئىكەن.

ئېنىقكى، ئۇلار پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ئىدى.



سۈرەتتىكى ئىمىزگە ئىمۋاتقان تۇرسۇنمەھەممەت ئاپپاق يۈزى بىلەن ئاپىسىغا، چاسايۈزى، يوغان كۆزلىرى بىلەن تامدىكى غەنى باتۇرنىڭ سۈرىتىگە يانداش ئېسىلغان سۈرەتتىكى ئەھمەت قاسىم چاپايوپنىڭ ياش ۋاقتىدىكى چىرايىغا ئوخشاپ تۇراتتى. مەن بۇ

يىل (2023) 55 ياشقا كىرگەن تۇرسۇنمەھەممەت (ھازىرقى ئىسمى باشقا) بىلەن چەت ئەلدە كۆرۈشتۈم. ئاتا-ئانىسىنىڭ سالىمى، ئامانىتىنى يەتكۈزدۈم.

قەھرىمانىمىزنى 2-قېتىم زىيارەت قىلغىنىمدا ئۆزى يازغان قىممەتلىك ماتېرىيالنى ماڭا بەرگەن ئىدى. ماڭا ئىشەنگەن، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشۈمنى ئارمان قىلغان، ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئېچىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئېلان قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مانا ئارىدىن 19 يىل ئۆتكەندە سېدنېيدا ئولتۇرۇپ ئاشكارىلاۋاتىمەن. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ بۇنچە كېچىكتۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى: بىرى، باتۇرىمىزنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇنىڭغا يەنە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلدىم. ئىككىنچىسى، باشتا يازغىنىمدەك «چاپايوپ» ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە بىرئىشنى يۈتتۈرگەن ئوغلىنى بىركۆرۈش، ئاۋازىنى ئاڭلاش، ئارزۇسىنى، ھېچبولمىسا، ماڭا ئامانەت قىلغان ئارمانىنى ئورۇندىيالمىغانلىقىم ئۈچۈندۇر. ئەپسۇس، مانا ئەمدى، ئامانەت سۆزلىرىنى ئوغلىغا يەتكۈزگەن بۇ كۈنلەردە بۇ بىرجۈپ جاپاكەش قەدىردانلار بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ئىدى.

****

# چاپايوپ دېگەن نامنىڭ ماڭا بېرىلىشى

ئەھمەت قاسىم

(تۆۋەندىكى مۇھىم يازمىنى باتۇرنىڭ قولىيازمىسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز شۇنىسى بويىچە ئەينەن كۆچۈردۈم. ئاپتور)

1944- يىلى 11 -ئاينىڭ 19 -كۈنىدىن 1944 - يىلى 11-ئاينىڭ 28 - كۈنىگە قەدەر ئىلىنىڭ توققۇز مۇھىم ئورنىغا جايلاشقان دۈشمەن ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، بىزگە بارلىق ئامال - چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، غالجىرلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ھەرەمباغ بۇتخانىسىگە بىزنىڭ ئەترەت غەرپ تەرەپ بۇتخانىنى،

شىمال تەرەپ ھەرەمباغنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، دۈشمەن ئەرمىيەسىگە شىددەتلىك زەربە بېرىشنى باشلىۋەتتۇق.

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەترەت باشلىغى مەخپىر تۆرە مېنى چاقىرىپ:

—سېنى باش ئىشتاپ چاقىرىۋاتىدۇ. بۇ كىشى سېنى باشلاپ بارىدۇ، —دەپ بۇيرىدى.

مەن ھەرخىل خىيال-تەشۋىش بىلەن مېنى باشلاپ ماڭغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئىشتاپ زالىدىن ئۆتۈپ، ئايرىم خانىنىڭ بىرىنىڭ ئىشىكىنى بايىقى كىشى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۇرۇۋىدى، رۇخسەت ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپلا تاك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. رەھىمجان سابىرھاجى

ئـاكام مېنـى كـۆرۈپ، ئۇسـتەل ئالدىدىـن تـۇرۇپ:

— هـە، مـا ئىشـنى قـارا، ئەخمەتمۇسـەن؟ قـارا سـېنى؟ياراملىق پارتىـزان بوپسـەن. ياخشى-ياخشـى!- دەپ مۇرەمگـە ئـۇرۇپ تـۇرۇپ، ئولتۇرۇشـقا تەكلىـپ قىلـدى. ئالدىمغـا بىـر ئىسـتاكان سـۇ قويـۇپ:

— ئاغىنەڭنى كۆرەمسەن؟-دەپ سورىدى.

— ئەلبەتتە كۆرىمەن-دە! دېدىم.

بـۇ كىشـى، يەنـى، رەھىمجـان سـابىرهاجىنىڭ ئىنىسـى ـ قېيىـم سـابىرهاجى مېنىـڭ ئاغىنـەم بولـۇپ، ئىنقىلاپتىـن بـۇرۇن، ئۇنىـڭ ئۆيىگـە كۆنـدە دېگـۈدەك بېرىـپ تۇراتتىـم. شـۇ چـاغلاردا رەھىمجـان ئـاكا بىلـەن ياخشـى تونۇشـۇپ قالغـان ئىدىـم.

قېيىمنـى دەرھـال چاقىرتىـپ كىـردى. شـۇ يـەردە كۆرۈشـتۇم. قېيىـم رازۋېـت بۆلۈمىـدە ئىشلەيدىكەن. ئىككىمىـز قىزغىن پاراڭلىشـىپ تۇرۇۋېـدۇق. رەھىمجـان سـابىرهاجى:

— بولـدى قېيىـم. ئەخمەتنىـڭ مۇھىـم ئىشـى بـار، -دەپ گەپنـى بۆلـدى. قېيىـم چىقىـپ كەتتـى. رەھىمجـان ئـاكا:

— ئەخمـەت سـېنى خەتەرلىـك، مۇشـكۇل ۋەزىپـە بىلـەن بىريەرگـە ئەۋەتمەكچى.

— قېنى ھەرقانداغ ۋەزىپە تاپشۇرسىڭىز مەن تەييار!

— سـېنى بىـر ماشـىنا بىلـەن لوسـۇگۇڭغا ئەۋەتىمـەن. يولـۇڭ خەتەرلىـك، سـۇيدۇڭ ـ كـۇرەدە بىرپولـك دۈشـمەن ئەرمىيەسـى بـار. قانـداغ باراالامسـەن-يوق؟

— بارىمەن، سىز ئوت دېگىنىزغا بۇيرىسىڭىزمۇ تەييارمەن!

ئۇ ئۇستەل تارتمىسىنى دەرھال تارتىپ:

— مانـا بۇنـى چىلپەگزە-لوسـۇگۇڭنى ئـازات قىلغـان لېسـكىن دېگـەن ئورۇسـقا بېرىسـەن. ئـۇ سـېنى باشـقۇرىدۇ. نېمـە دېسـە بويسۇنىسـەن. ھەرقانـداغ شـارائەتتە بـۇ ئالاقـە دۈشـمەن قولىغـە

چۇشۇپ كەتمسۇن.

— ساڭا ئىككى تۇڭگاننى قوشمەن. بىرسى مەنسۇر، بىرسى كېرىماجى. ئۇلار سۇيدۇڭ تۇڭگانلىرىدىن پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەيدۇ. سالامەت سۇيدۇڭگە يېتىپ بارغاندا، مۇۋاپىق ئورۇنغا تاشلاپ كېتىسەن!

باش ئىشتاپنىڭ لىسكىنگە يازغان ئالاقىسىنى ئېلىپ، ھەرەنباغ بۇتخانىدا مۆلدۈردەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماي، لوسۇگوڭغا قاراپ يول ئالدۇق.

ماشىنا ئۈستىدە كەپىنكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان كېرىماجى، مەنسۇر بىلەن ماڭا ياردەمچىلىككە بەرگەن مىجىت ئۈچتال ئوق بىلەن پىرەنسىيدە ئىشلەنگەن ئاخوت مىلتىغىنى[5] چاتىرىسىگە قىسىپ، ئەندىشە بىلەن ماڭماقتا ئىدۇق.

مەن بەش ئاتار[6] مىلتىقىمنى ھەرقانداق خەتەرگە تەييارلاپ، غەمسىز شوپۇر رەپقەتكە ئاندا-ساندا قاراپ، بويانداىدىن ئۆتۈپ، يېڭى يەرگە ئازقالغاندا، شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ، يولنىڭ چېتىگە بېرىپ، موخۇركىسىنى بۇراشقا باشلىدى. شوپۇر رەپقەت[7] -تاتار. ئۇ 1936- يىلى سۇيدۇڭ ئېلىكتېر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندا، 1937 -يىلدىن 1940 - يىلغا قەدەر شوپۇرلۇق قىلىپ، كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇش ئىدىم.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— نېمە بولدى؟بىز ئالدىراش. توختاشقا بولمايدۇ. ماڭايلى، -دېسەم، ئۇ:

— ئەخمەت سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ سۇيدۇڭ-كۇرەلەردە نۇرغۇن دۈشمەن ئەسكىرى تۇرسا قانداغ ئۆتىسەن؟- دەپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— رەپقەت بۇ سوزۇڭنى ئىشتاپتا رەھىمجان ئاكامغا دېسەڭ بولاتتى. بۇ يەردە ئاقمايدۇ. ماڭايلى، دەپ زورلاپ يۈرۈپ يولىمىزغا ماڭدۇق.

بىز غۇلجىدىن كۈندۈز سائەت 10 دا ماڭغان بولساقمۇ، شوپۇرنىڭ يەتتە يەردە تۇرۇۋېلىشى بىلەن سائەت بىردە چايلەگزىگە يېتىپ كەلدۇق.

بۇ يەردە ماشىنىنى يەنە توختاتقان شوپۇر:

-ئەخمەت مەن ماڭمايمەن. قايتايلى، —دەپ تۇرۇشى سۇيدۇڭ تەرەپتىن پىيادە بىر كىشىنىڭ غۇلجىغا قاراپ كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى. ئۇ بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن سورىدۇق:

— نەگە؟

— غۇلجىغا.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئانامنىڭ قېشىغا.

— يولدا نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

— يانبۇلاقتا، كونا چىلپەگزىدە نۇرغۇن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاتلىق ئۇيان-بۇيان چېپىشىپ يۈرىدۇ.

— بولدى. يولۇڭغا ماڭ!- دەپ بىز ئۇنى قويۇپ بەردۇق.

بىز بەش كىشى. قانداغ قىلىش كېرەك؟ ئارقىمىزغا قايتامدۇق ياكى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ بىرياقلىق بولامدۇق؟ ئالدى بىلەن شوپۇر:

— مەن قايتىمەن. ئۈچ بالام بار. دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەيمەن. باشقىلار يەرگە قاراپ تۇردى.

مەن رەھىمجان ئاكامغا ۋەدە بېرىپ بۇ ئىشقا ئاتلانغان. خاتىرجەم بولۇڭلاركى، چوقۇم بارىمىز. ئۈچ بالام، تۆت بالام دېگەن سۆزلەرنى قويۇپ، ماڭايلى. ئاقىۋىتىنى ئويلاپ سۆزلەڭلار، -دېدىم.

— تــۈر، رەپقەت!ھەيــدە ماشــىناڭنى! -شــوپۇر زورلــۇق بىلــەن ماڭــدى. ئۆتمۈشــتىكى ماشــىنا يــول شــوربۇلاق بىلــەن سۇيىدۇك سېپىلىگە ئــۇدۇل يــۈرۈپ، 150 مېتــر قالغانــدا ســولغا بۇرۇلــۇپ، ئايلىنىــپ لوســىگۇگغا ماڭاتتــى.

بىــز ســائەت ئالتــىدە شــورىبۇلاق تۆپىلىكىگــە يېتىــپ كېلىــپ، سېپىلغا قارىساق، سېپىل ئۈستىدە دۈشمەن ئەرمىيەسىنىڭ ئۇيان- بۇيــان مېڭىــپ يۈرگىنــى كۆرۈنــدى.

بۇنى كۆرگەن شوپۇر:

— باشلىق كۆردۈڭمۇ؟قانداغ قىلىمىز؟

مەن:

— يا ئۆلىمىز، يا ئۆتىمىز. ئامالىڭ يوق، —دېدىم.

ماشىنا ئۈستىدىكى كىشىلەرگە:

— دۈشمەنگە كۆرۈنمەي، تېز يېتىۋېلىڭلار! — دېدىم. ناھايىتى تېــز يــۈرۈپ كەتتۇق.

دۈشــمەن ئەرمىيەســى ســېپىل ئۈســتىدە خــۇددى قاغــىدەك قــاراپ قالــدى. مەنســۇر، كېرىماجىلارنــى ســۇيىدۇڭنىڭ ئەپلــىك، خالــى يېــرى بولغــان يالغــۇز سۆگەت ئالدىغــا تــاشلاپ، لوســۇگۇڭغا قــاراپ يــۈرۈپ كەتتــۇق.

كــەچ ســائەت 9 لاردا لىيســكىن شــتابىنى تېپىــپ، ئۇنــىڭ بىلــەن كۆرۈشــتىم. ئــۇ مېنــى ئاجايىــپ قىزغىنلىــق بىلــەن قارشــى ئېلىــپ، تامــاق بۇيرىــدى. دەرھــال تامــاق يــەپ، دەم ئالمــايلا:

— ئەخمەت بىز ماڭايلى، —دېدى.

-قاياققا؟-سورىدىم مەن.

—چېگراغا.

شۇ ھامان قورغاس چېگراسغا ماڭدۇق. چىلپەگزىدە ئازراق توختاپ، كېچە سائەت 11 -12 لەردە زاستاپقا يېتىپ باردۇق. زاستاپ ئىشتاۋىغە كىرىپ، رەھمجان ئاكىنىڭ ئالاقىسىنى بېرىۋېدىم. ئۇ:

-ئىككى سائەت كۈتسلە، —دېدى.

لېكىن ئۇيغۇرچە سۆزگە ناھايىتى ئۇستا، خەتكىمۇ شۇنداغ.

بىز ئۆز چېگرىمىزگە ئۆتۈپ تۇردۇق. ئۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، چېگرا ھەرقانداق كىشىگە ئوچۇق ئىكەن. شۇڭا بەزىلەر ئات، كالا، قويلارنى ھەيدەپ ھەم ئۇن، گۈرۈچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى خالتا-خوجۇنلەرگە سېلىپ، كېچىسى سايىنىڭ تېشىدىن كۆپرەك ئادەم ئوقەت بىلەن ئىكەن.

بۇ ئىشنى كۆرگەن لېكىن:

—ئەھمەت قارا، بىز جان بىلەن، بۇلار بولسا مال بىلەن. تۇرمۇش دېگەن شۇنداغ، —دېدى.

بىرچاغدا بەش دانە بىرىشكە[8] زاستاپ ئالدىدا توختىدى. زاستاپ باشلىغى:

—بۇياققا ئۆتۈڭلار! — دەپ بۇيرىدى.

بىز بىرىشكىلەردىكى قورااللارنى ماشىنىغا بېسىپ، تاڭ يورۇشى بىلەنلا لوسۇگۇڭغا قايتىپ. ئەتىسى كۈندۈز سائەت 10 لاردا لېكىن ئائىلىسىنى ۋە ئۆزىنى ئېلىپ، غۇلجا باش ئىشتاپقا ماڭدۇق.

لېكىن ئۆز ئەترىتىنى چابدانغا[9] مەسئۇل قىلىپ، بىز سۇيدۇڭگە يېتىپ بارغىچە سۇيدۇڭ، كۈرەنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بىزنىڭ خاتىرجەم غۇلجىغە ئۆتۈپ كېتىشىمىزگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تاپشۇردى. شۇڭا قايتىشتا خاتىرجەم ئۆتۈپ، باش شتاپقا كېلىپ مەغرۇر قەدەم تاشلاپ، رەھمجان ئاكا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم.

بۇ كىشى ماڭا 20 ـ10 قېتىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

ــئەخمەت، ھازىردىن باشلاپ ساڭا «چاپايوپ» دەپ نام بېرىلدى، ـ دەپ سۆزلەپ مۇنداغ دېدى:

ــچاپايوپ بولسا: ئاقلارنىڭ ئەسكەرلىرى دەريادا ئاتلىرىنى يۇيۇۋاتقان پەيتتە ھارۇنغا ماكسىم پىلىمۇتنى

بېسىپ، تۆت كىشى بىلەن دەريادىن ئۆتكەن. سەن بولساڭ بىر پولك دۈشمەن ئەرمىيەسىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدىڭ، ــدېدى ۋە دەرھال ئەترەت باشلىغى مەخپىر تۆرىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

ئەترەت باشلىغى يېتىپ كېلىشى بىلەن:

ــئەخمەت بۈگۈندىن باشلاپ «چاپايوپ» دەپ ئاتالدى. بۇنى ئەترەتتىكى بارلىق پارتىزانلارغا ئالاھىدە ئۇقتۇرۇڭ!ـ دەپ بۇيرىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن «چاپايوپ» ماڭا تەخەللۇس بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىمەن.

(تۆۋەندىكى ئەخمەت قاسىم «چاپايوپ»نىڭ ماڭا تاپشۇرغان قىممەتلىك قوليازمىسى. )

[illegible] 2004-7-12K

[illegible]

[illegible]

[illegible]

چاپايېۋ دېگەن نامنىڭ بېرىلىشى -

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈندىن 1944-

يىلى 11-ئاينىڭ 28گە قەدەر ئېلىنىڭ توققۇز

مۇھىم قورغانغا چاپلاشقان دۈشمەن ئەسكىرىنى

مەغلۇپ قىلىپ بىرگە بارلىق ئامالىي چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ

غالىبلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان

ھەرەنباغ، بوتقانىسىغا بىرلىك ئەترەت غەربتە يېرىم

بوتقانىسى - شىمالدىن ھەرەنباغقا ئۇسكە

ئىچكى ئېلىپ دۈشمەن ئەسكىرىگە شىددە

[crossed out] تىلىك زەربە بېرىشنى باشلىۋەتتۇق ،

1944-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى ئەتىگەندە

شىلىغ مەيدانىدا مىنى چاقىرىپ - سىنى باش

ئىشتاپ چاقىردى بۇ كىشى سىنى باشلاپ ياردۇ

دەپ بۇيرىدى -

مەن ھەرخىل خىيال - تەشۋىش بىلەن ئۇنى

باشلاپ ماڭغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئىشتاب

ئالدىدىن ئۆتتۈپ قايسى خانىنىڭ يېنىغا يېقىن كىشى

ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىگەن ئۇ ئۆيىدىن رۇخسەت
ئەۋازى ئاكىلىسى بىلەن قوشنىسىغا كىرىشلا تاڭ قىش
قالدىم . رەھىمجان سابىرھاجى ئاتام مېنى كۆرۈپ
قوشتۇل ئالدىدىن تۇرۇپ - ھە - ماشىنى قارال
ئەھمەت مۇسەن ؟ قاراسىنى ؟

يارامىلىق يارتىپ ، نېمىشقا ؟ يامىشى - يامىشى دەپ
بوۋرە يگە ئۆزۈمنى يۈرۈپ تۇتۇپ ئوتتۇرۇشقا ئەتىگىنى قالدى .
بىر ئىستاكان قاينىغان سۇ قۇيۇپ - ئاغزىغا كۆكرىمىسەن ؟
سۇ ئۈرۈدى ، ئەلبەتتە كۆرىسەن دە ؟

بۇ كىشى رەھىمجان سابىرھاجىنىڭ ئىنىسى . قىسىم
سابىر ھاجى ، مېنىڭ ئاغىنەم بولۇپ ئىشقىلا يىتىن
بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە كونىدە . دېگەندەك بىرىپ تو
راتتىم . سېتىۋالغان رەھىمجان ئاكا بىلەن يېقىشى
تونۇشۇپ قالغان .

قىسمەن دە رەھىمجاننىڭ قىرىپ كەلگەندى سۈيى رەدە كۆرۈشتى
قىسىم ، رەۋايەت بولمىسا ئىشلەيدىغان . ئىككىمىز
قانچىلىك يا . راكىلىش تۇرۇۋىدۇق ، رەھىمجان

2

بولدى قىيىم. ئەمەتنىڭ مۇھىم ئىشى بار دەپ

گەپىنى بۇلدى، قىسىم چىقىپ كەتتى - مەمەتجان ئاكا،

ئەممەت - سىز ئەتەدىلىك - مۇشكۇل ۋەزىيە

بىلەن . بىر يەرگە ئۇۋە تەمەكچى؟

قەنى ھەرقانداغ ۋەزىيەتتە پىشۇرسىگىز مەن تەييار؟

سىز بىر ماشىنا بىلەن لوسوگوغا ئۇۋە تىمەن

يولۇڭ ئەتەدىلىك. سۇيدۇڭ - گوزرەدە بىر بولىغ

دوشمەن ئەرمىيە سىپار، قانداغ بارالامسەن - يوق؟

بارىمەن! سىز ئۇت دىگىز يىغە بويرىسىگىز ھو. تەييارمەن!

ئۇستەل تارىسى دەرھال تارتىپ مانا بۇنى -

چىپەگىزە - لوسوگوشنى ئازاتقىلغان لىسكىنى دىگىن

دۇسقا بىرىسەن. ئۇسىنى باشقۇرىدۇ. بىمە دىيە

بويسۇنسەن - ھەرقانداغ شارائىتتە ~~دوشمەن~~ بۇ خالاقە دوشمەن

قولىغە چۈشۈپ كەتمىسۇن؟

مەسىلىكانىڭكى توڭگانىنى قوشمەن - بىرسىمەنسۇر بىلەن

كىرىماپ - ئولا - سۇيدۇڭ - توڭگانلاردىن پارتىزان

ئەتىرىتى تەشكىللەپ يوقۇ مەسىلامەت سۇيدۇڭگە بىر

3

第 页 年 月 日

بارغاندا - مۇۋاپىق ئورۇنغا تاشلاپ كەتسەڭ ؟

باشتىن ئەسكى بىلەن لەسكىنگە يارغان ئالاقىسى ئېلىپ
ھەرەمباغ - بوستانلاردا مۇلدۇردەك ئېتىلىپ تۇرغان
ئۇ قىلەرگە بەرۇقلىماي لوسوگۇنگە قاراپ بولغانلىدۇق .
ماشىنا ئۆستەڭگە يېقىن يولغا ئوتتى غارا
كىرەمچى - مەنسۇر بىلەن ماتايارە مېنى بەرگەن
مىچىت ئوچىتالى ئوقىچىن بىرەنسىيە ئىشلەنگەن ئا
ئوتمەلتەقىنى چاترىسىك قىسىپ ئەدىپىشە بىلەن
ماكلىماقتا ئىدۇق .

مەن بىشتا تارمىلىتقىمنى ھەر قانداغ ھەتتە رەتە بىيار
لاچىغە مەسىز شۇنىبۇر - رەپىقە تەكەتلاندىساندا
قاراپ - بوياندا يەن ئوتتۇرىگى يەرگە ئازقالغاندا
شۇنىبۇرماشنى توختىپ يولنى چەتكە بىرىپ مۇھۇر
كىسى بۇراشقا باشلىدى - شۇنىبۇرتە لغان - تاتار
ئۇ 1936 - يىلى سوۋېتتىن ئىلگىرىشتە نىڭ قورۇ
لغاندا 20 - يىلدىن 40 - يىللارغىچە شوپۇرلۇق
قىلىپ كىلىپ قولچىغى قاپتىكەنتكەن . شۇچاغدا مەن

تۆنۈگبىلەن ياشىنى تونۇش.

مەن تۈنۈگۈن ئالدىغا بېرىپ، ئىشىم بولدى. بىر ئالدىرىش
تۇغقانلىقتا بولمايدۇ. ماڭاي دېسەم، ئۇ
ئەھمەت سارالىق بولدىكىم؟ سويدۇق. كۆرەدە
ئۆرگۈن دۈشمەن ئەسكىرى تورسا قاندارغ ئۆتەن
دەپ - يەرگە قاراپ تۇرۇپ دى.
رەھىمەن بۇ سۆزۈنى ئىشتىپ ئارە ھەمجان ئاتا مەغا
دېسەك بولاتتى بۇيەردە ئاقمايدۇ. ماڭايسىن دەپ تۇرۇپ.
يولىدىكە ماڭدۇق.

بىر غولجىدىن كۆندۈز سائەت ١٥ دە ماڭغانىدۇق.
سائەت بىرلەردە شوپۇرنىڭ يەتتە يەردە تورۇپ
بېلەن چايلىك نەرسىگە يېتىپ كەلدۇق.
بۇ يەردە ماشىنى تۇختىپ - ئەھمەت مەن ساڭا
مايمۇن قايتىشىنى دەپ تۇرۇپ سويدۇقتە يەتتى
پىيادە بىر كىشىڭ غولجىغا قاراپ كېلىۋاتقىنى كۆرۈلدى
ئۇ بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن سورىدۇق
نەگە؟ غولجىغا؟ نېمە ئۈچۈن ئاتا مىنى قىشىغا.

5

يولدا نېمىلەرنى كۆردىڭ؟ يانبولاق، كونا چېلەكلەردە.

ئۇرغۇن دۇشمەن ئەسكىرى ئاتلىق ئۇيان بۇيان

چېپىشىپ يۈردۇ. بولدى يولۇققا ماڭدەپ

قورقۇپ يەردۇق.

بىز بەشىكىنىڭ قاندا قىلىشى، ئارقامىزغە قايتامدۇق

ياكى دۇشمەنلەرنى تىلىپ ياقىلىق يولامدۇق؟

ئالدى بىلەن سوقۇشۇپ، دۇشمەن قايسى، ئۆچ بالا

تىرىك دۇشمەن قولىغا چۈشمەيمىز؟

باشقىلىرىمىزگە قاراپ سۆزلىدى. ماتىرچە يولۇقلارنى

چوقۇم باسىمىز دۇشمەن ... ئاتاڭىمغا ۋەدە بېرىپ

بوشقا ئاتلار ئىگانى. ئۆچ بالام. توپلا [illegible] دېگەن

سۆزلەرنى قويۇپ ماڭاينى؟ يولسا ئاقىۋىتىنى ئويلا

سۆزلەڭلار؟


تۇر — دەپ قەتئىي ھەيدە ماشناڭنى. زورلۇق بىلەن

ماڭدى. ئۆتمىشتىكى ماشنا يول سۈر بولاق بىلەن

سويدۇق سېپىلىگە ئۆدۈل [illegible] ... مىتر قالغاندا

سولغا بۇرۇلۇپ ئايلىنىپ لۇسىگە نغا ماڭاتتى.

بىر سائەت ئالتىدە شور بۇلاق توپىلىكىگە
يېتىپ كېلىپ مېنىڭكە قاراۋسان سېيىل ئۆستىدە دۈشمەن
نىڭ ھېيبىسىنى ئويان-بويان سېلىپ يۈرگىنىنى كۆردۇق،




بۇنى كۆرگەن شوپۇر باشلىق كۆردىڭمۇ-قانداق
قىلىمىز؟ مەن ياتۇلىمىز؟ ياتۇتىمىز؟ ئامالىڭ يوق.
ماشىنا ئۆستەڭ يېقىدا كەتكەندە-ن دۈشمەنگە كۆرۈنمەي
يېتىپ كېلىپ دەپ ماشىنىنى يوشۇرۇپ قويۇپ تۇتۇق.
دۈشمەن ئەمدى سېيىل ئۆستىدە ئوتتۇرىدا قاغىدەك
قاراپ قالدى. مەنسۇر، كېيىن ماشىنىنى سۇيدۇڭگە يېڭى

7

خالى بىرى بولغان يالغۇز سوگەت ئالدىغا تاشلاپ
لاۋ سوگۈنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق .
كەچكى سائەت ئونلاردا لېكىن ئۇستاۋېيىن تېپ
كۆرەلمىدۇق . ئۇ ئاچا يېپ قارغىنى قارىشى ئېلىپ تاماق
بۇيرىدى دە ، ھال تاماق يەپ - دەم ئالماي . ئەھمەت
بىز مانا ئايلى - قايا قىقا سۈرۈدىم ، چىگراغا ؟
ئۇھان قونۇرغا چېگىر سىغۇماگدۇق - چېلىپە كىرىپ دە
ئازراق ئۇخلاپ كېچە سائەت 11 - 12 لەردە - زاستاۋ
يېتىپ باردۇق . زاستاۋ ئۇستاۋېيغە كىرىپ دە خېيمھان
ئاكىسى ئالاقىسى بىر ۋېيدە . كەچكى سائەت كۈتتىلە .
لېكىن ئۇيغۇرچە سۆزگە ئاھايىتى ئۇستا . ئەمما تەكىمۇ
سۆزلىدى . بىز ئۇزۇن چېگرىدىن گە ئۆتۈپ تۇردۇق
ئوروسنى قاپقى بولغاچقا چىگرا ھەر قاندىغ كىشىگە
ئۆچۈككەن - سۆزلەتمەيلەر - ئات - ئالا - قوي
ئون - گۆرۈچ - پاتقالىرىسىلەرنى - ئالتا . خوجۇنلەرگە
سېلىپ كېچىسى سائەت ئىككىدىن كۆۋرۈك ئادەم . ئۆيگە تېلىدىن
ئىكەن ، بوشنى كۆزگەن لېكىن . ئەھمەت قارىدى .

装 订 线

第 8 页 年 月 日

بىز جان بىلەن، پۇل بولسا مال بىلەن. تويمۇشنى
دېگەننى ئۇنتۇدۇق ؟

بىر چاغ تۇرمۇشنىڭ بىر پىشكەن زاستاپ ئالدىدا توختىدى،
زاستاپ باشلىقى موزىيا قانۇنلارغا بويسۇنىدۇ
بىز ھەر قېتىملىق قوللارنى ماشىنىغا بېسىپ. تاكىپوسى
بىلەن ئۇ سوگۇنغا قايتىپ ئەتىسى كۈندۈز ساتقان
ھەلەردە لېكىن. ئائىلىسى ۋە ئۆزى ئىلىپ قولىدا
باشقىلىنى ئىشتا پۇقا ئىلىپ ماڭدۇق،

لېكىن. ئۇزۇنغا تۇرمىدى چاپ ئانغا مەسئۇلىيەت بىز
سويدۇقلىك يىپ بارغۇچە سويۇپ. كۆزىمىز مۇڭلۇق سىرلىق
ئىلىپ بىزنىڭ خاتىرىمىز غولىچىغا ئۇ تويكىشىمىزنى كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك دەپ ماتايشۇردى. شۇنىڭ قايتىدا خاتىرەم
ئۇنتۇپ باشقىنى ئىشتا پۇقالىق مەغرۇر قەدەم تاشلاپ
رەھمەت ئانا بىلەن قوشاغلىشىپ كۆرۈشتىم.

بۇ كىشى ماڭا ١٥ - ٢٠ قېتىم ئۆز مېنىڭ تارلىقى بولدۇرۇدى
ئەھمەت. ھازىر ئۇ باشلاپ ساقاي چاپايدىغان يىگەن
نامى بىرلا دەپ مۇسۇلمان بولۇپ قالغانىدى.

第　　页　　9　　年　　月　　日

装 订 线

چاپايېۋ بولسا - ئاقلارنىڭ ئەسكەرلىرى دەريانى
ئاتلىرىنى ئۈزۈۋاتقان پېتى ھارۋىغا ماكسىم پىلىمۇ
تنى بېسىپ تۇتقىنىچە بىلەن ئۆتكەن، مەسىلەن بولسا
پىرقوللۇق دۈشمەن ئەرمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ
ئۆتۈپ ۋەزىيەتنى تولۇق ئاڭلا قىلىپ كەلدى يىك
دەپ دەرھال ئەترەتباشلىغى مەدىتۇرنى
چاقىرىپ كىلىشكە ئادەم ئەۋەتتى؛

ئەترەت باشلىغى كىلىشى بىلەن، قاراڭ - ئەھمەت
بۇگۇنىدىن باشلاپ چاپايېۋ دەپ
ئاتالدى - بۇنى ئەترەتكى پارتىزانلارغا
ئالايدە ئۇچۇر قىلىپ دەپ بۇيرىدى،
شۇندىن كىيىن چاپايېۋ دىگەن تەخەللۇسى بىلەن
ئاتىلىپ كىلىۋاتىمەن؛

装 订 线



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى «مىللىي ئارمىيە»
جەڭچىلىرى ئىشلەتكەن ھەربىيچە بەلباغ.



ھەربىيچە بەلباغنىڭ يېقىندىن كۆرۈنۈشى.



باتۇرىمىز ئۇيغۇر «چاپايوپ» بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆھبەتتە بولغان كۈندىن خاتىرە.

# ئاخىرقى سۆز

ئەھمەت قاسىم كىم؟ (1917 ـ 2011 )

ئەھمەت قاسىم چاپايېۋ ــ 1917-يىلى ئاتۇش ئازاقتا تۇغۇلغان. شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن قېتىم باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. ئىككى قېتىم «باھادىرلىق مېدالى»غا، بىرقېتىم «ئىستىقلالىيەت مىدالى»غا، بىر قېتىم «ساداقەت مېدالى»غا ئېرىشكەن.

«ئىلى ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ، ئۇزۇن بولمىغان كۈنلەردە سۈيدۈڭ ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭنىڭ بىرپولك ئەسكىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى باتۇرلارچە بۆسۈپ ئۆتكەن. 5 بىرىچكا قورال-ياراق، ئوق-دورىنى يۈك ماشىنىغا يۆتكەپ، غۇلجىغا ئامان-ئېسەن يەتكۈزگەن.

«مىللىي ئارمىيە» شتاب باشلىقى رەخىمجان سابىرھاجى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن. ئەھمەتنىڭ بۇ جاسارىتى ئۈچۈن «باھادىرلىق مېدالى» بەرگەن. ئەھمەتنىڭ ئەترەت باشلىغى مەخپىر تۆرىنى شتابقا چاقىرىپ ئۇنىڭغا: ئەھمەد قاسىمغا «چاپايىوپ» نامى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلاشنى بۇيرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن «چاپايىوپ»نامى بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان.

ئەھمەت قاسىم چاپايىوپ ئۇرۇش ۋاقتىدا 1 -پولك 5 -روتىنىڭ كاماندىرى، كېيىن، پولك قوراللىق بۆلۈم باشلىقى، شتاب باشقۇرۇش بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1950-يىلدىن كېيىن قورغاس كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قوراللىرى زاۋۇدىنىڭ باشلىقى بولغان. 1957- يىلى

«ئوگچىلارغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كۈرەشكە تارتىلغان. تۈرمىگە قامالغان.

## ئەھمەت قاسىم ئامان بارمۇ؟

زامانىدىن پاكزات [10]

*مۇزلۇق ئارتتىن ھالقىغان،*
*ئىنقىلاپقا چاڭقىغان.*
*تاڭ قۇياشتەك بالقىغان،*
*ئەخمەت قاسىم ئامان بارمۇ؟*

*«چاپايوپ»دەپ نام ئالغان،*
*دۈشمەنگە قوقاق سالغان.*
*ئات چېپىپ پوتەي ئالغان،*
*ئەخمەت قاسىم ئامان بارمۇ؟*

*جەڭنىڭ مارشىنى چالغان،*
*ئېيتمايدۇ زادى يالغان.*
*ماناستا ئىزى قالغان،*
*ئەخمەت قاسىم ئامان بارمۇ؟*

## روس باتۇرى چاپايېۋ كىم؟

Chapayev
(1919-1937)

چاپايېۋ — سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە چاررۇسىيە قوشۇنلىرى ئىشغالىدىكى رايوندىن قورال-ياراق ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئاق گۋاردىيەچى ئەسكەرلەر دەريادا ئاتلىرىنى يۇيۇۋاتقان پەيتتە ماكسىمكا-پىلىميوتلارنى بىرىچكىنىغا لىق بېسىپ، تۆت ئەسكەر بىلەن كېچىكتىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ.

قاراملىق بىلەن كۆرسەتكەن مۇشۇ خىزمىتى ئۈچۈن قەھرىمان ئاتالغان روس ئاتامانى.



مېنى ئىزدەپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئىشىنىپ تاپشۇرغان، ئەھمەت قاسىم چاپايوپ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە بىللە بولغان ھۆرمەتلىك روزىمۇھەممەت تاھىر (ئوڭدا)

(دوپپىلىق مۆتىۋەر كىشى چاپايوپ ئەمەس. ئىلغار ئۇستازلاردىن بىرى. روزىمۇھەممەتنىڭ باشقا سۈرىتى يوق. بۇنى ئىشلەتتىم. بۇ كىشىنىمۇ ئۆچۈرمىدىم.)

## ئىزاھاتلار:

(1) چاپايېۋ ــ سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى قوشۇنىنىڭ باتۇر ئاتامانى.

2) 2002- يىلى مەن شائىرە راھىلە كامال بىلەن بىللە شائىرىمىز مەھەممەدجان راشىدىن ئاكىنى يوقلاپ، جىلىلىيۈزىدىكى ئۆيىگە بارغان ئىدىم. شائىرىمىز دەسلەپتە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. مەن بۇنى سېزىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نېرى كەتكەندىن كېيىن، راھىلەدىن مېنىڭ كىملىكىمنى سورىغان.

جاۋاپتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، پاراڭلاشقان ئىدۇق. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. چۈنكى، ئەھمەت قاسىممۇ كۈزىتىش ئاستىدا ئىكەن.

3) روزىمەھەممەت تاھىر ــ كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارخىپ بۆلۈم كادىرى.

شۇ كىشى ماڭا زىخرۇللامىنىڭ، «مىللى ئارمىيە» قوماندانلىق شتابىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملارنىڭ ئارخىۋىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. بېشىغا كېلىدىغان خەتەردىن قورقمىغان ۋىجدانلىق ئەركەكنىڭ 2007- يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمەن.

كىشى- تۇرسۇنمەھەممەتنى بېقىۋالغان، چوڭ شەھەرگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ بالىنىڭ ئۆزئىسمىنى X ئۆزگەرتىۋەتكەن. ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئوغۇل-تۇرسۇنمەھەممەتنى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىسمىنى بىلىمەن. ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈم. قەھرىمان ئاتىسىنىڭ، دەرتمەن ئانىسىنىڭ ئامانەت سۆزىنى يەتكۈزدۈم. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى توغرا كۆرمىدىم.

ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا مەڭگۈ ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق!

4) «چاپايوپ دېگەن نامنىڭ بېرىلىشى» غا، يەنى، قەھرىمانىمىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغىنىغا ھۆرمەت قىلىپ، شۇ زامان شۇئىلىرىنى، ئاتالغۇلارنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەي ئەينەن ئالدىم. ئىزاھلاپ قوياي:

5) پرەنسىيەدە ئىشلەنگەن ئاخوت مىلتىق— فرانسىيەدە ئىشلەنگەن ئوۋ مىلتىقى .

6) بىشئاتار— بەشئاتار. مىلتىقنىڭ بىر تۈرى.

7) تالغات ــ تەلغەت بولۇشى مۇمكىن.

8) بىرىشكە ــ بەش بىرىشكىدا لىق قورال بار ئىكەن. روس تىلىدا -بىرىچكا.

بىرىچكا. تۆت چاقلىق، گەۋدىسى ئادەتتىكى ھارۋىلاردىن ئۇزۇن، ئۈچ ئات قوشۇلىدىغان بىرخىل ھارۋا.

9) چابدان ــ كىشى ئىسمى بولسا كېرەك.

10) زامانىدىن پاكزات ــ شائىر، مائارىپچى.

2. باپ

# «مىللىي ئارمىيە» كومىسسارى مەمتىمىن ئۆمەرۇپ نېمە دەيدۇ؟



سۈرەتتە: مەن كومىسسارنى زىيارەت قىلغان كۈن

بۇ قېتىم زىيارەتتە بولغان چاغلار— يەنە شۇ بەرىكەتلىك 2004 -يىلى 11 — ئاينىڭ 5- كۈنى ئىدى.

مەسىلەكداش قولىلىغۇچۇم، فوتوگرافىنىڭ يول باشلىشى بىلەن غۇلجا ھەرەمباغ مەھەللىسى تەرەپتىكى ئاددى بىر تۇرالغۇغا كەلدۇق. دالاندىن ئۆتۈپلا، پىششىق خىشتا يەردىن سەل كۆتۈرۈلگەن

سۇپىلىق ئۆيگە كىردۇق. تۆردىكى دەرىزە ئالدىغا سېلىنغان يېكەندازدا مەمتىمىن ئۆمەرۇپ ئاتىمىز بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. سالاملىشىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئولتۇردۇم.

—قىزىم، مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت! ماۋۇ فوتوگراف يىگىت ماڭا سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. مانا مەن مۇكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي. باشتىن ئۆتكەنلەرنى ئۆيلىسام، تۈگمەندىكى ئۇندەك تولا. ئاۋۋال سىزنى سوراققا تارتايمۇ، سىز كىمنىڭ قىزى؟

مەن بۇ سوئالدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم.

—گەپنى ئاتامدىن باشلاشقا پۇرسەت بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. بەك خۇش بولىۋاتىمەن. چۈنكى، ئاتامۇ سىزگە ئوخشاش «مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ جەڭچىسى، ئىزۋود كاماندىرى ئىدى.

—ھە. ھە شۇنداقمۇ؟—مەمتىمىن ئاتىمىز قىزىقىپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى، —كىم؟ئىسمى -فامىلىسىنى دەڭا؟

—ئابدۇلھەق ئا. كامالوف. ئىلىدىكى جەڭلەرگە قاتناشمىغان. بايانداي ئوفېتسىرلار مەكتىپىدە قىسقا مۇددەت ھەربىي تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئىزۋود كاماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇدۇل ئاقسۇ فرونتىغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. ئارمىيەمىز ئاقسۇدىن چېكىنگەندە، قورالنى تاپشۇرماي قېچىپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ئاقسۇ فرونتىدىكى ئېچىنىشلىق خاتىرىلەرنى، قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈشكە ئامالسىز، تاشلارغا باسۇرۇپ قويۇپ قايتقانلىقىنى ۋە غۇلجا ھەرەمباغدىكى ئۇرۇش ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى.

—ھە، مۇنداق دەڭ. ئەسكەرنىڭ قىزى ئىكەنسىز-دە! مەن جىڭ، شىخۇ (قاراسۇ) يۆنىلىشىدە جەڭ قىلغان ئىدىم. دادىڭىز بىلەن ئۇچراشمىغان ئىكەنمەن.

— دادام 1995- يىلى 74 يېشىدا ۋاپات بولدى. مانا ئەمدى كېچىكىپ بىلدىمكى، دادامدىن سوراپ بىلىشكە، خاتىرىلەشكە

تېگىشلىك تارىخىي بىلىملەركۆپ ئىكەن، نادانلىق قىپتىمەن. بۈگۈن مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىشتىن مەقسىتىم: سىز ئەشۇ يىللارنىڭ تىرىك قەھرىمانلىرىدىن بىرى ئىكەنسىز. دادامدىن ئاڭلىيالماي ئەپسۇسلانغانلىرىمنى سىزدىن ئاڭلاپ بىلىۋالاي دەيمەن. يەنە بىرى، سىز كېيىنكى يىللاردا نۇرغۇن دىشۋارچىلىق تارتقان كىشى تۇرۇپ، 1984 - يىلى ئېچىلغان «ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم» (1) غا (بۇ مەكتەپنىڭ نامى — كېيىن<تەڭرىتاغ ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ) نى قۇرغان پىدائىيلارغا قوشۇلۇپ، مۇدىرلىقنى ئۈستىڭىزگە ئاپسىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئارزۇيۇم مېنى قىستاپ ئىشىكىڭىزگە باشلاپ كەلدى.

ئۇ ئىلتىماسىمنى دىققەتتە ئاڭلىدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى-دە، بىر كونىراپ قالغان ماتېرىيال سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، چىقىپ جايىدا ئولتۇردى.

—بوپتۇ قىزىم. ۋاقتىنى سوزماي، ئىلتىماسىڭىزنى ئورۇنداي. ئاۋۋال شىخۇ سوقۇشىدىن كېلەيلى. فوتوگراف سىزنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىر-مۇخبىرى دەۋاتاتتى. گېزىتكە چىقىرىۋېتىپ يۈرمەسسىز — ھە!

—ئاۋۋال ئاڭلاي، ئاندىن كېيىن قانداق قىلىشىمنى بېكىتەي، —دېدىم مەنمۇ چاقچاققا چاقچاق بىلەن.

ئۇ كۈنلەردە گېزىتتە بۇنداق خەۋەرنى ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس — تە!

ئۇ قولىدىكى سومكىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى. مەن ئۈنئالغۇنى ئاچتىم.

—مەن 82 يىلدىن بۇيان ياشاۋاتىمەن. ھاياتىمنى ئويلىسام، 820 ياشىغاندەكمۇ سېزىمەن. قورغاس ناھىيەسىدىكى موزدۇزنىڭ بالىسى ئىدىم. دادام مېنى يېتەكلەپ، يېڭىچە مەكتەپكە ئاپارغان كۈندىن باشلاپ، 1938- يىلى «ئىلى گىمنازىيە»نى پۈتتۈرگىچە

تىرىشىپ ئوقىدىم ۋە سۈيدۆڭ ناھىيەسىگە قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

«ئىلى ئىنقىلابى»پارتلىدى. پارتىزان بولۇپ، چىلپەڭزىنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. غەنى باتۇرنىڭ يېتەكلىشىدە ئارشاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدىمۇ چېنىقتىم. «مىللىي ئارمىيە» مىزقۇرۇلغاندا سۈيدۆڭ 1 ــ ئاتقۇچى پولكىغا سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندىم. ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش ــ شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلەندىم. بۇ قېتىمقى غالىبىيەتلىك جەڭنى ئويلىسام مەغرۇرلىنىمەن.

شىخۇنىڭ ئەسلى نامى: قارا سۇ ئىدى. قاراسۇ ــ سۈيى مول، ئۇلۇغ سۇ... دېگەن مەنىدە. گومىنداڭ بېسىۋالغاندىن كېيىن، شىخۇغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئارمىيەمىز جىڭنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەن ۋەتىنىمىزدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى، يەنى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتناش تۈگۈنىدىكى مۇھىم جاي قاراسۇدىن چېكىنمەسلىكنى قارار قىلغان. زامانىۋىي قورال بىلەن قوراللانغان 10 مىڭچە ئەسكىرىنى توپلىغان. بىزنىڭ جەڭچىمىز 4000 ئىدى. قوراللىرىمىزدا ۋە ئەسكەرلەر سانىدا پەرقىمىز زور ئىدى. قاراسۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان سەپداشلىرىم تاكى دۇنيادىن كەتكۈچە ئۇچراشقانلا يەردە ئەشۇ جەڭنى ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ، قۇربان بولغان سەبداشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىمەي ئۆتەلمەيدۇ. مەنمۇ سىلەرگە شۇ جەڭدىكى ئاجايىپ باتۇرلىرىمىزدىن بىرنەچچىنى ئەسلەپ بېرەي:

ئالدىنقى سەپكە ــ شىخۇ جېڭىگە ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، پولكىمىز كېچىلەپ يولغا چىقتۇق. كونا قاراسۇ (كونا شىخۇ) غىچە 30 كىلومېتىرلىق مۇساپىدە كۆرگەنلىرىمىز بەك جىق. دېھقانلارنىڭ كۈزلەكلىرى، ساتىملىرى، چارۋىچىلارنىڭ قورۇقلىرى تامام كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، ئۆگزىلىرى، دەرىزىلىرى چېقىلغان. ئويلەردە ئەر-ئاياللار، بالىلارنىڭ بوغۇزلانغان، بېشى

يەنچىلگەن، يۇزى تىتىلغان جەسەتلىرى ياتاتتى. بىر ئۆيدە ياش قازاق ئايالىنىڭ جەسەدىنى كۆردۇق. بېشىدىكى لىچەكتىن ئاققان قان يۇزىدە ئۇيۇپ كەتكەن ئىكەن، چىڭ قۇچاقلىۋالغان بوۋاقمۇ ئانىسىنىڭ قۇرۇق كۆكسىنى چىشلەپ، ئانىسىغا چاپلاشقان پېتى قېتىپ كەتكەن ئىدى... جەڭچىلەرغەزەپلەندى، دۇشمەننى تېزراق يوقىتىپ، خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇشقا قەسەم قىلىشتى.

سېنتەبىرنىڭ 5 -كۈنى ئىدى. ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا، ئازكۈچ، ئاجىز قوراللار بىلەن كۆپ كۈچ، زامانىۋىي قوراللىق باسقۇنچىلارنى يىقىتىشتا ئالاھىدە ئۇرۇش بولدى. دۇشمەن مىناميوت، زەمبىرەكلەر، ھەتتا، بىراۋنى تانكىلارنى مۇشۇ سوقۇشتا ئىشلەتتى. شەھەرگە كىرىشتە ئىگىلىمىسە بولمايدىغان قارادۆڭ مەھەللىسى ئىگىزلىككە جايلاشقان. بىر مۇستەھكەم پوتەيگە ۋە بۇتخانىغا ئورۇنلاشقان دۇشمەن پەسكە قارىتىپ مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇردى. جەڭچىلىرىمىز ئارقا-ئارقىدىن يىقىلدى. جەڭچىلەر ئۆلارنىڭ تېنىنى دالدا قىلىپ ئېتىشاتتى. دۇشمەن سامولىيوتلىرى ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى. بىرونى تانكىدىن ئىككىسى كەلمەكتە. تانكىلارنىڭ ئارقىسىدىن مىغىلداپ دۇشمەن كەلمەكتە. جىددى پەيتتەكاپىتان مەرغۇپ ئىسھاقوپ يېنىدىكى جەڭچىنىڭ قولىدىكى تانكا ئاتارنى يۇلۇپ ئالدى-دە، تەبكىنى باستى. كۈچلۈك سىلكىنىشتىن ئۆزىمۇ كەينىگە ئۇچۇپ چۈشتى. تانكىلار ئوق ئېتىشتىن توختىمىدى. لېكىن، زەخمىلەنگەچكە، ئورنىدا پىرقىراپ، ئالغا قاراپ ماڭالمىدى. ئۇنىڭ دالدىسىدا كېلىۋاتقان دۇشمەن ھەرتەرەپكە پىتىراپ قاچقىلى تۇردى. كېيىن بىلدۇقكى، دۇشمەنلەر قاچقان پېتى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىپتۇ. خەلقنى ھەيدەپ چىقىپ ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى يىغىشقا مەجبۇرلاپتۇ. قارادۆڭ مەھەللىسىدىن ئانچە يىراق ئەمەس جايدا چوڭ بىر سازلىق بار ئىكەن. بۇتخانا دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. ئەتراپى پۈتۈنلەي ئاكوپ بىلەن قورشالغان، بىر- بىرىگە يېقىن سېلىنغان ئون پوتەي بار ئىكەن.

پوتەينىڭ بىرى بۇتخانىنىڭ ئۆگزىسىدە بولۇپ، ئەتراپ پەس تۈزلەڭلىك، شىمالغا قاراپ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ بويىدىكى تېرەكلەردىن باشقا دالىدا بولغۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى. پولكىمىزنىڭ 2 -باتالىئونى سازلىقتا چۈشۈپ، ئۆستەڭنى ئىگىلىدى.. سېنتەبىر ئېيىدا كېچىنىڭ سوغۇقى خېلى كۈچىيىپ قالىدۇ. سۇغا چىلىشىپ ياتقان ئەسكەرلىرىمىز بىرچىشلەم نانمۇ يېمىدى. كۆكرىگىچە سۇغا پاتقان يىگىتلەرنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بېشىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشماقتا.. 20 سائەتتىن كېيىن ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىدىن قوغۇن-تاۋۇز، مېۋىلەر يەتكۈزۈلدى. ئىسسىق بىرپىيالە چايغا زار بولغان كىشىگە سوغۇق مېۋە تېتىمايدۇ. ئەمما، جەڭچىلىرىمىز مۇشۇ مېۋىلەرنى يەتكۈزگىچە ئىككى جەڭچىنىڭ دالىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولغىنىنى بىلگەندە، جان ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى ۋەزىپە بىلىشتى، مېۋىنى زورلاپ يېيىشتى. تاڭ يورۇغاندا، دۈشمەن غالجىرلىق بىلەن ئەتراپىنى ئوققا تۇتتى. ئوقلار سۇنى قايىنىغان قازاندەك پاراقلاتماقتا.

جەڭچىلەرنىڭ بىرقىسمى سۇدىن چىقىپ، قىرلارنى دالىدا قىلىپ قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى. شۇ چاغدا:

—ئوقنى تېجەڭلار، بىرئوقتا بىردۈشمەن ئۆلتۈرۈلسۇن!- دەپ بۇيرۇق بېرىلدى.

ئوق-دورا تۈگىمەكتە. جەڭچىلەر كاماندىرنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن سۇدىن چىقىپ، يېقىن ئارىلىقتا ياتقان دۈشمەن ئۆلۈكلىرىنىڭ قوراللىرىنى، ئوقلىرىنى يىغدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ساق قايتتى. بەزىسى يىغقانلىرىنى قۇچاقلىغان پېتى يىقىلدى. جىددى پەيتتە 2 -باتالىئون 6 -روتا سازلىقنىڭ شىمالىدىكى تۈگمەننى ئىگىلەپ، تۈگمەن ئالدىدىكى ئوق ياغدۇرۇۋاتقان پوتەينى پارتلىتىپ، بۇتخانىغا ئوڭ تەرەپتىن بېسىپ كىرىش قارارىنى ئالدۇق. ئۈچ كۈندىن بۇيانقى ئۇرۇشتا بۇ روتىنىڭ ئەسكەرلىرى ئازلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار تۈگمەنگە يېقىنلاپ 200 مېتىرچە قالغاندا، ۋىژىلداپ چۈشىۋاتقان ئوقنىڭ كۆپلۈكىدىن باش كۆتىرىش مۇمكىن بولمىدى.

روتا توختاشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا جەڭچى تۇرغان دارايوپ يەربېغىرلىغان پېتى كاماندىر رەخمۇۋ ئابلىزنىڭ يېنىغا كەلدى :

—كاماندىر، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ! ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ، پوتەينى پارتلىتىمەن! — دېدى كەسكىن ئاھاڭدا.

كاماندىر پوتەي بىلەن تۈگمەندىن يېغىۋاتقان ئوققا قاراپ ئويلىنىپ قالدى.. لېكىن...

—ماڭا ئىشىنىڭ كاماندىر. مەن پوتەينى كۇكۇم قىلىۋېتىمەن!

—بوپتۇ بارغىن. ئەمما، ئۆتدېلىنىيەگىدىن ئىككى سەبدىشنى تاللا. بىللە بارسۇن!

تۇرغان دارايوۋنىڭ ئوتدېلىنيەسى قاراسۇ سوقۇشى باشلانغاندىن بۇيان، قەھرىمانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئىدى.

تۇرغان دارايۇۋ — ئاق سېرىق يۈزىدە بىرنەچچە تال چېچەكنىڭ ئىزى قالغان، ئوتتۇرا بويلۇق، كۆزلىرى بۇركۇت كۆزىدەك ئۆتكۈر، ھەرىكىتى چاققان، تېخى20 ياشقا توشمىغان يىگىت ئىدى.

كۆز باغلانغان چاغدا دارايوۋ ئىككى سەبدىشى بىلەن تۈگمەن تەرەپكە ئۆمىلەپ كەتتى. سۇدىن چىقىپلا يەردە ئۆمىلىگەن ئۈچ جەڭچىنىڭ كىيىملىرى بىردەمدە لاي-لاتقىغا مىلىنىپ كەتتى. دۈشمەن ئىگىزدۆڭدە، تۇرغان ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى پەستە بولغاچقا، ئىككى قېتىملىق ئۇرۇنۇش نەتىجىسىز بولدى. ئىككى جەڭچى قۇربان بولۇپ، تۇرغان يالغۇز قالدى. بۇتخانىدىن كېلىۋاتقان ئوق ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈزمىدى. شۇ تەرىقىدە تاڭمۇ ئاتتى. كاماندىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇرغاننى قوغداش ئۈچۈن، بىزنىڭ پىلىميوتلار تاراسلاپ ئېتىلدى...

ئۆمەروپ ئاتىمىز سوۋۇپ چالغان چايدىن بىر سومۇرىۋېلىپ داۋام قىلدى:

—دارايۇۋنىڭ بېشىنى يەردىن سەل كۆتەرگەنلىكىنى كۆرۈپ،

ھەممىمىز «ئۇھ!>، دېدۇق. چۈنكى، دۈشمەن دىققىتى روتىمىزغا، يەنى، تۆگمەن تەرەپكە بۇرالغان ئىدى. تۇرغان دارايۇۋ پۈرسەتنى تۇتۇپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان ئۆچنى بىر قىلىپ باغلىغان ياغاچ ساپلىق گراناتىنى چىقاردى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، پوتەيگە ئاتتى. گرانات دەل جايىغا چۈشتى-يۇ، پارتلىمىدى. گرانات دارايۇۋ تەرەپكە قايتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ياش جەڭچى خۇددى تەجرىبىلىك پىشقەدەم جەڭچىدەك سالماقلىق بىلەن سەكرەپ ھاۋادىن گراناتنى تۇتتى — دە، پارتلاشقا نەچچە سېكونتلا قالغان گراناتنى قايتۇرۇپ، كۈچ بىلەن پوتەيگە ئاتتى. «گۇم!» قىلىپ، پوتەينىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى ھاۋاغا قاڭقىدى. 6 — روتا «ھۇررا!» دەپ، ئاتاكىغا ئۆتتى. ستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغان دۆڭ بويسۇندۇرۇلدى.

— تۇرغان دارايۇۋ بەك قالتىس يىگىت ئىكەن. ئۇ ھەربى سەپكە قاچان كىرگەن ئىدى؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇنىڭ جەڭچى بولۇشىنىڭمۇ باتۇرلۇق ھېكايىسى بار. ئۇ 1944 -يىلى 11 -ئاينىڭ 24 -كۈنى سۈيدۈڭدە سېپىمىزگە قوشۇلغان چىلپەڭزىلىك بالا ئىدى. ئۇ ھەربى سەپكە چاقىرىلمىغان. چىڭسىخۇزىدىكى بىر خوجايىنغا ئىشلەمچى بولۇپ يۈرگەندە، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغانلىقىنى ئۇقۇپلا، خوجايىنىنىڭ تازا ياراق تورۇق ئېتىنى مىنىپ قېچىپ كەتكەن، ئۇدۇل سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىمىزغا قوشۇلغان ئىدى.

— ئۆزى يالغۇز بىر كېچە ئېلىشىپ، پوتەينى پارتلاتقانلىقى ئۈچۈن ئوردېن ئالمىدىمۇ؟

— ۋۇي، ئۇ ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان ئاجايىپ قەھرىمانىمىز ئىدى. 1950- يىلى 12 -ئايدا ھەربى سەپتىن چېكىندى. شۇ چاغدا كۆكرىكىدە «باھادىرلىق»، «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنلىرى چاقنىغان ھالدا مەن بىلەن خوشلاشقان ئىدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىڭىز بولمىدىمۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن

كېيىنكى ھاياتىدىن سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

— بىرنەچچە يىلغىچە ئۇنىڭ ئامانلىقىنى، ئاتا-ئانىسى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇردۇم. كېيىن ئۆزۈم تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەيۋاتقان كۈنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. تۈرمىدىن ئۆزىگە باردىم قارىغاندا ئەبەدىي جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈك- تىرىكلىكىدىن خەۋەرسىز قالدىم.

سابىق كومىسسار ئەلەم ئىچىدە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى-دە:

— سىزگە يەنەبىر قەھرىمانىمىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىنى سۆزلەپ بەرمىسىڭىز كەتمەيمەن، — دېدىم مەن جىددى تەلەپپۇزدا.

— پولكىمىزنىڭ 4 - روتا جەڭچىسى ئىسرائىل قاراسۇ سوقۇشىنىڭ ئۇنتۇلماس قەھرىمانى. جەڭ تازا جىددى داۋاملىشىۋاتقان ئەشۇ كۈنى دۈشمەننىڭ تۆت ئايروپىلانى كېلىپ، بىزنى بومباردىمان قىلدى. جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرى يەنە سايىنىڭ تېشىدەك كۆپەيدى. پولكنىڭ 2 باتالىئونى ئورۇنلاشقان چىلانلىق باغ يېزىسىدىن شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئۈچ ئاساسىي ئىستىھكامىنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. دۈشمەنلەر ئىغىر تانكىلارنى دالدا قىلىپ «سا!، سا!» دەپ ۋارقىرىشىپ يېقىنلاشماقتا. بىزنىڭكىلەرمۇ بوش كەلمىدى. كاماندىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرنەچچە تانكا ئاتارنىڭ تەڭلا بىسلىغان تەپكىسى دۈشمەن تانكىلىرىنى چالا بوغۇزلانغان چوشقىدەك ئورنىدا پىقىراپ توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئىسرائىل ئاكوپتىن سەكرەپ چىقتى. كىيىملىرى ھۆتمە- تۆشۈك بولغان ئىسرائىلنىڭ بىر پاي ئۆتۈكنىڭ قونجىمۇ ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇ يۈگرىشىگە تاقىشىۋاتقان ئەشۇ بىرپاي ئۆتۈكنى سىلىپ تاشلاپ، قېچىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇ ئاتاتتى، يۈگرەيتتى، ۋارقىرايتتى:

— موخـولار، نـەس باسـسۇن سـەنلەرنى! سـەن باسـقۇنچىلارنى بۇيەرگـە ئاياـق باسـماس قىلىۋېتىمـەن!

بىــراق، بىرئــوق ۋىشــىلداپ كېلىــپ، ئۇنىڭغــا تەگــدى. ئــۇ «گۇپپىدە!!»قىلىــپ قالــدى. ئوڭدىســىغا يىقىلــدى.

بۇ يـەردە يەنـە بىـر جەڭچىلـەر توپـى- بىرتـوپ سېسـترا قىزلاربـار ئــدى. گۇلــدەك يۈزلــرى تەرگــە، لاي-پاتقاقتــا، بەزىســىنىڭ نــازۇك قوللــرى قانغــا مىلەنگــەن ھالــدا قايســى جەڭچــى يىقىلســا، شــۇنىڭ يېنىــدا ئاســماندىن چۈشــكەن پەرىشــتەدەكلا ئۈنەتتــى. خــۇددى قەدىمكىــي ئاتىلىرىمىــز بالبـال تاشلارغـا يېزىـپ قالدۇرغـان: «يەردىـن ئۈنــدۇق، كۆكتىــن تامدۇق»دېگەنــدەك.

ئىســرائىل يىقىلىۋېــدى، + بەلگىلىــك ســانىتاركا سومكىســىنى كۆتۈرگــەن زەيتۇنــەم بىلــەن ۋارســخان يــەر بېغىــرلاپ كېلىــپ ئىســرائىلنىڭ يېنىغــا ئۈنــدى. ئىســرائىلنىڭ ھەربىيچــە چاپىنىنىــڭ ئىككـى پېشـى قانغـا بويالغـان ئـدى. قىـزلار ئۇنىـڭ قورسـىقىغا ئـوق تەككىنىنــى كــۆردى. ئوقنىــڭ يېرىمىدىــن كۆپــرەك قىســمى قوســاقتا، بىرئۇچــى ســىرتتا دىڭگىيىــپ تۇراتتــى. قىـزلار ئىسرائىلنى دالـدا يەرگـە يۆتكــەپ، ئاندىــن قاننــى توختىتىــش ئۈچــۈن قوســاقنى ۋاقىتلىــق تېڭىــپ، ئوپېراتسـىيە ئۈچـۈن ئارقـا سـەپكە ئەۋەتىـش كېرەكلىكىنـى قارارلاشــتۇرغاندا:

—يـاق! مـەن جـەڭ مەيدانىدىـن كەتمەيمـەن. ئۆلسـەم مۇشـۇ يەردە ئۆلـەي! يـاق! — ئىسـرائىل قەتئـى ئۇنىمايدۇ.

قىــزلار ئامالســىز ئۇنىــڭ قوســقىنى يىقىلغــان يېرىــدە تېڭىشــقا باشلايــدۇ.

—تاڭمىساڭلارمۇ بولىۋېرىـدۇ، سىلەرنىڭ ئۆلگىنىڭلارنـى كۆرگـۈم يـوق. سـىلەر كېتىـڭلار، تېـز بولـۇڭلار!

قىــزلار مىــڭ تەســتە ئۇنــى بىــردەم جىــم يېتىــپ بېرىشــكە كۆنــدۈرۈپ، ئــۇق تەشــكەن جاينــى دېزىنفېكســيەلەپ، بىرنەچچــە

قەۋەت داكا بىلەن تېگىپ بولۇشىغا ئىسرائىل ئورنىدىن تۇرۇپ، قان تېخى تولۇق توختىمىغان قورسىقىنى ئۇنتۇپ، كۆكرىكىگە ئاپتوماتىنى تىرەپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئېتىشنى باشلىۋېتىدۇ.

ئىسرائىل ئۈچ كۈنگىچە، يەنى، شىخو ئازاد بولغىچە شۇ پېتى جەڭ قىلدى. شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن، خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ، ئۈنى تەسلىكتە ئاپىراتسىيە ئۈچۈن غۇلجا ھەربىي گوسپىتالىغا ئۇزاتقان ئىدۇق.

باتۇرلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئېسىمدە قالغانلىرىنىلا سۆزلەۋاتىمەن. نامى ئاتالمىغان ئەشۇ سەپداشلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن. يەنەبىرغەلىبە كۈنى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، سابىق كومىسسار ئەسلىمىسىنى داۋام ئەتتى:

— قاراسۇ (شىخۇ)شەھرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ 4 -كۈنى سۈيدۈڭ 1- ئاتقۇچى پولكىنىڭ 1 -باتالىئونى شەھەرنىڭ ئارقا دەرۋازىسى بولغان چەيپەيزىنى ئازاد قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ شىمالىي فرونت قوماندانلىق مەركىزى بىزگە يېتىشىپ كەلدى ھەمدە تېخى ئورۇلمىغان قوناقلىقتا چەيپەيزىگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى چۈشەندۈرۈپ يىغىن ئاچتى. تەييارلىنىپ، كېچىنى كۈتتۇق.

شۇ چاغدىكى ھەربىي تىل بويىچە ئېيتقاندا كېچە سائەت 23 نۆل-نۆلدە ھۇجۇم باشلاندى. تاڭ سەھەرگىچە پولك سەپ بويىچە 300 قەدەمچە ئىلگىرىلىۋالدى. ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. جەڭ باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، دۈشمەننىڭ تۆت ئايرۇپىلانى قالايمىقان ئوق ياغدۇردى. ئايرۇپىلانلار كېتىشىگە يەنە ئۈچ تانكىنىڭ ئارقىسىدا پانالىنىپ، مىغىلداپ دۈشمەنلەر چىقىپ كەلدى. ئون بىر سائەت داۋام قىلغان قۇچاقلاشما، نەيزىۋازلىق جېڭىدە دۈشمەن يەنچىپ تاشلاندى، چەيپەيزىنىڭ بوسۇغىسى دۈشمەن ئۆلۈكىگە تولدى، 130 دۈشمەن ئەسكىرى تەسلىم بولدى. قوماندانلىرى، تىرىك قالغانلىرى تەمىنات، قورال- ياراق ئامبارلىرىنى تاشلاپ

قىچىشتى. 2 ئىمكا پلىموت، 3 شۇش پلىميوت (روسچە ئاتىلىشى)، 114 ئات، 44 تۆگە، نۇرغۇن ئاپتومات، مىلتىق، ئوق-دورا ۋە ئۇن-گۈرۈچ، چاي-تاماكا... قاتارلىقلارنى غەنىمەت ئالدى.

غەلىبە- قاراسۇ شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدا قولغا كەلدى. شەھەردە دۈشمەن تىرەجەپ تۇرماقتا. «چارلاش»قا ئەۋەتىلگەن ئىككى جەڭچىمىز قايتىپ كەلدى. ئۇلاردۈشمەن ئەھۋالىدىن ئەتراپلىق مەلۇمات ئېلىپ كەپتۇ.

قاراسۇ شەھىرىگە بارغانسېرى قىستاپ كەلدۇق. كونا قاراسۇ (كونا شىخۇ) يېزىسىدىن چىقىپ، شەھەرگە بىر كىلومېتىرچە ئارىلىقتا يېتىپ كەلگىنىمىزدە خېلى ئېگىز دۆڭگە دۇچكەلدۇق. شۇ دۆڭگە چىققاندىلا، شەھەر ئېنىق كۆرۈنەتتى. دۈشمەن دۆڭنىڭ چوققىسىدىكى تازىمۇ يوغان بۇتخانىغا جايلىشىۋالغان ئىكەن. چۈنكى، بۇتخانا ئەتراپى ئېنىق كۆزىتىشكە تولىمۇ ئەپلىك ئىدى.

سابىق كومىسسارنىڭ جىددى چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ داۋاملاشتۇردى:

— شۇ دۆڭگە يامىشىش كېرەك. دۈشمەن دۆڭدە، بىز پەستە. قانداق قىلىش كېرەك؟جەڭلەردە قاراملىق قىلالمىغان ئەسكەر قەھرىمان بولالمايدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتكە يارىشا تاكتىكا قوللىنىش — ئۇرۇشنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شۇ كۈنى 8 - سېنتەبىر ئىدى. بىز قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ، يۈرۈشنى توختاتتۇق.

قوماندانلار يىغىلىپ، چىقىمنى ئازايتىش، دۆڭگە ئوڭۇشلۇق چىقىش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشتۇق. ئاخىرىدا ئاددى، ئەمما، يۇقۇرى تاكتىكىلىق بىرقارارنى قوللىنىش قارارىنى ئالدۇق. بۇ تاكتىكا بويىچە: سۆيدۆڭ پولكىنىڭ بىردىنبىر يۈك ماشىنىسىنى دۆڭگە چىققاندا چىرىقىنى ياندۇرۇپ، دۆڭدىن چۈشكەندە چىراقنى ئۆچۈرۈپ، دۆڭلۈكنى ئايلاندۇرۇۋەردۇق.

ئالاھىزەل 50 قېتىمچە تەكرارلىدۇق. مەقسەت: بىزنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىمىزنى بىلىپ بولغان دۈشمەننى سانسىز ۋە كۈچلۈك ئارمىيەنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈش، ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، دۈشمەننى روھىي جەھەتتىن يېڭىش ئىدى.

تاڭ سۆزۈلدى. بىزئالدىن ھۇجۇم باشلىدۇق. پولكىمىز بۇتخانىنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ قىستاپ ئىلگىرىلەپ، بۇتخانا جايلاشقان دۆڭلۈك بىلەن پولكىمىزنىڭ 4 ــ روتا ئەسكەرلىرى ئارىلىقىدىكى قۇرۇپ كەتكەن ئېرىققا جايلىشىۋالغان ئىدى. ئارىلىق بەك يېقىن بولغاچقا، بۇتخانا ئىچىدىكى تەشۋىشلىك ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇتخانىنىڭ يان تەرەپتىكى كىچىك دەرىزىسىدىن ئېتىلىپ، دەل جايىغا چۈشۈۋاتقان ئوقلاربۇ يەردە مەرگەن دۈشمەن ئەسكىرىدىن بىرى بارلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە. ئارىلىق يېقىن بولغاچقا، ئوق توچكىسىدىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئاۋازلار ئاڭلاندى. دېمەك، مەرگەن ئەسكەر ئۇيغۇر ئىكەن.

ئوتدېلىنىيە كاماندىرلىرىدىن ئەھمەت ھاجىيوپ:

ــ ئوقنى توختىتىڭلار! سىلەرمۇ، بىزمۇ ئۇيغۇر، قورال تاپشۇرساڭلار كەچۈرۈم قىلىمىز! - دەپ ۋارقىرىدى.

باشقا جەڭچىلەرمۇ بۇ سۆزنى تەكرارلاپ، كوللىكتىپ ۋارقىرىدى.

دۈشمەن جاھىللىق بىلەن، تىللاپ تۇرۇپ ئوق ئېتىۋەردى:

ــ سەن قىزىل پاچاقلارنى قىرىۋېتىمىز. ئۆزۈڭ تەسلىم بولۇش!

ــ مانا ئەمسە! ــ بىزنىڭ جەڭچىلەرمۇ بوش كەلمىدى، ئىككى جەڭچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پلوميوتنى دەل ئۇيغۇر خائىن ئەسكەرنىڭ ئاۋازى چىققان كىچىك دەرىزىگە توغرىلاپ، تەڭلا ئوق ياغدۇردى.

دۈشمەننى كۆزىتىپ تۇرغان ئەھمەت ھاجىيوپ دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

—ئاتاكا سىگنالى چىلىنسۇن!

جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم. شۇ چاغدا بۇيرۇق سەل بالدۇر بولۇپ كەتتىمۇ ـ قانداق؟دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. جەڭ نەتىجىسى ئەھمەتنىڭ دەل ۋاقتىدا تېز، كەسكىن بۇيرۇق بەرگىنىنىڭ توغرا بولغىنىنى ئىسپاتلىدى. جەڭدىن كېيىنكى بىر سۆھبەتتە كاماندىر ئەھمەت ھاجىيوپ: ھەرقانداق جەڭنى غەلىبە بىلەن تاماملايدىغان كەسكىن پۇرسەتتى بولىدۇ. مەن دۇربۇندىن بۇتخانا ئىچىدىكى دۈشمەننىڭ پاتپاراقچىلىقىنى، تەرتىپسىزلىككە چۈشكىنىنى كۆرگەن ھامان، پۇرسەتنى تۇتتۇم. نەتىجە كۆتكىنىمدەك بولدى، دېگەن ئىدى. ھەربى تاكتىكىدا پىشقان ياش كاماندىرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئىستىقلالىيەت ئوردېنى» بېرىلدى.

بايىقى ئۇيغۇر زۇۋانلىق مەرگەن بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ 11 ئەسكىرىنى ئېتىپ تاشلىدۇق.

شۇنداق قىلىپ، بۇتخانىنى گۇمبۇرلىتىپ يىقىتتۇق. ئەشۇ توسالغۇدىن ئۆتۈپ، شەھەرگە ئارمىيە مارشىمىزنى ياڭرىتىپ كىرىپ كەلدۇق. شەھەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە موڭغۇل دېۋىزىيونى كاپىتان ئېردە باشچىلىقىدا جەڭ قىلىپ، شەھەرنىڭ خەردەن مەھەللىسىنى ئىشغال قىلدى. ئابلاخان باشچىلىقىدىكى چۆچەك 6 ـ پولك ئۈرۈمچى- غۇلجا تاشيولى ئارقىلىق شەھەرگە كىردى.

شەھەر ئازات قىلىندى. بىراق، پىتراپ كەتكەن دۈشمەن مۆكۈنۈۋېلىپ جاھىللىق بىلەن ئوق ياغدۇراتتى.

شەھەرمەركىزىگە ئوت قويۇۋېتىلگەن بولۇپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. قەدەمدە بىر ئۆلتۈرۈلگەن خەلق، ئۆلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇچرايتتى. ئىككى تەرەپ قالايمىقان ئېتىشماقتا...

گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خەلق مۆكۈنگەن جايلاردىن چىقىپ، بىزگە ياردەملەشتى:

— ئاۋۇ كوچىدا خىتاي بار. بىزنىڭ كوچىدىمۇ بار، ئۇرىغا چۈشۈۋالدى، قىرى قارىياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالدى.

باللارمۇخۇددى ۋەزىپە ئالغان جەڭچىلەردەك دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى توپ-توغرا ئېيتىپ بېرەتتى ھەم يول باشلايتتى. كۆلىمى ئىككى كۋادرات كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان شەھەر ئىچىدە نەچچە مىڭ قوي-كالا دۈكۈرلىشىپ ھەريانغا چېپىشاتتى. ئۆلگەنلىرى ئادەم جەسەتلىرى ئارىسىدا سېسىپ-چىرىپ ياتاتتى. دۈشمەن بۇنچە كۆپ مالنى يەرلىك كىشىلەردىن بۇلاپ-تالاپ، زاپاس يېمەكلىك ئۈچۈن يىغىۋالغان ئىكەن.

شوپۇرلۇقنى بىلىدىغان ئىككى جەڭچى گومىنداڭ باش شتابىدىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 10 توننىلىق يۈك ماشىنىسىدىن ئىككىنى غارقىرىتىپ ھەيدەپ چىقتى. بىزنىڭمۇ نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىزيارىلانغان. ئۇلار ھازىر ئوق- دورىغا قارىغاندا، تىببىي دورىغا مۇھتاج. بۇ ئىككى ماشىنىنى گومىنداڭنىڭ ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانىسىغا ماڭدۇردۇق. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم قاتناپ، كۆرسىتىلگەن جايغا نۇرغۇن دورا ۋە تىببىي ئەسلىھەلەرنى توپلىدى. بۇ چاغدا شۇنىمۇ كۆردۇقكى، گومىنداڭ يارىدار بولغان جەڭچىلىرىنىڭ خېلى نۇرغۇنىنى داۋالىماي تاشلىۋەتكەن ئىكەن. يۈزلەرچە ئەسكەرلىرى ئاچلىق، ئاغرىقتىن ئىڭراپ: ئۆلتۈرسەڭمۇ چاپسانراق ئۆلتۈر! دېگەنىدەك ئۈمىتسىز كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ ياتماقتا. بىزنىڭ جەڭچىلەرنۇرغۇن ئەسىرنى ھەيدەپ بىرجايغا توپلىدى. يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭدى، ئېغىرلىرىنى دوختۇرغا يوللىدى. ئۇلارنىڭ كىيىمى پاسكىنا، جۇلجۇل، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بەدىنىدىن بەدبۇي پۇراق كېلىدۇ. بىر-بىرىگە چاپلىشىپ، چۆچۈپ تىترىشىدۇ. ئۇلجا ئالغان قوراللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس.

گەپ بۇيەرگە كەلگەندە، سابىق كومىسسار ماتېرىيال سومكىسىدىن بىر كونا خاتىرىنى چىقاردى-دە، ئوقۇشقا باشلىدى:2 يۈك ماشىنا، 2 براۋنى تانكا، 1 زېنىت پلومىوت، 6

3... ستۇوللۇق ياپونىسكى زەمبىرەك، 45 م. م لىق زەمبىرەكتىن سابىق كومىسسار خاتىرىسىنى يېپىپ، يەنە بىردەم ئويلىنىۋالدى. ئاندىن كېيىن:

— يەنە نۇرغۇن قورال-ياراقلارنىڭ تىزىملىكى ئايرىم ئىدى. ئۇزۇن بولدى ئەشۇ تىزىملىكنى تاپالمايۋاتىمەن.

هەي، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا نۇرغۇن ماتېرىياللىرىم كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بەزىلىرىنى نەگە تىقىپ قويغۇنۇمنى بىلمەيمەن. فرونتتىكى سەبداشلىرىم هەي، قېرىلىق، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يوقاتتىم، — دېدى.

— سىزدىن مىننەتدار بولساق بولىدۇ، هېلىمۇ شۇنچە ئۇزاق داۋام ئەتكەن ئېغىر كۈنلەردە ئۆلتۈرۈلگەن، ساق قالغان بىلەن ئايىنىپ كەتكەن تەۋرىنىش كىشىلىرىمىز ئاز ئەمەس. شۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساقلاپسىز. مەن سىزدىن ئاڭلىغانلىرىمنى چوقۇم رەتلەپ چىقىمەن، سىزگە رەھمەت! — دېدىم.

— رەتلەشكە، ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماڭ قىزىم، - دېدى ئۇ،-هازىرچە ساقلاپ قويالىسىڭىز بولىدۇ.

مەن ۋەدە بەردىم. شۇندىن كېيىن سۆھبىتىمىز يەنە داۋاملاشتى.

شەهەر مەركىزىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پولكىمىز بىر تۈركۈم جەڭچىنى ئوتنى ئۆچۈرۈشكە بۇيرىدى. تۆت كېچە-كۈندۈز قان كېچىپ، جان بېرىپ سوقۇش قىلغان جەڭچىلەر دەم ئالماي ئوت بىلەن ئېلىشتى. خەلق ئۆزلۈكىدىن كەتمەن- گۈرجەكلەرنى، چېلەكلەپ سۇلارنى ئېلىپ كېلىشىپ، ئارمىيەمىزگە ياردەملەشتى. جەڭچىلىرىمىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، خوشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشەتتى. بىرتوپ ئاياللار نان، مېۋە، تۇخۇملارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، جەڭچىلەرگە تارقاتتى. يانچۇقلىرىغا تىقىپ توشقۇزدى.

خەلق بەك خۇش ئىدى. ئاق ساقاللىق مويسىپىتلار جەڭچىلەرگە يەنىمۇ نۇسرەت تىلەپ، دۇئا قىلىشاتتى.

بۈگۈن روزى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. خەلق جەڭچىلەرنى ئۆيلىرىگە ھېيتلاشقا تەكلىپ قىلاتتى...

سابىق كومىسسار بېشىنى تىزىغىچە ئىگىپ ئۇزاق جىمىپ كەتتى. مەنىمۇ سۆكۈتنى بۇزۇشقا پېتىنالمىدىم.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر بىرتىنىۋېلىپ، تىزىغا قويۇۋالغان ماتېرىيال سومكىسىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى.

لېكىن، قۇرۇق قولىنى سومكىدىن تارتتى-دە:

—قاراسۇ سوقۇشىغا كومىسسار بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. شۇنداقلا، بەكمۇئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى، بىزنىڭ جەڭچىلەردىنمۇ قۇربان بولغانلاربەك كۆپ ئىدى. بىز جەسىدىنى تېپىپ، تىزىملىكىنى تۇرغۇزالىغانلار سانى 711 بولدى. داللاردىكى ئايرۇپىلان بومباردىمانلىرىدا، قۇچاقلاشما جەڭلەردە، ھېلىقى سۇغا چىلىشىپ ئاچ قالغان كۈنلەردە ۋاپات بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بولالمىدۇق. ئۇلارنىڭ ھاياتقا قانمىغان، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى قاغا-قۇزغۇنلار چوقۇپ، تېنى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوزۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى...

قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ دەپنە ئىشى توغرىسىدا پولك كاماندىر ۋە مۇئاۋىن كاماندىر مەرغۇپ ئىسقاقوۋ، ئابلىز رەخىموۋ قاتارلىق بىرنەچچىمىز مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىش قارارى ئالدۇق. قىسمنىڭ ئىمامى شەھىدلىرىمىزنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى.

جەسەت كۆپ. ۋاقىت قىس ئىدى. بىر جەڭچىگە بىردىن گۆركولاشقا ئىمكانسىز ئىدۇق. شۇڭا. كەڭلىكى4 مېتىر، ئۇزۇنلىغى 30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 2 مېتىرچە قىلىپ 3 يەرلىك قازدۇق.

ھەربىرىگە 237 جەسەتنى قەۋەت ئارىسىغا بورا يېپىپ 3 قەۋەت قىلىپ يەرلىككە قويدۇق. ئاندىن توپا تاشلاپ كۆمۈپ، قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزنى باقى دۇنياغا ئۇزاتتۇق.

پولكىمىزنىڭ 30 ئەسكىرى 3 قېتىم زالپوم بىلەن مىلتىق ئاتتى، ھەممىمىز سۈكۈتتە تۇرۇپ، قەھرىمان سەبداشلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئەشۇ قەبرىستانلىق ھازىر «شېھىدگاھلىق»دەپ ئاتالماقتا.

كومىسسارنىڭ كېيىنكى ئەسلىمىلىرى ئەشۇ مۇتلەق كۆپى ياش يوپۇرماق جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن ئازادلىقىمىزنىڭ خوشاللىقلىرى ۋە پۇشايمانلىق، ئاچچىق ئەمەلىيەتلىرىمىز بىلەن تۈگەللەندى.

— سىزگە يەنە بىر ۋاقەنى سۆزلەپ بېرەي، —سابىق كومىسسار سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى لەۋلىرىگە قاتتىق باستى. ئۇ دېمەكچى: قەتئىي مەخپىي! ئاگاھلاندۇرۇشىنى چۈشەندىم ھەمدە ئوڭ قولۇمنىڭ ئالقىنى بىلەن ئاغزىمنى چىڭ بېسىپ، جاۋاپ قايتۇردۇم. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ داۋاملاشتۇردى:

—پولكنىڭ كاۋدىۋېزىيونى ئەتىسى بۇيرۇق بويىچە دۈشمەن ئالدىغا چېكىنىپ كەتكەن مايتاغنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ماڭدى. قالغان جەڭچىلىرىمىز ئۆلۈمچىگە يېقىنلاشقانلىقتىن، غەلىبىدىن سۆزلىشەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئالغا مېڭىش بۇيرۇقى تېخى يوق. قايسى كۈن ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ. رەھبىرىمىز ئەھمەدجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھەربى ماشىنىدا قاراسۇغا كەلدى. بۇيرۇق بويىچە بارلىق ئەسكەرلەرنى بىر چارۋىدارنىڭ مال سولايدىغان ناھايىتى يوغان قورۇقىغا يىغدۇق. ھەممىمىز ئۇرۇشقا ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ، دەپ ھاياجاندا ئىدۇق.

قورۇقنىڭ ئەتراپى تەكشى، پاكار لاي تام بىلەن قورشالغان

ئىكەن. جەڭچىلەر سەپ بولۇپ، كۆكرىكىگە مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى بېسىپ، ئاۋاز چىقارماي قېتىپ تۇرماقتا. كۆكرىكىگە «ئازادلىق ئوردېنى»تاقىغان ئەھمەدجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئىككى قوغدىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:

—ئەسسالام ئەلەيكۇم باتۇر جەڭچىلەر!- ئەھمەدجان قاسىمى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى، ئاندىن قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتىرىپ پۇلاڭلاتتى.

جەڭچىلەر ھۆرمەتتە تىك تۇرۇشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۇپ سۆز باشلىدى:

—باتۇر جەڭچىلىرىمىز بۈگۈن ئالاھىدە خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدۇق. ئۇ بولسىمۇ، دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىزدۇر. شۇڭا، ئۇرۇش ۋاقىتلىق توختايدۇ. ھەرئېھتىمالغا قارشى ماناس دەرياسى بويىدا ئابارون تۇتۇپ ۋەزىيەتنى كۈزىتىمىز. رەھبىرىمىز ئەھمەدجان گومىنداڭ تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ.

ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، سەپ ئىچىدە نارازىلىق ساداسى كۆتىرىلدى.

ئابباسوپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—بەلكىم بېتىم تۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ھېلىمۇ جىق قۇربان بەردۇق. ئەگەر بۇ سۆھبەتنى رەت قىلساق، تېخىمۇ كۆپ قان تۆكۈلۈشى، خەلقىمىز ئۇزۇنغىچە ئامانلىققا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا...

جەڭچىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكى بىلەن يەرنى گۈپۈلدىتىپ ئۇرۇپ ۋارقىراشتى:

—بارمىسۇن! بارمىسۇن! بارمىسۇن! بارمىسۇن!

ئۇلار توختىماي ۋارقىراشماقتا. يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا

قورۇقنى قاپلىدى. جەڭچىلەرقويىۇق توپا ئىچىدە قالىدى. ئەمما، توختايدىغانىدەك ئەمەس. شۇ چاغدا ياش بىر ئەسكەر مىلتىقنىڭ زاتۋورىنى تارتىپ ئوقدانىنى ئاچتى-دە، ئوقتەك ئالدىغا چىقىپ، مىلتىقنى ئەھمەدجان ئەپەندىگە تەڭلەپ ۋارقىرىدى:

ــ ھەي! قېنى مېنىڭ شۇنچە نۇرغۇن سەبداشلىرىم، قېنى دوستلۇرۇم... ! دۈشمەن يېڭىلدى. قېچىۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق سۆھبەت ئۇ؟!

ئەھمەتجان قاسىمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئېتىلىپ كېلىپ ياش ئەسكەرگە ئېسىلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى تارتىپ ئېلىپ، گەجگىسىدىن تۇتۇپ، نېرى ئېلىپ كەتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، ئېسىمىزنى تېپىپ كۆردۇقكى، ئەھمەدجان قاسىملار ماشىنىسىغا چىقىپ بولغان ئىكەن. ئۇلار كەتتى.

جەڭچىلەرسەپىنى بۇزۇپ، قالايمىقان بولۇشتى، ئۇلارمىلتىقلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتىرىشىپ، نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ تېخىچە ۋارقىراشماقتا ئىدى...

جەڭچىلەرنى تەستە تىنچلاندۇردۇق. ئۇلار قورۇقتىن تارقىغاندا بىلدۇقكى، قورۇق سوقما تېمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى10 سانتېمېتىرچە ئولتۇرۇشۇپ، بەزى جايلار ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

كېيىنكى ئىشلارنى بىلىسىز قىزىم. بۇيرۇق بويىچە ماناسنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىدۇق.

شىخو جېڭىدە غەلىبە بىزنىڭ بولدى. ئەمما، تۆلىگەن جان ۋە قان بەدىلىمىزمۇ ئاز ئەمەس. چىقىم ئەڭ ئېغىر بولدى. 711 جەڭچىمىز قۇربان بولدى. يىغىپ سانىغا كىرگۈزەلىگىنىمىز شۇنچىلىك. نۇرغۇن جەڭچى يىگىتلىرىمىز، سانىتاركا قىزلىرىمىز ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

ئۇ بىردەم جىمىپ قالدى. خىياللىرىم جەڭگىۋار ھەم

ئېچىنىشلىق ئالدىنقى سەپكە مېنىمۇ باشلاپ كەتتى.

—ھە، گېپىمنى دەۋالاي، — ئۇ قولىدىكى قەغەزلەرنى كۆرسىتىپ داۋاملاشتۇردى، -شۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ كىچىكى-15 ياشلىق باللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرى، كىرىشكەن چىشلىرى كۆزئالدىمغا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ تاماق يەپ، ئۇخلاپ قوپۇپ، قۇياشنى كۆرۈپ ياشاۋاتقىنىمدىن ۋىجدان ئازابى تارتىمەن.

سابىق كومىسساربىر مىنۇتچە سۈكۈتكە چۆكۈپ، ئاندىن قولىدىكى قەغەزلەرنى سىيلاپ داۋاملاشتۇرغاندائۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلىدى. ئالاھىدە قەبرىگە شۇنچىۋالا كۆپ قەھرىمان جەڭچىنى ئۆز قولى بىلەن كۆمگەن كومىسسارنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. تەسەللىگە سۆز تاپالمىدىم...

-مانا بۇ قەغەزلەرئەشۇ ئالاھىدە قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن نەچچە يۈزقەھرىمان ئۈچۈن ئەشۇ جايغا بىرخاتىرە مۇنار سېلىشقا تەييارلاپ سۇنغان ئىلتىماسىم ئىدى. 10 يىلدىن بۇيان تەستىقلانمىدى. يا مەن خاتا قىلىۋاتامدىم، يا ئۇلارمۇ؟ بىلمىدىم. ئامالسىز قالدىم.

— ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىنى ئىزدەپ، ئىلتىماسىڭىزنى مەن يەتكۈزۈپ باقايمۇ-يا؟-دېدىم مەن.

— ئابلەت ئابدۇرىشىت رەئىسنى مەنمۇ ئىزدىدىم. ئىلتىماسىمغا: خەلق ئىشلارئىدارىسى بىرتەرەپ قىلسۇن! دەپ يېزىپ ئىمزا قويۇپ بەرگەن ئىدى. مەن ئەمدىغۇ ياردەم قىلار، دەپ ئويلاپ، مىللىي ئىشلاركومىتېتىغا ئىلتىماسىمنى تاپشۇردۇم. ئۆرۈمچىدە ياتاق تۇتۇپ ساقلىدىم. ئىككى ئاي ئۆتكەندە:" كېيىن ئويلىشايلى!" دېگەن جاۋاپ كەلدى. بۇ 1994 -يىلدىكى جاۋاپ. توپتوغرا 10 يىل ئۆتتى. ئىلتىماسىم قەغەزدە قالدى.

شۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا بۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن تەكلىپ بىلەن قاتناشقان بىر پائالىيەت كەلدى.

بۇ 1954- يىلى قۇرۇلغان چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ 50 يىللىقى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئىدى. شۇ كۈنلەردىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر شىبە ئەركەك (ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن) چوڭ-كىچىك 150 شىبە خەلقىنى ھارۋا، ئات-ئۇلاقلار بىلەن قاچۇرۇپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئىلى دەريا بويلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ زېمىننىڭ باياشات، تىنىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغان، ماكانلىشىپ قالغان ئىكەن. مەن قاتناشقان تەبرىكلەش پائالىيىتىدە شىبەلەرنىڭ ئەشۇ باشلامچىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن چاپچالغا تىكلەنگەن ھەيكەلنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. ئېگىزلىكى 7 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، شىبەلەرنىڭ ئەنئەنىۋي كىيىمى بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەيكەل بەك ھەيۋەتلىك ئىدى.

بۇ سېلىشتۇرما بېشىمدىن ئىس چىقىرىۋەتتى. ئەجابا!!! تارىخى ئېنىق كۆچمەن ئۈچۈن ھەيكەل تىكلەشكە رۇخسەت ئىكەنۇ، زېمىننىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ، تېخى يېقىنقى كۈنلەردىلا بۇ زېمىننى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمانلار ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى تىكلەشكە رۇخسەت يوقمۇ؟ ئىلتىماس سۇنۇلغانغا ئون يىل بوپتۇ. دېمەك، قەھرىمانلارغا خاتىرە مۇنار تىكلەش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس!

مەن بۇ تېمىدا يەنە چوڭقۇرلاشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتتۇم.

—سىز 30- يىللارنىڭ ئاخىرىدا «ئىلى گىمنازىيە»نى پۈتتۈرگەن، سۆيىدۈڭدە ئوقۇتقۇچى بولغان ئىكەنسىز. ئاڭلىسام يەنە شۇ كونا كەسپىڭىزنى تېپىۋاپسىز، شۇنداقمۇ؟

—ئۆمۈرنى خۇلاسىلەش كېرەك ئىكەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ھاياتىمدىكى جەڭگىۋار كۈنلەرنى قەلەمگە ئالدىم، رەھبىرىمىز ئەھمەتجان قاسىمى بىللە ئىشلىگەن كۈنلەر، شىخۇ ئۇرۇشى، «11بېتىم»لارتوغرىسىدا ئەسلىمىلەر يېزىپ، «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى، «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلدىم.

«ئەخمەتجان قاسىمى» ناملىق ئەسلىمىنى تۇرسۇن ياسىن بىلەن بىرلىشىپ، يازغان ئىدۇق.

كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىندى. سىزگە بىرنى تەقدىم قىلاي.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قولىدا يېشىل تاشلىق، نېپىزراق بىركىتاپنى كۆتىرىپ چىقىپ ماڭا سۇندى. مەن كىتاپنى ئىككى قوللاپ ئالدىم. كىرىش سۆز قىسمىنى ئىچىمدە ئوقىدىم:

... ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئىنقىلاپ رەسمىي ھاكىمىيەت سۈپىتىدە ئىنقىلاپ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق زوربىر تۈركۈم سىياسىئونلار، ھەربى ئالىملار، دېپلوماتلار، ئىقتىسادشۇناسلار، مائارىپچىلار، ئەدىبلەر، دوختۇرلار... نى يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگەئەڭ كۆرۈنگەن، زور سىياسىي كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىنقىلابىي قۇربانىمىز، كۈرەش يولىنى ئاچقۇچى ئاۋانگارت بايرىقىمىز — ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى... مەن شۇ يەرگىچە ئوقۇپ، كىتاپنى كومىسسارنىڭ ئىمزا قويۇپ بېرىشىگە سۇندۇم. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. فوتۇ ئاپاراتىنى تۇتۇپ، تاقەت بىلەن سۆھبىتىمىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان فوتوگراف ئىشىكنى ئاچتى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ئېگىز بويلۇق، قويۇق قارا قاشلىق، گەۋدىلىك، ئەللىك ياشلاردىكى بىركىشى كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى.

ماڭا تىكىلىپ تۇرغان سابىق كومىسسارغا قارىدىم. ئۇقەلەم ئېلىپ كىتاپقا ئىمزا قويۇشقا تەييارلانغان ئىكەن. مېھماننى كۆرۈپ، قەلەمنى قويدى. فوتوگراف ئىككىمىز: يەنە پەيدا بولدىغۇ! دېگەن مەنىدە كۆز بېقىشتۇق.

مېھمان ئۆزىنى تونۇشتۇرمىدى، بىزنىمۇ سورىمىدى. بەدەشقاننى قورۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆي ئىگىسىدىن ئۇزاق ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، سابىق كومىسسار ماڭا قارىدى. مەن كىتاپنى سومكامغا سېلىپ، گەپنى يۆتكىدىم:

— ئاڭلىسام «غۇلجا ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم» دېگەن مەكتەپنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى ئىكەنسىز. يەنە تېخى مەكتەپ مۇدىرى ئىكەنسىز. مۇشۇ مەكتەپ توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولساڭىز.

— ھە شۇنداق. ئەسلى بۇ مەكتەپنى قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئۇتتۇرىغا قويغان غوپۇر زاھىرنى ئاۋال ئىزدىسىڭىز بوپتىكەن. ھە، بوپتۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى. مەنمۇ دەي. لېكىن غوپۇرنى چوقۇم زىيارەت قىلىڭ.

— چوقۇم ئىزدەيمەن!- كەسكىن ۋەدە بەردىم مەن.

— ئەينى يىللاردا يەنى 1980 -يىللاردا ئىشسىز ياشلار كۆپ ئىدى. زاۋۇتلار، ئىدارىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەرتىگە لايىق ياشلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا، ياشلارغا تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپلىرىگە ئېھتىياج كۈچلۈك ئىدى.

غوپۇر زاھىر قەشقەردە ئۇزاق يىللار ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۆرۈمچىدىكى غوپۇر نۇر (غوپۇر چولاق) ئاچقان «ئىجتىمائىي ئالى تېخنىكوم»نى زىيارەت قىلغان. غوپۇر غۇلجىغا كېلىپلا مېنى ئىزدەپ، مۇشۇنداق بىر مەكتەپ ئېچىش ئارزۇسىنى ئېيتتى. مەن ئەلۋەتتە قوللىدىم. ئىككىمىز پىشقەدەم مائارىپچىلار، جامائەت ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشىلەر، دەم ئېلىشقا چىققان زىيالىيلاردىن بىرنەچچىنى تەكلىپ قىلىپ. مەكتەپ لايىھەسىنى بېكىتتۇق. ئاندىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەستىقىنى ئالدۇق. ئېلى خەلقى بەك خۇش بولدى. بايلارقوللىدى. بىزئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىمىزنى جەنۇپ-شىمالنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتتۇق. شۇنداق

قىلىپ، 1985 -يىلى 3 -ئاينىڭ 10 -كۈنى «غۇلجا شەھەرلىك ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم»مەكتىپىدە رەسمىي ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى قىلدۇق. شۇ يىلى 14 خىل كەسىپ، 22 سىنىپقا 1200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇق. مەن مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى خالىس ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. دەسلەپكى يىللىرى پۈتۈن دىيارىمىزدىن مۇنچىۋالا كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ تېخنىك مەكتەپكە تىزىملىتىشى غوپۇر زاھىرنىڭ ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن ياشلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نۇقتىنى تۇتالىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەكتەپ نامرات ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش ھەققىدە يېرىم كەچۈرۈم قىلىش، بەزىلىرىنى ھەقسىز تەربىيەلەش پرىنسىپىدا بولدى. ئەمما، مەكتەپنىڭ مۇقىم ئورنى بولمىغاچقا، ھەريىلى بىرنەچچە قېتىم كۆچۈشكە توغرا كەلدى. يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلدى[1]. سىز تەپسىلاتىنى غوپۇر زاھىردىن ئاڭلىسىڭىز تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

سابىق كومىسسارنىڭ گېپى تۈگىگىچە «قىچقىرىلمىغان مېھمان»ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى. ئۆمەرۇپ ئاتىمىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن:


—قارىمامسەن بۇلارنى، مەندەك قېرىنى يوقلاپ كېلىپ، بىرمۇنچە گەپكە سالدى. سېنى ساقلىتىپ قويدۇم.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ بىر خاتىرىنى كۆتۈرۈپ، تېز قايتىپ چىقتى-دە، خوشلىشىش مەزمۇنىدىكى بىركوپلېت شېئىرنى بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئوقىدى.

بىز چۈشەندۇق. ئۇ: گەپ تۈگىدى، كېتىڭلار، دەۋاتاتتى.[2]

فوتوگراف بىلەن ئىككىمىز نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، رەھمەتلەر ئېيتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق.

ئىمزا قويۇشقا ئۈلگۈرمەي ماڭا تۇتقۇزغان كىتابى سادىر پالۋان تەتقىقاتچىسى تۇرسۇن ياسىن مۇئەللىم بىلەن بىللە يازغان مانا بۇ «ئەھمەتجان قاسىمى» دېگەن كىتاپ ئىدى.


مۇھەممەت ئىمىن ئۇمەروۋ
تۇرسۇن ياسىن
ئەخمەتجان قاسىمى
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيە ... ئاتلىق پولكىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى.

| رەت | ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى - تەۋەلىكى | 1945 - يىلى خىزمىتى | 1945 - يىلى ئۇنۋانى | 1946 - يىلى خىزمىتى | 1946 - يىلى ئۇنۋانى | 1947 - يىلى خىزمىتى | 1947 - يىلى ئۇنۋانى | 1948 - يىلى خىزمىتى | 1948 - يىلى ئۇنۋانى | 1949 - يىلى خىزمىتى | 1949 - يىلى ئۇنۋانى | 1950 - يىلى خىزمىتى | 1950 - يىلى ئۇنۋانى | 1951 - يىلى خىزمىتى | 1951 - يىلى ئۇنۋانى | ھازىرقى ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | موگوتنوپ | روس | سايۇزدىن | قوۋ.نچالك | پولكوۋنىك | تو.نچالك | | | | | | | | | | | | |
| 2 | سېرگېي ئالكسى | 〃 | 〃 | زام.پالك. | | زام.پالك | | | | | | | | | | | | |
| 3 | بارسى | 〃 | 〃 | ناچ شتاب | | ناچ شتاب | | | | | | | | | | | | |
| 4 | ئەزىزخانوپ قۇدرەت | ئۇيغۇر | 〃 | كومسار | | كومسار | | | | | | | | | | | | |
| 5 | ماخسۇدوپ | ئۆزبەك | 〃 | زام كومسار | | زام كومسار | | | | | | | | | | | | |
| 6 | مەرغوپوپ مۇسھاقوپ | تاتار | غۇلجىدىن | لە.نچالك | | زام.پالك. | كاپىتان | تو.نچالك | كاپىتان | تو.نچالك | | تو.نچالك | | تو.نچالك | | تو.نچالك | | سايۇزغا چىقىپ كەتكەن. |
| 7 | يۈسۈپبېكوپ ... | ئۇيغۇر | 〃 | 〃 | | زام.پالك. | | زام.پالك | | زام.پالك | | تو.نچالك | | تو.نچالك | | تو.نچالك. | | سايۇزغا چىقىپ كەتكەن. |
| 8 | سەمەقوپ سالاھىدىن | 〃 | 〃 | زام ناچ شتاب | | زام ناچ شتاب | | زام ناچ شتاب. | | — | | — | | — | | — | | سايۇزغا چىقىپ كەتكەن. |
| 9 | رامزان ئوسمانوپ | قازاق. | چۆچەك. | 〃 | | 〃 | | 〃 | | ناچ شتاب. | | ناچ شتاب. | | ناچ شتاب | | ناچ شتاب. | | 〃 〃 〃 |
| 10 | مەھمەدىيېپ ... | تاتار. | 〃 | كومبات. | | كومبات. | | كومبات. | | ناچ شتاب. | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | 〃 〃 |
| 11 | رەجەپوپ ئابلەت | ئۇيغۇر | سۈيدۈڭ. | چاپتى | | چاپتا | | لە.نچالك | | كومبات. | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | خىتاي تۈشلار رنازار قىلىندى |
| 12 | شامائىلوپ ... | 〃 | 〃 | زام كومبات | | زام كومبات | | كومبات | | ناچ شتاب | | ناچ شتاب | | ناچ شتاب | | ناچ شتاب | | ھۆكۈمەت ... ھەربىي رايونىدا ... |
| 13 | ئابدۇنبايېپ ... | 〃 | | 〃 | | 〃 | | 〃 | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | فوتو.نچالك | | باشقىلار ... كەتكەن. |
| 14 | ھاشىموپ ئىبراھىم | 〃 | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر | | س.ب.مۇدىر. | | |
| 15 | ئۆمەروپ | 〃 | ئىلى ... | 〃 | | 〃 | | كومسار | | كومسار | | كومسار. | | — | | — | | ھازىر غۇلجىدا بار. |
| 16 | بابايېپ ... | 〃 | 〃 | — | | — | | كومسار | | كومسار | | كومسار | | — | | — | | |
| 17 | زۇنۇنوپ خەلىل | 〃 | 〃 | — | | — | | زام كومسار | | زام كومسار | | زام كومسار | | زام كومسار | | زام كومسار | | ئىلى ... رايونىدا. |
| 18 | باقىيېپ. | قازاق. | | — | | — | | — | | — | | زام كومسار | | زام كومسار | | زام كومسار | | ئۈرۈمچىدە بار. |
| 19 | دۆلەتشالا ... | ئۇيغۇر. | | — | | — | | — | | — | | — | | كومسار | | كومسار. | | |
| 20 | ... | 〃 | | — | | — | | — | | — | | — | | — | | [illegible] | | |
| 21 | زەمچايېپ ... | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 22 | ئەزىز ... | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 23 | ... | | | | | | | | | | | | | | | | | |

3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيە 1 - ئاتلىق ئاتقۇچى پولكنىڭ ئوفىتسېرلار تىزىملىكى، ئۇلارنىڭ يىللاردىكى خىزمەتلىرى، ئۇنۋانلىرى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى.

| № | ئىسمى، فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى - تەۋەلىكى | 1945 - يىلى خىزمىتى | 1945 - يىلى ئۇنۋانى | 1946 - يىلى خىزمىتى | 1946 - يىلى ئۇنۋانى | 1947 - يىلى خىزمىتى | 1947 - يىلى ئۇنۋانى | 1948 - يىلى خىزمىتى | 1948 - يىلى ئۇنۋانى | 1949 - يىلى خىزمىتى | 1949 - يىلى ئۇنۋانى | 1950 - يىلى خىزمىتى | 1950 - يىلى ئۇنۋانى | 1951 - يىلى خىزمىتى | 1951 - يىلى ئۇنۋانى | ھازىرقى ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | جانانىيېف | قىرغىز | | | | كومبات. | | | | | | | | | | | | |
| 2 | ناسىروۋ زاكىر. | ئۆزبېك | غۇلجىدىن | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 3 | نىزاموۋ [illegible]. | " | غۇلجىدىن. | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 4 | [illegible] | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 5 | [illegible] | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 6 | [illegible]. | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 7 | [illegible]. | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 8 | [illegible] | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 9 | خابىبايېف [illegible]. | [illegible] | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 10 | [illegible] | تاتار. | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 11 | [illegible]. | ئۆزبېك | | | | زامات. | | | | | | | | | | | | |
| 12 | [illegible] | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 13 | ھادى. | " | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 14 | [illegible] | " | | | | [illegible] | | | | | | | | | | | | |
| 15 | [illegible]. | تۇڭگان. | | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 16 | [illegible]. | ئۆزبېك | غۇلجىدىن. | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 17 | [illegible]. | " | " | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 18 | [illegible] | تۇڭگان. | " | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 19 | [illegible]. | [illegible] | [illegible]. | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 20 | [illegible]. | ئۆزبېك | غۇلجىدىن. | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 21 | [illegible]. | " | " | | | زەراۋە. | | | | | | | | | | | | |
| 22 | [illegible]. | " | " | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 23 | [illegible]. | " | [illegible]. | | | " | | | | | | | | | | | | |
| 24 | [illegible]. | | غۇلجىدىن. | | | " | | | | | | | | | | | | |

| هازرقى ئەھۋالى | 1951 - يىلى شنۋالى | 1951 - يىلى خزمتى | 1950 - يىلى شنۋالى | 1950 - يىلى خزمتى | 1949 - يىلى شنۋالى | 1949 - يىلى خزمتى | 1948 - يىلى شنۋالى | 1948 - يىلى خزمتى | 1947 - يىلى شنۋالى | 1947 - يىلى خزمتى | 1946 - يىلى شنۋالى | 1946 - يىلى خزمتى | 1945 - يىلى شنۋالى | 1945 - يىلى خزمتى | يۇرتى - تەۋەلىكى | مىللىتى | ئىسىم فەمىلىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | | [illegible]. | | | | [illegible] | تۇردىيېف نۇرىخان. | 25 |
| | | | | | | | | | | | | 〃 | | | | 〃 | ئوسمانوف [illegible]. | 26 |
| | | | | | | | | | | | | [illegible]. | | [illegible] | [illegible]. | تاتار. | [illegible]. | 27 |
| | | | | | | | | | | | | 〃 | | 〃 | [illegible] | 〃 | يۇسۇپوف [illegible]. | 28 |
| | | | | | | | | | | | | 〃 | | 〃 | [illegible] | [illegible] | [illegible]. | 29 |
| | | | | | | | | | | | | [illegible]. | | [illegible] | [illegible]. | تاتار. | [illegible]. | 30 |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | [illegible] | 31 |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | .32 |

بۇ قىممەتلىك ماتېرىيالنى كۆكتالا دېھقانچىلىق مەيدانى ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى، مىللەتپەرۋەر، ۋىجدانلىق يىگىت، ئەھمەت قاسىم چاپايېۋپ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە مەن بىلەن بىللە بولغان روزى مۇھەممەت تاھىر ماڭا بەرگەن ئىدى. روزى مۇھەممەت مەن ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىشقا ساناقلىق كۈنلەر قالغاندا مېنى يەنە ئىزدەپ كەلگەن. بۇ ئارخىپنى ۋە زىخرۇللامنىڭ تولۇق تەرجىمىھالىنى تاپشۇرغان ئىدى.

* * * *

مەتىمىن ئۆمەرۇپ كومىسسار بىلەن بولغان سۆھبىتىمدىن 8 يىل ئۆتكەن، كومىسسارنىڭ ئارمان بىلەن باقى دۇنياغا كەتكىنىگە ئىككى يىل بولغاندا، 2012-يىلى شىخۇ سوقۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىزگە قەبرە قاتۇرۇلغانلىقىنى، قەبرىگە ئاتاپ يېزىلغان مۇنۇ بىرپارچە شېئىرنى تور بەتتىن تاپتىم.

**شىخۇدا بار شۇنداق بىر قەبرە**

شىخۇ سوقۇشىدا قۇربان بولغان 711 جەڭچىگە بېغىشلايمەن

ئەبەي تارىم

*شىخۇدا بار شۇنداق بىر قەبرە،*
*قەبرىدە بار بىرتوپ گۈلدەستە.*
*شىخۇدا بار شۇنداق بىر قەبرە،*
*ئۇلار ھايات بىزنىڭ يۈرەكتە.*

*ئەنە! مەغرۇر تۇرار شۇ قەبرە،*
*قىسسەلەرنى سۆزلەيدۇ بىزگە:*
*بىز بولمىساق سىلەر قايەردە؟*
*ئۇنۇتماڭلار، بىزنى ئەبەتكە!*

ئاتلانغاندا ھۆرلۈك ئىزدەپ بىز،
ھەريۇرتلاردىن يىغىلغانتۇق تېز.
ئىلى، سايرام، چىگىشۇردا ھەم،
قالدۇردۇق شانلىق، زادى ئۆچمەس ئىز.

ئەنە، كۆرۈنمەكتە بىزگە شىخۇ،
ئۇيغۇرلار ئاتايمىز ئۇنى قاراسۇ،
خەنزۇلار ئاتايدىكەن ئۇنى ۋۇسۇ،
شۇيەردە ئىدى ئەڭ چوڭ تۇسالغۇ.

چەيپەيزىدىن باشلاندى ئۇرۇش،
بۇتخاندا بولدى بەك سوقۇش.
قارادۆگدە كۆپكەن سۇ-قۇمۇش،
ئالدىمىزدا دۇشمەن تۇشمۇ-تۇش.

ئاتلان!دەپ بىزگە كەلدى بىر ۋەھى،
ئەنە، شاۋكەت[1] تاشلىدى بومبا.
ئەنە، ئىمىنجان[2] «ھۇررا!»توۋلىدى.
مۇھەممەت[3] ئوقتەك ئالغا ئېتىلدى.

قىسسەنى سۆزلىسە ئىسمائىل[4] گۆركار،
باشلاش بىلەن تەڭ كۆزىنى ياشلار.
پۇت-قولى تىترەپ، قالمايتتى مادار،
ئاھ! ئۇلار باتۇر، شۇنچە بىغۇبار.

ئۆز قولۇم بىلەن قويدۇم ئۇلارنى،
مەن ياشاۋاتىمەن، باتۇرلار قېنى؟
رىزقىمىز ئوخشىماس، دەيمۇ ئەي تەگرىم؟
ئۇنۇتما شۇلارنى، ئەي، قاراسۇ خەلقى!

ئۆلگۈرمەي يۇيۇشقا، كېپەنلەشكە ھەم،
قان يۇقى يىگىتنى قويدۇم كۆزۈمدە يېشىم.
ئاقسىچۇ، مىنىڭمۇ قېنىم شۇ جايغا،
ئارتۇق سۆزلەشكە قىسىلار تىلىم.

قالدى مۇھەببەت، قالدى ئارمانلار،
قالدى قەبرىلەر، قالدى شوئارلار.
ئۇلار ياش ھەم جەڭگىۋار ئىدى،
بىز بولدۇق ئۇلارغا مەڭگۈ قەرزدار.

قەبرىنى تىكلەشتە چەكتى كۆپ جاپا،
ئىلى ئوغلانى ئۆمەروپ [5] ئاكا.
تۇرسۇن باقى[6] بىلىنى باغلىدى مەھكەم،
ئىككىسى بۇ ئىشنى كەلتۈردى بەجا.

ساقلىدۇق بۇ كۈننى ئۆتتى 60 يىل،
كۈتتۇق، يانمىدۇق، ئۆتتى كۆپ پەسىل.
ساقلىنار نامىڭلار، ئەۋلادىم كېپىل،
ئاقسايەنە قېنىمىز، ئەۋلادىم يەكدىل[7].

ئابىدە پۈتتى شۇنچە جاپادا،
شېھىدلەر قىلماس ئەمدى كۆپ نىدا.
مەڭگۈ ئاڭلىنار ئۇلاردىن سادا:
خاتىرجەم ياتتۇق، خەلقىم ئەلۋىدا!

قەھرىمانلىرىمىزغا خاتىرە قەبرە تىكلەش يولىدا تىنماي تىرىشقان، يېتەكچىلىك قىلغان، ئەقلىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى تەقدىم قىلغان ــ مەتىمىن ئۈمەروپ، تۇرسۇن باقى، يۈسۈپ ساقال قاتارلىق مىللەتپەرۋەر ئوغلانلارنى خەلقىمىز مەڭگۈ ئەزىزلەيدۇ!

ئوڭدىكى سۈرەتتە: پېشقەدەم مائارىپچى يۈسۈپ ساقال[6] ئۇقۇغۇچىلار بىلەن.

سولدىكى سۈرەتتە: «مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ قاراسۇ (شىخۇ) فرونت كومىسسارى، پېشقەدەم مائارىپچى مەتىمىن ئۈمەروپ.



قارا سۇ (شىخۇ) ئۇرۇشى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قەبرىسى.

ئېنىقلىشىمچە: قەبرىگاھنىڭ لايىھەسىنىمۇ سابىق كومىسسار مەتمىن ئۆمەروپ ئۆزى لايىھەلىگەن. يەنى: قەبرىگاھنىڭ ئاستىغا ئۈچ پەلەمپەيلىك سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ-ئازات ئۈچ ۋىلايەتكە سىمۋول قىلىنغاندى؛ سۇپا ئۈستىگە ئۈچ گۈمبەز قاتۇرۇلغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنى ئازات قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق شىخۇ سوقۇشىغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان كاماندىر-جەڭچىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. گۈمبەزلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلىغى237 سانتىمېتىر بولۇپ، 3 گۈمبەزنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنى قوشقاندا 711، يەنى، بۇ يەرگە مۇشۇنچىۋالا كۆپ باتۇرلار كۆمۈلگەن، دېگەن مەنا چىقىدۇ.

تېخىمۇ چوڭقۇر مەنا شۇنىڭدىكى، گۈمبەزلەر جەنۇپقا يۈزلەندۈرۈلگەن ھالدا قاتۇرۇلغان. بۇ شەھىدلىرىمىزنىڭ تېخى ئازات قىلالمىغان ۋەتەنىنىڭ جەنۇبى چوقۇم ئازات بولىدىغانلىقىغا ئۈمىد بىلەن يۈزلىنىپ يېتىۋاتقانلىقىغا تەقلىد قىلىنغان.

## شېئىرغا ئىزاھاتلار:

(1، 2، 3) شاۋكەت، ئىمىنجان، مۇھەممەتلەر شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

(4) ئىسمائىل گۆركار. شىخۇ شېھىدگاھىنىڭ شەيخى. ھازىر 101 ياشتا. بۇ ۋەقەلەرنى مۇشۇ كىشى مەن ئەبەيگە

2002-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قەبرە بېشىدا سۆزلەپ بەرگەن.

(5) مەتىمىن ئۆمەروپ - «مىللى ئارمىيە» جەڭچىسى، شىخۇ سوقۇشىنىڭ كومىسسارى، غۇلجا شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى، 711 جەڭچىنىڭ قەبرىسىنى تىكلەشكە زور كۈچ چىقارغان كىشى.

(6) تۇرسۇن باقى — شىخۇلۇق مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچى. بۇ قەبرىنى تىكلەشكە ئىقتىسادىي ياردەم قىلغۇچى.

يەنە بىرى — شىخۇدا «يۈسۈپ ساقال» نامىدا تونۇلغان مائارىپچى كىشى بولۇپ، جامائەت ئىشلىرىدىكى تەشكىللاتچىلىق قابىلىيىتىگە يارىشا قەدىمىي ئادىتىمىز بويىچە «ئاقساقال» دېگەن نام بېرىلگەن. يىللار داۋامىدا قىسقارتىلىپ «يۈسۈپ ساقال» دېيىلگەن. بۇ سۈرەتنى تەمىنلىگەن قېرىندىشىمىزغا رەھمەت.

ئەپسۇس، قەبرىنى تىكلەشكە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن تۇرسۇن باقىنىڭ سۈرىتىنى تاپالمىدىم.

(7) يەكدىل — نىيىتى بىر، مەقسىدى بىر.

## ئاخىرقى سۆز:

مەتىمىن ئۆمەروپ 1922- يىلى ئىلى سۇيدۈڭ ناھىيەسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1938- يىلى ئىلى گىمنازىيەنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1944- يىلى «ئىلى ئىنقىلابى»پارتلىغاندا پارتىزان

بولۇپ، چىلپەڭزە ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1945-يىلى 2 ئايدا غېنى باتۇرنىڭ پارتىزان ئەترىدىگە قوشۇلغان ۋە ئارشاڭنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. 1945- يىلى 4 ئاينىڭ 8 -كۈنى «مىللىي ئارمىيە»نىڭ تەنتەنىلىك قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا قورال ئېسىپ، پاراتتىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۈيدۈڭ 1 -پىيادىلار پولك سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولغان. ئەڭ قاتتىق جەڭلەرنىڭ بىرى — شىخۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سىياسى

پولك كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان. 1946- يىلى ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشقان غۇلجا پىيادىلەر 2- پولكىغا يۆتكىلىپ، ئورمانباغدا تۇرۇۋاتقان بۇ پولكقا سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلەنگەن. بۇ مەزگىلدە پولكتا ھەربى ئىنتىزام، ھەربى مەشىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە، ساۋات چىقىرىش... قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ جانلىنىش كۆرىنەرلىك بولغان.

قابىلىيەتلىك كومىسسار 1951- يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ھەربى رايونى ئاچقان 1 -قارارلىق سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسىغا چاقىرتىلغان. بىريىلدىن كېيىن، يەنى، 1952- يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غۇلجا شەھرىگە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، قوشۇمچە ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ھەربى خىزمەتتىن ئايرىۋېتىلىپ، مەمۇرىي كادىربولغان قىسقىغىنە بەش يىلدا ئۇ مائارىپ بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى جىددى

تۇتۇپ، خەلق ئېتىراپ قىلغان رەھبەربولغان. يەر ئىسلاھاتى، زومىگەر-پومىشچىكلارنى باستۇرۇش دېگەندەك سوتسىيالىزمنىڭ تەتۈر قۇيۇنلىرىدا ھوقۇقنى خەلق تەرەپكە يان بېسىپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، غۇلجا شەھرىدە بىر قىسىم يەر، چارۋا، مۈلۈك ئىگىلىرى جازادىن، ئېتىلىشتىن ئامان قالغان. 1957- يىلى «ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش»تە مىللەتپەرۋەر، سىياسى تاكتىكىغا ئۇستا سابىق سىياسى كومىسسارغا «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، تۈرمىگە تاشلىنىپ، 15 يىل كېسىلگەن. كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان ئادالەتسىزلىك شۇكى، مەتىمىن ئۆمەروپنىڭ جازا مۇددىتى توشقان كۈنلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا توغرا كېلىپ، نامەرت كوممۇنىستلار بۇ مەشھۇر كىشىنى «ئۇنۇتقان » بولۇۋېلىشقان. 1976 -يىلى ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېزىلگەن كومىسسار يەنە قەددىنى رۇسلاپ «غۇلجا ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكوم»نىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشقان. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار، بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر بېسىمدا قالغان مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى غوپۇر زاھىرغا ھەمكارلاشقان. مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى خالىس ئۆتىگەن.

قابىلىيەتلىك ھەربى كومىسسار، پىداكار مائارىپچى، خەلقىمىزنىڭ غەمگۇزارى مەتىمىن ئۆمەروپ 2010- يىلى دېكابىرنىڭ 23 -كۈنى سەبداشلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان زېمىن ــ غۇلجا شەھرىدە ئارمان بىلەن ۋاپات بولدى.

سۆھبەت خاتىرىسىگە ئىزاھاتلار:

(1) مەن غوپۇر زاھىرنى 2002 -يىلى تۇنجە قېتىم ئىزدەپ، ئۆيىدە سۆھبەتلەشكەن. شۇ يىلى ياز پەسلىدە يەنە مەخسۇس زىيارەت قىلغىلى ئۈرۈمچىدىن ئالايىتەن كەلگەن ھەمدە مەكتەپ ماتېرىيالىنى تولۇقلاپ، «قۇرۇماس بۇلاق» تېمىلىق ئەدەبىي ئاخبارات يېزىپ، شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا ئېلان قىلغان ئىدىم. مەتىمىن ئۆمەرۇپنىڭ مۇدىر بولغىنىنىمۇ شۇ چاغدا بىلگەن. بۇ سۆھبەتتە سابىق كومىسسارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش ئۈچۈن،

مەكتەپ ھەققىدە بىلگىنىمنى كۆپ ئېيتمىدىم.

(2) خۇددى ئەھمەت قاسىم چاپايوپىنىڭ ئۆيىگە پۇخراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى شەيتاندەك پەيدا بولۇپ، كىرىپ ئولتۇرۇۋالغانغا ئوخشاش كۆرۈنۈش تەكرارلاندى.

كېيىن ھېلىقى كىشى توغرىسىدا سۈرۈشتۈردۈم. ئۇقۇشۇمچە، ئەشۇ مەھەللىدىكى ئايغاقچىلاردىن بىرى ئىكەن. سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ۋاقتىدا كەتكىنىمىز توغرا بولغان ئىكەن.

# «مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ ئىزۋۇد كاماندىرى، هۆرمەتلىك ئاتام ئاقسۇ فرونتىدا!



مېنىڭ دادام ــ ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاشلىق، مەخمەلدەك قويۇق بۇرۇتلۇق كىشى ئىدى. «ئىلى ئىنقىلابى»دا ئارغىماق مىنىپ، قولىغا مىلتىق ئالغان. باسقۇنچى دۈشمەننى يوقىتىشقائاتلانغان جەڭچى، ئىزۋۇد كاماندىر ئىدى. ئۇ جەنۇبنى ئازاد قىلىشقا ئاتلانغان قوشۇن بىلەن مۇز داۋاندىن قانداق جاپالاردا ئاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. سادىرپالۋاننىڭ كىملىكىنى، قەھرىمان رىزۋانگۈلنى تونۇجى بولۇپ بىزگە يەتكۈزگەن ئىدى. دادامنىڭ پۈتۈن جەمەتىمىزنى پەخىرلەندۈرگەن يەنە بىر ئۆچمەس تۆھپىسى شۇكى: دادام 11 ئەۋلاد نەسەبنامىمىزنى يۈرىكىدە ساقلاپ، كامىللارجەمەتىمىزگە قىممەتلىك ئابىدە تىكلەپ بەرگەن مەسئۇلىيەتچان بىر ئىنساندۇر.

دادام خەتنى ھۆسنخەتتەك چىرايلىق يازاتتى. خوجا ئەھمەد يەسەۋىينىڭ «دىۋان-ئى-ھېكمەت» نى، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، «قۇرئان كەرىم» ، «ھەدىس»لەرنى ئوقۇيتتى.

ئۇ ئەركەكتەك قەھرى بار، دۇنياغا مۇھەببىتى، ئاپامغا چەكسىز ۋاپادارلىقى بار ئىنسان ئىدى. 1960- يىلدىن باشلاپ، بارلىق كىرىم مەنبەسى ئۈزۈۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق يىللاردا سەككىز قىزنى بېقىپ، بەش قىزنى، قىزلىرىغا قوشۇپ، ئەتىۋارلاپ باققان بىر نەۋرە ئوغلىنى ئالى مەكتەپلەرگە كۆلۈمسىرەپ ئۈزاتقان مېھرىبان، ساپالىق بىر ئاتا ئىدى. دادامنىڭ ئاۋازى ياڭراق ۋە يېقىملىق ئىدى. خەتمە قۇرئان قىلسا گۈزەل مۇڭى بىلەن يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى. ھېلىمۇ يادىمدا: دادام بىزگە ئىلى خەلق كىلاسسىك ناخشىلىرى «ۋادەرىخا» نى گۈزەل ئاھاڭدا ئېيتىپ بېرەتتى. سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى يادلاپ بېرەتتى:

*ئەلەم كەلدى باشىمغا ،*
*تارتماسقا نېمە چارە ،*
*ئەل-يۇرتۇم ئازاپ چەكتى ،*
*يۈرەگىم پارە-پارە.*

*قار كېچىپ تولا مېڭىپ ،*
*ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم.*
*تاشقا مالخاي كىيگۈزۈپ ،*
*دۈشمەنلەرنى گول قىلدىم.*

*ئات مىندىم كۈرەڭ قاشقا ،*
*چاپتۇردۇم تاشتىن- تاشقا.*
*چىرىك ئاتىدۇ تاشقا ،*
*سادىر ئاتىدۇ باشقا.*

دادام توختىسا، ئاپام نازۇگۇم قوشاقلىرىنى يادلاپ كېتەتتى:

*ئانام ئۆرگەن ساچىمغا،*
*تارغاق سىلىپ باققان يوق.*
*ئالتە ئاي بولدى ماڭغىلى،*
*تۆشەك سىلىپ ياتقان يوق.*

دادام ئەشۇ يىللاردا «30 ئوغۇل مەشرىپى»نىڭ يىگىت بېشى ئىدى. ئىسمائىل خۇمار دېگەن ئاغىنىسى بولىدىغان، ئۇ دائىم ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەشرەپكە دادام بىللە ماڭاتتى.

دادام -ئابدۇلھەق ئا. كامال 1921- يىل 7 -ئاينىڭ 3 -كۈنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئاكا-ئۇكا كاماللارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتىشۇپ كەتكەن كەڭرى، گۈزەل بېغىدا، يەنى، يازلىق تۇرالغۇسىدا دۇنياغا كەلگەن. بۇخارادا ئوقۇپ، «داموللا» ئۇنۋانىنى ئالغان ئاتىسى ئابدۇۋەلى كامالنىڭ ئايشەبۈۋى ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان 4 ئوغۇلنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى.



ئالدىنقى رەت ئاق كۆينەكلىك كىشى ــ دادام ئابدۇلھەق ئا. كامال. يېنىدىكى ئىنىسى ــ ئابدۇرېھىم ئا. كامال. ئارقىدىكى مەسئۇت ئا. كامال
سۈرەتنى: دادامنىڭ 7- قىزى-مۇھەببەت كامال تارتقان.

دادام ئۆسمۈرلۈكىدە شەھەرئىچى قازانچى مەھەللىسىگە تۇتاش تېرەكمازاردىكى قىشلىق قورۇسىدا ئاتىسى ئابدۇۋەلى داموللا بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن داموللىنىڭ ئىنىسى ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم بوۋىمىز ئاچقان «تائالىيە مەكتەپ»تە يېڭىچە مائارىپتا ئوقۇغان. دادامنىڭ ئاتىسى ئابدۇۋەلى كامال داموللا 1928- يىلى 48 يېشىدا ۋاپات بولغاندا دادام 7 ياشتا ئىكەن.

دادامنىڭ ئاكا-ئىنىلىرى گۇكىرەتمە يېزىسىدىكى 600 مو تېرىلغۇ يەرنى ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا قوللانغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئورتاقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۈزدە ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈشكەن. باغ ناھايىتى كەڭرى بولغاچقا، ئاكا-ئۇكىلارنىڭ باغنى پەرۋىش قىلىش، مېۋىلەرنى يىغىش- سېتىشلارغا كۈچى يەتمەي قىينالغان، شۇ كۈنلەردە قەشقەردىن يېڭى چىققان. خوتۇنى ۋاپات بولغانلىقتىن، يېشىغا توشمىغان ئوغلى بىلەن قىينالغان ئەبەيدۇللا ئىسىملىك كىشىنى باغقا كۆچۈرۈپ كەلگەن. ئۇ كىشى باغنىڭ پەرۋىشىگە ياردەمچى بولغان.[1]

دادام سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ زىيالىلار ۋە بايلارنى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىشى، ئۆلتۈرۈشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سوۋېت يېرىدىكى بارلىق مۈلكىنى تاشلاپ، قازاق يولباشلىغۇچىنى ياللاپ، 1937 -يىلى كۈنەسكە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ھەسەل فېرمىسى قۇرغان غۇلامىددىن نېغمەتۇللا بىلەن پاتىمە ئاقموللا خانىمنىڭ قىزى رەھىمە بىلەن كىچىك بوۋىمىز ئابدۇمۇتائالى خەلپەم ھەزرەتنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا غۇلجا شەھرىدە 1944- يىلى قىشتا نىكاھلانغان. شۇ يىلى ئاپام رەھىمە 17 ياشتا ئىكەن. ئاپام بىلەن دادام تويدىن كېيىن دادامنىڭ ئاپىسى ئائىشەبۇۋى مومىمىز بىلەن يازدا ئەشۇ گۈلزارلىق، كەڭرى مېۋىلىك باغدا، قىشتا شەھەر ئىچى قازانچى مەھەللىسىگە تۇتاش تېرەكمازاردىكى قورۇسىدا بىللە ياشىغان. كېيىنكى يىلى دادام «مىللىي ئارمىيە»گە قاتناشقان. بايانداي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە قىسقا مۇددەت تەربىيەلەنگەندىن

كېيىن، ئىزۋۇد كاماندىرلىق ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇ فرونتىغا ئاتلانغان.

## ئاتامنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتى توغرىسىدا ئۆزىدىن ئاڭلىغانلىرىم

مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان چىلانتورۇق ئېتىمنى مىنىپ، بەشئاتار مىلتىقىمنى مۈرەمگە تېگىپ، ئاپام ئۆز قولى بىلەن ياققان پېتىر توقاچ، قۇرۇق مېۋىلەرنى يان خالتامغا سېلىپ. ئاقسۇغا ماڭغاندا ئاپام بىلەن رەھىمە بېغىمىزنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ماڭا تەلمۈرۈپ ئۇزىتىپ قالغان.

بۇ — 1945 -يىل 8 -ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى.

بىز تېكەس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاتلىرىمىزنى يېتەكلەپ، كېمىگە چىقتۇق. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا تارتىپ باغلانغان توم سىم ئاغامچىغا ئورنىتىلغان چاق كېمىنى غىلدىرلىتىپ بىردەمدە ياپ-يېشىل قىرغاققا يەتكۈزدى. رەھبەرلىرىمىز ئەھمەتجان قاسىمى، ئىلىخان تۆرەملەر بىزنى دەريا ساھىلىدا كۈتۈۋالدى.. بىز كەلگىچە شورپا، قورداقلار تەييارلانغان ئىكەن. تاماقلاندۇق. باكلاشكىلىرىمىزغا سۇ تولدۇرۇپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، سەپكە تىزىلدۇق. ئىلىخان تۆرەم نامىزىمىزنى چۈشۈردى. ئاندىن رەھبەرلىرىمىز بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. بىز ئاتلىرىمىزنى مىنىپ، مۇزداۋان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

مەن سەپ بىلەن بىللە تەگرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن ئۆتتۈم. تاغنىڭ يانباغىرلىرىدا، مۇزلۇق چوققىلىرىدا بەزىدە ئېتىمنى مىنىپ، بەزىدە ئۇنى يېتىلەپ يۈرۈپ كەتتىم. سەپەر بەك خەتەرلىك تاغلار ئارىسىدا، يەنە كېلىپ، يىلبويى قار ئېرىمەيدىغان تاغ قاپتاللىرىدا، چوققىلىرىدا داۋام قىلدى. بىزنىڭ پولكتىن ئۈچ جەڭچى تاغدىن ئاتلىرى بىلەن چوڭقۇر جىراغا دومۇلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئىزۋۇدىمدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئامان-ئېسەن باي

ناھىيە چېگرىسىغا كېلىپ توختىدۇق.

بىراق، سەبدىشىم، يېقىن ئاغىنەم كەرى (تولۇق ئىسمى ئابدۇكەرىم بولسا كېرەك. غۇلجىلىقلار ئەركىلەتمە ئىسىم قويۇشقا ماھىر) دىن ئۇرۇش باشلانماي تۇرۇپ ئايرىلىپ قالدۇق. ۋەقە مۇنداق بولدى:

بىز باي ناھىيە چېگرىسىغاگۇگۇم پەيتىدە يېتىپ كەلگەن ئىدۇق. بىردەمدە قاراڭغۇ چۈشتى. بىز دالادا بىرىيەرگە توپلىنىپ، ئاتلىرىمىزنىڭ بوجىسىنى سىقىمداپ، مىلتىق بىلەن قامچىمىزنى بېشىمىزغا قويۇپ، سوزۇلۇپ ياتتۇق. يان خالتىمىزدىن نانلىرىمىزنى چىقىرىپ، باكىلاشكىدىكى سوغۇق سۇ بىلەن يەپ قوساقنى ئەستەرلىدۇق. قىستىلىشىپ يېتىۋالغان بولساقمۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتۈپ، ئۇيقۇنى قاچۇردى. شۇ چاغدا كەرى ئورنىدىن تۇرۇۋالدى:

—ھەي باللا، يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالماي قوپۇڭلار! —ئۇ شۇنداق دەپ، كانچىلار چوڭقۇر كان ئاستىغا چۈشكەندە ئەتراپنى يورۇتۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان يۇقۇرى گرادوسلۇق، بىر كۆزلۈك لامپۇچكىسىنى پېشانىسىگە تاقاپ ئەتراپنى كۈزىتىشكە باشلىدى. —ھەي كەرى، لامپۇچكىنى ئۆچەر! ھەي، ئۆچەر دەيمەن! — مەن ۋارقىراپ كەتتىم. ئەتراپتا دۈشمەننىڭ بار-يوقلۇغى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق. چۈنكى، چارلىغۇچىلىرىمىز تېخى خەۋەر يەتكۈزمىگەن ئىدى. كەرى گېپىمنى ئاڭلىدى. جايىدا توختىدى-يۇ، ئارقىغا بۇرۇلۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. «تاڭ!» قىلىپ قالدى.

ئېتىلغان بىرپاي ئوق بىلەن كەرى يىقىلدى. مەرگەن دۈشمەن قاراڭغۇ كېچىدە دەل ئۇنىڭ پىشانىسىدا يورۇپ تۇرغان چىراقنى قارىغا ئېلىپ ئاتقان ئىدى.

بىر نەچچىمىز ئۇنى كۆتۈرۈپ كەلدۇق. ئوق پىشانىسىدىن كىرىپ، مېڭىسىنى چۇۋۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بەكمۇ قەيسەر، تەۋەككۈلچى ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ يول

ئۈستىدە قۇربان بولۇشنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئامال يوق. ئۇرۇش دەۋرى بولغاچقا، ئەجەل بىشىمىزدا ئەگىپلا يۈرگەن كۈنلەر ئىدى. ئۇنىسىز ياش تۆكتۇق. تاڭ ئاتقىچە ھېچقايسىمىز ئۇخلىمىدۇق. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يوغان تاشلارنى تىزىپ بىر قەبرە ياساپ، كەرنى كىيىملىرى بىلەنلا قويدۇق. ئاندىن تاشلار ئارىسىغا ئۇنىڭ ھەربىيچە قۇلاقچىسىنى باسۇرۇپ، ئامان - ئېسەن قايتساق، ئۇنى تېپىشقا بەلگە قىلدۇق. ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بېرىلگەندە، تاشلار ئارىسىدا يالغۇزياتقان ئاغىنەمگە دۇئا قىلىپ، قايتقاندا ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ئەھدە قىلىپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن خوشلاشتىم.

لېكىن، ئاقسۇدىن قايتقاندا ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئەمەس، تېخىمۇ ئېغىر ئازاپ كۆردۈم.

باينى ئېلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان، غەلبە بىزگە مەنسۇپ بولۇۋاتقان كۈنلەردە چۈشەندۈرۈش بەرمەيلا: «فرونتتىن چېكىنىش، قورالالارنى تاپشۇرۇش!» بۇيرۇقى چۈشتى. ئۇرۇش مەيدانىدا شۇنچە نۇرغۇن سەبداشلىرىمىزنىڭ تېنى يەرگە چاپلىشىپ، قانغا مىلىنىپ ياتماقتا. ئۇلارنىڭ جان-قانلىرى بىكارغا كەتتىمۇ؟

بىز بۇنىڭغا ھېچكىمدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ ئالالمىدۇق. كاپىتانلىرىمىز: «بۇيرۇق!» دەپلا گەپنى ئۈزدى.

ئىززۇدۇمدىكى جەڭدىن ئامان قالغان سەبداشلىرىمنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئاندا كاللامغا بىرپىلان كەلدى. جەڭچى ئاسىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇۋاتاتتى. مەن ئۇنى چەتكە تارتتىم-دە، ئۇنىڭغا:

—ئاسىم بىز قورالنى تاپشۇرمايلى، —دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم.

—ماقۇل!- دېدى ئۇ ئويلانمايلا پەس ئاۋازدا.

مەن ئىززۇد كاماندىرلىق مەسئۇلىيىتىمنى ئۇنۇتقان ئىدىم. غەلبىنىڭ بوسۇغىسىدىن چېكىنىشنى قەتئىي كۈتمىگەن ئىدىم. نۇرغۇن سەبداشلىرىم تەلۋىلىشىپ ۋارقىرىشاتتى:

— قايسى چىدىماسنىڭ بۇيرۇغى بۇ؟ قورال تاپشۇرۇش، چېكىنىش ئۈچۈن جەڭ قىلدۇقمۇ؟ دۈشمەن قېچىۋاتسا. نېمىشكە، زادى نېمە ئىش بۇ؟!

گاڭگىراپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى قولىدىكى مىلتىقنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرماقتا. بەزىلىرى ئاپتومات-مىلتىقنى سۆيۈپ، دۆۋىلەنگەن قوراللارئارىسىغا تاشلاپ، تەتۈر قاراپ تۇرغىنىچە جايىدىن مىدىرلىماي تۇرماقتا. يەنە بىرنەچچە جەڭچى قورالىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ، ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىراشماقتا.

مەن بەشئاتار مىلتىغىمنى ھەربىيچە پاختىلىق سېرىتما چاپاننىڭ ئىچىگە تىقىپ بولغان ئىدىم. ئاسىم كۆزلىرى بىلەن يېنىغا كېلىشىمنى شەرەتلىدى.

ئۇ يەنە بىر جەڭچى قادىر بىلەن تۇرۇپتىكەن. مەن چۈشەندىم. ئاسىم قادىرنىمۇ قورال تاپشۇرماي قېچىشقا ماقۇل قىلغان. بىز ئارتۇق گەپ قىلىشمىدۇق. مەن ئۇلارغا:

— ئۈچىمىز بىللە ماڭمايلى. ئارىلىق قويۇپ ماڭايلى، — دېدىم. بىز ئىككى يۈز مېتىرچە نېرىدىكى بومبىلانغان ئازگالدا تېپىشماقچى بولۇپ كېلىشتۇق.

بىزتەۋەككۈلچىلىك، قارامىلىق قىلدۇق. قورال تاپشۇرۇۋاتقان، نارازىلىقتا ۋارقىرىشىۋاتقان سەبداشلىرىمىزبىلەن خوشلىشىشقا ئامالسىز ئىدۇق. ئورۇندالمىغان ئارمانلىرىمىز ئۈچۈن غەزەپتە ئۈنسىز پۇچۇلاندۇق، قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزنىڭ قېنى سىڭگەن زىمىندا غەلبىنى تەبرىكلىمەي، ئاھانەت ئىچىدە يىراقلاشتۇق...[2]

بايىغا ھۇجۇم قىلغان ئىككىنچى كۈنى چىلانتورۇق ئېتىمغا ئوق تېگىپ يىقىلغانىدا. مەن ئۇنى دالىدا قىلىپ، بەشئاتارىم بىلەن بىرگە قارشى كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ گوجەي ئورىغان پۇتلىرىنى نىشان قىلىپ، بىرنەچچىنى تىك موللاق چۈشۈرگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن مېنى ئۆلۈمدىن ساقلىغان قەدىناس چىلانتورۇقۇم يوق.

بىز قوراللىرىمىزنى باغرىمىزغا بېسىپ ئازگالدا جەم بولدۇق. بىرىمىز ئازگالدىن چىقىپ، كۆزدىن يۈتكەندىن كېيىن يەنە بىرىمىز ماڭدۇق. قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇنداق قىلىپ، كۆز باغلانغاندا قايتا جەم بولدۇق. ئەتراپتا تېخى ئىككى كۈن ئىلگىرى قاتتىق جەڭلەربولغان ئىدى. مانا ئەمدى شۈمشىيىپ قالدۇق. قورالنى تاشلىماي، سەپتىن قېچىشىمىز جەڭنى قايتىدىن باشلاشتەك ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى ئىدى. گەرچە تۈنۈگۈنلا پۈتۈن سەپ بويىچە: ئالغا! ئاتاكا! — بۇيرۇقىنى جان بېرىپ ئورۇنداپ، غالىبىيەت قازانغان جەڭچى باتۇرلارغا بۈگۈن:

— چېكىنىمىز قورالنى تاپشۇر! دېگەن ئاچچىق مەغلۇبىيەت بۇيرۇقى قاتتىق ھاركەلگەن بولسىمۇ، دۈشمەننى تۈگەل يوقاتقۇچە جەڭ قىلىمەن. قورالىم ماڭا كېرەك، دېگەن ئۈمىد بىزگە مۇشۇ ئامالنى تاللاتقۇزغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇزۇن، خەتەرلىك يولنى پىيادە باشلىدۇق. يان خالتىمىزدا بىرنەچچە نان، باكلاشكىدا سۇ بار. قولىمىزدا قورال، قەلبىمىزدە ئۈمىد بار.

نان ۋە سۇيىمىزنى شۇنچە ئاۋايلىساقمۇ تۆت كۈندە تۈگىدى. ئاچلىقنىڭ ئىككىنچى كۈنى كىچىك بىر تۆ-پىلىكتىن ئاران ئېشىپ، ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق. ئۇزاققىچە گەپ-سۆز قىلىشماي جىم ياتتۇق. خېلىدىن كېيىن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەتراپنى كۆزەتتىم. كۈن چىقىش تەرەپتە ساتمىدەك بىرنەرسە كۆرۈندى.

— ئاسىم ماياققا كېلە، ئاۋۇ يەردە ئادەم باردەك قىلىدۇ، — دەپ ئۇنى چاقىردىم.

ئاسىم بىلەن قادىر تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىمغا كەلدى، مەن كۆرسەتكەن ساتمىنى ئۇزاق كۆزەتتۇق. ئادەم باردەك قىلمىدى. پەسكە چۈشۈپ ئەشۇ جاينى نىشانلاپ ماڭدۇق. يېتىپ كەلدۇق. بۇ ساتما ئەمەس، دېھقان ياكى چارۋىچىنىڭ كېسەكتە سالغان بىر ئېغىزلىق ئۆيى ئىكەن. ئۈستىگە قېلىن سامانلىق لاي سۈركەلگەن

ياغاچ ئىشىك تومۇراق بىر بادرا بىلەن كىشەككە مىقلاۋېتىلگەن ئىكەن. ئىشىكنى ئاران تەستە ئاچتۇق.

قانداقتۇ بىرخىل يېقىمسىز پۇراق بۇرنىمىزغا ئۇرۇلدى. سۇپا ئۈستىدە يىرتىلغان بىرپارچە كىگىز، كونىراپ كەتكەن يوتقان-كۆرپە، ئوچاق بېشىدا بىر تەڭنىدە لىققىدە گىردە نان تۇرۇپتۇ. ئۈچىمىز گىردىگە تەڭلا قول ئۇزاتتۇق. ئەمما...

گىردىلەرنىڭ ھەممىسى كۆكۈرۈپ، پاختىلىشىپ كېتىپتۇ. خېلىغىچە ئاختۇرۇپ، كۆكەرمىگەن بۇرجەكلىرىنى ئۈشتۈپ، ئەنسىرەپ تۇرۇپ، ئىككى-ئۈچ چىشلەمدىن يېدۇق. كوكىراپ كەتكەن قوساق ئازراق تىنجىدى.

بىركېچىنى شۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مېڭىشقا تەييارلاندۇق. ئاسىم گىردىدىن بىرنەچچىنى نان خالتىسىغا سالدى. مەن ئەندىشىدە ئۇنىڭغا:

— ئاسىم، كۆكۈرۈپ كەتكەن ئاش- نان زەھەرلەيدۇ، دەيتتى ئاپام. ئالمىساڭ بولارمىكىن، — دېدىم.

— مېنىڭ مەيدەمدە زەھەردەك ئاچچىق بىر نەرسە غىلدىرلاۋاتقاندەك قۇسقۇم كېلىپ تۇرىدۇ. قۇسالمايۋاتىمەن، ئالمىغىنە شۇ نانىمىكىن مېنى بىئارام قىلىۋاتقان. — دېدى قادىر.

شۇ چاغدا قادىرنىڭ چىرايىغا سەپسالسام، رەڭگى ساپسېرىق بولۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئاسىم بولسا:

— بەلكىم قاتتىق چارچاپ كەتكەنسەن، ئاغىنە، كۆزلىرىڭ قىزىرىپتۇ، كېچە ئۇخلىمايسەن-دە؟ گىردىدىن ئۈچ تال ئېلىۋالاي. باشقا يەيدىغان نەرسە تاپالمساق ئەسقىتىپ قالار، — دېدى-دە، گىردىلەردىن بىر نەچچىنى تاللاپ سېلىپ، خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغدى.

بىز ئىشىكنى ھەم يېپىپ قويۇپ، ئېلى تەرەپتىكى تەگرىتاغنىڭ

چوققىلىرىنى نىشانلاپ يۇرۇپ كەتتۇق.

ھاۋا بەكمۇ سوغۇق ئەمەس. بىز يانباغىرلاردىن، سازلىقلار ۋە سايلاردىن ئۆتۈپ، بەزىدە تېنەپ قېلىپ، بەزىدە يول تېپىپ مېڭىۋاتىمىز. قەدەملىرىمىز بارغانسېرى ئاستىلىماقتا. قادىرنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى.

ئاخىرى ماگىلماي، ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاندىن قاتتىق ھۆ بولۇپ، ساپسېرىق سۇ ياندۇردى. تونۇگۇن يېگىنىمىز كۆكەرگەن گىردە. بۈگۈن ئاسىم ئىككىمىزنىڭمۇ ماغدۇرىمىز يوق. ئاغزىمىزدىن ئاچچىق بۇس پۇراپ تۇرىدۇ. بىز سۇ ئىچىپلا مېڭىۋاتقان ئىدۇق. قوساقتا ئۇزۇق كىرمىگەچكە، كەينى- كەينىدىن قۇرۇق 'ھۆ!' بولغان قادىر ئاخىرى ماغدىرسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق. بىرىمىز ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، بىرىمىز مەيدىسىنى سىلاپ :

— غەيرەت قىل، ھازىر ئۆتۈپ كېتىدۇ، —دەيتتۇق.

قادىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ:

—ئاغى... نى... لەر، سىلەر كېتىڭ.. ىرىڭ.. لار.... — دەپ ئىڭرىدى.

ئۇنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلەيمىز؟ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان سەبداشلىرىمىزنى ئۇزاتقاندا «شېھىد بولدى» دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ، قايغۇنى ئۆتكۈزەتتۇق. لېكىن، كۆكەرگەن ئىككى چىشلەم گىردە ئۇنىڭ ياش جېنىنى كۆز ئالدىمىزدا ئېلىپ كەتتى.

ئاسىم بۆرىدەك ھۇۋلىۋەتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم. ئۇ يۇلقۇنۇپ بېرىپ قادىرنىڭ تېز مۇزلاۋاتقان تېنىنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلاپ :

—مەن، مەن نېمشكە سېنىمۇ، نېمشكە؟داداڭغا نېمە دەرمەن،

قېرىنداشلىرىڭغا نېمە دەرمەن؟

ئاسىمغا گەپ قىلغۇدەك ماجالىم قالمىدى. قورال تاپشۇرماي قېچىشنى مەن باشلىغان، مەن گۇناھكار...

ئاسىم نان خالتىدىكى گىردىلەرنى پىرقىرىتىپ يىراقلارغا ئاتتى:

ــ ھەممىنى قىلغان مۇشۇ، مۇشۇنى يىمىگەن بولساق، ئىست ئاغىنەم... !

ناھايىتى قىممەتلىك جاندىن يەنە بىرنى يوقاتتۇق. ئۇنىمۇ كەرى ئاغىنەمنى دەپنە قىلغاندەك تاشلار ئارىسىغا ياتقۇزدۇق. مىلتىغىنى ئېلىپ، سول مۈرەمگە ئاستىم. كەينىمىزگە قاراپ-قاراپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇق.

شۇ كۈنى چۈش مەزگىلىدە سارغايغان ياۋا كوكاتلار بۈككىدە ئۆسكەن كىچىك تۆپىلىككە ئاران چىقتۇق.

ئىككىمىز گەپ قىلىشماي، ئوڭدىسىغا يېتىۋالغان ئىدۇق. قانچىلىك ياتتىمكىن-تاڭ، دۈمبەمگە تاش پاتتى. ئوڭ يېنىمغا ئۆرۈلۈپ، ئەتراپقا مەقسەتسىزلا قاراۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز كۆزۈمگە كىچىك ۋاقتىمىزدا دالىلاردىن تېپىۋېلىپ يەيدىغان راۋغاش كۆرۈنگەندەك بولدى. ئاچلىقتا باشقا كوكات شۇنداق كۆرۈندىمۇ، دەپ كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم: شۇ ئىكەن! دەل ئۆزى شۇ!

ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەن ئاسىمنى ئۇيغاتمايلا، كۆرۈنگەن كوكاتنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇزۇن-ئۇزۇن، كەڭ يوپۇرماقلىرى ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن، ئەمما خېلى سارغايغان غولى تېخى چىڭ بولغاچقا، تىك تۇرغان بۇ كوكات راستىنلا راۋغاش ئىكەن. مەن جاننى قۇتقازغۇچىنى تاپقان ئىدىم:

ــ ئاسىم، ئاسىم! بۇياققا كەل. مانا دورا، مانا ئوزۇق!

ئىككىمىز ئەجەل بىلەن ئېلىشىۋاتقان بۇ مىنۇتلاردا ئاسىم چاقچاق قىلمايۋاتقىنىمنى بىلدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ كەلگىچە يىلتىزى

بوشاپ كەتكەن راۋغاشتىن ئۈچ تۈپ يۇلدۇم. ئىككىمىز ئولتۇرۇپ، راۋغاشنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، غولىنى چايناپ، شوراپ كىرىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ تەمى تاتلىق، سۇلۇق ئىدى. شۇنداق راھەت قىلدۇقكى، ئۇبىزنىڭ كۆككۆرۈپ كەتكەن گىردىنى يەپ، زەھەرلەنگەن بەدىنىمىزگە دورابولدى. جېنىمىزنى قۇتقازدى. ئاچ قوساققا جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ مەززىلىك يېمەكلىك يوقتەك بىلىندى.

بىز راۋغاشتىن بىرمۇنچىنى يۇلۇپ، يىلتىزىنى، يوپۇرماقلىرىنى ئىتتىك(3) بىلەن كېسىپ تاشلاپ، پارچىلاپ نان خالتىمىزغا سېلىپ يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا سالامەت يېتىپ كەلدۇق. كۆن پېتىشقا باشلىغان بىر پەيتتە ئاسىم بىلەن خوشلىشىپ، بېغىمىزغا يېتىپ كەلدىم. ئەتراپ جىمجىت. يوغان دەرۋازا ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرۇپتۇ. كۆزنىڭ ئىزغىرىن شاملى سارغايغان يوپۇرماقلارنى ھەريانغا ئۇچۇرۇپ ئەتراپنى تىنىدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاكام ئابدۇلھەي بۇرۇنلا ئائىلىسى بىلەن چۆلۇقايدىكى بېغىمىزغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. چوڭ ئىنىم ئابدۇرېھىم ئاغرىقچان ئىدى. ئىنىم مەسئۇت «ئۇمىدمەكتەپ» نىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئاپام 60 قا يېقىنلاشقان. يالغۇز ئەبەيدۇللا ئاكىمىزنىڭ يېتىشەلمەسلىكى ئېنىق. بۇنداق چوڭ باغ-ۋاراننىڭ پەرۋىشىسىز قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بوسۇغىدىن ئاتلىدىم، رەھىمە بىلەن ياشىغان ھوجرىمىزنىڭ دەرىزىسى تەرەپكە ماڭدىم. دەرىزە قۇرۇپ قالغان قوراي-چوكالارنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ. تاقاشقانلىرىنى بىر قولۇمدا قايرىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دەرىزىگە يېقىنلاشتىم. ئۆيۈمگە سالامەت كەلگەنلىكىمدىن خۇش بولۇپ، رەھىمەگە چاقچاق قىلغۇم كەلدىمۇ ياكى قورال تاپشۇرمىغىنىمدىن خەۋەر بەرگۈم كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر مىلتىقنى مۈرەمدىن ئېلىپلا ئوقلىدىم.

مىلتىقىمنىڭ تەپكىسىنى قانداق بېسىۋەتكىنىمنى بىلمەيمەن.

يالغۇز مىلتىقنىڭ ئاۋازى ئىلى دەرياسىنىڭ جىمجىت ساھىلىدا كۆچلۈك ئەكس سادا ياڭرىتىۋەتتى. دەرەخلەردە توپلۇشۇپ چۇرۇقلۇشىۋاتقان قۇشلار «پۇررىدە!» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. ھوجرىمىزنىڭ ئىشىكى «غىچ!» قىلىپ ئېچىلدى. رەھىمە چىقتى. مەن دەرىزە تۈۋىدىن ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگىچە، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ گۇگۇم چۈشكەندە ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. تەلىيىمگە يالاڭ پۇتىغا شىۋەك سېپىۋالغان ئاپام تېز مېڭىپ ئايۋاندا پەيدا بولدى. ئىككىسى گۇدۇڭلىشىۋاتقاندا:

ــ ھەي قورقماڭلار! مەن كەلدىم. بۇ مەن! ــ دەپ ۋارقىراپ، مىلتىقمنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگرىدىم.

ئاپام مېنى قۇچاقلاپ پىشانەمدىن سۆيدى. سالامەت كەلگىنىمدىن خۇش بولۇپ، ئاللاغا رەھمەتلەر ئېيتىپ دۇئا قىلدى. رەھىمە دەم يىغلاپ، دەم كۈلەتتى. مەن ئىككىسىنى تەڭ قۇچاقلىدىم.

شۇنداق قىلىپ، بىردىن ئارتۇق ئىككى مىلتىقنى ئېلىپ كېلىۋالدىم. بىراق، مەن بىر جەڭچى. باش شتابقا بېرىپ، ئۆزۈمنى دەرھال مەلۇم قىلىشىم كېرەك. ھەربى سوتتا جازالىنىشىم مۇمكىن.

بىركۈن ئۆيدە ئارام ئېلىپ، ئەتىسى باش شتابقا ماڭدىم. يولبويى ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ۋە كلوبلارنىڭ ئۆگزىسىدە لەپىلدەپ تۇرغان ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقلارنى كۆرۈپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ئاقسۇدىن چېكىنگەن بىلەن قەھرىمانلىرىمىز جەڭ مەيدانىدا بىرى يىقىلسا، يەنە بىرى كۆتەرگەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت» بايرىغىمىز لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟! يولدىكى مەسلىھەتىمىز بويىچە ئاسىممۇ دەل ۋاقتىدا كەلدى. بىز شتاب خادىمىغا قىلغان-ئەتكىنىمىزنى تولۇق سۆزلەپ، ئۈچ مىلتىقنى كۆرسەتتۇق. قادىرنىڭ پاجىئەسىنى ئېيتتۇق. بىزگە يېڭى ۋەزىپە بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق.

— ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا قاچقان بولساڭلار، ئېغىر جازاغا تارتىلغان بولاتتىڭلار. چېكىنىش بۇيرۇقى بىزنىمۇ قايمۇقتۇرۇۋەتتى. سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق. ھازىرچە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار. ئاندىن كېيىن، ۋەزىپە بېرىمىز، - دېگەن جاۋاپ بولدى. بۇيرۇق بويىچە قورالىمىزنى شۇ كۈنى باش شتابقا تاپشۇردۇق.

شتابنىڭ قارارىدىن رازى بولدۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن ھەربى باش شتابنىڭ[4] دەرۋازىسى ئالدىدا پوستتا تۇرۇشقا بەلگىلەندىم.

ئاسىم ئۆزىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ھەربى سەپتىن چېكىنىپ، توغراق يېزىسىغا — ئائىلىسىگە قايتتى.

## دادامنىڭ ھەربى سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىنكى ھاياتى

شۇنداق قىلىپ دادام كۆكرىكىگە ملتىقنى چىڭ بېسىپ، بىرمەزگىل پوستتا تۇرغان. تۇنجى بالىسى — شەمشىقەمەر ھەدەمنى ھەربىيچە فورمىلىرىنى يەشمىگەن كۈنلەردە كۈتۈۋالغان.

دادام 1948- يىلى ھەربى سەپتىن چېكىنگەن. دادامغا بېرىلگەن گۇۋاھنامىگە:

ئابدۇلھەق ئا. كامالوف. ئىزۋۇد كاماندىرى. 1945 — 1948 گىچە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى»[5]

«مىللى ئارمىيە»سىدە ھەربى سەپتە بولغان... دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ئەپسۇس، ئەشۇ گۇۋاھنامەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «قىزىل قوغدىغۇچى»لاربوۋامنىڭ قولىيازمىلىرى، دادام ساقلىغان كىتاپلار، ھەربى فورما بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېتىشكەن ئىكەن.

## ئاتىلار تۈرمىدە، قېرىنداشلار ئۆلۈمدە، دادامچۇ؟

دادام گۇكىرەتمە يېزىسىدىكى بوۋىمىزدىن قالغان يەردىن، مېۋىلىك باغدىن كىرگەن كىرىم بىلەن بىزنى باققان، 1961

- يىلغىچە ئىككى ھەدەم بىلەن مېنى ئارقا-ئارقىدىن «ئۆزبېك مەكتەپ»كە ئۆزى ئاپىرىپ تىزىملاتقان. كىچىك بوۋام ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم ھەزرەتنىڭ تەكلىپى بىلەن تاقىچى مەھەللىسىدىكى خىش بىلەن چىرايلىق سېلىنغان يەنە بىر قورۇمىزغا كۆچۈپ بارغان. دادام ئۈچ ئات قوشۇلغان بىرىچكا ھارۋۇدا ياز كۈنلىرى باغقا، گۇكىرەتمىدىكى بۇغدايلىق ئېتىزىغا قاتناپ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش ياشىغان. ئەمما، مانا مۇشۇ يىلى ھۆكۈمەت ياساپ چىققان سۈنئىي ئاچارچىلىقنى باھانە قىلىپ، شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى يەر، باغ-ۋاران، مال-چارۋا، قورۇ-جايلىرىنى. ھەتتا جانلىرىنى تارتىۋالغان. بۇ دادامنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى زەربە ئەمەس.

دادامنىڭ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئاكىسى، تار يېزىسىدىكى چارۋىدار مالىك ئا. كامالغا 1952- يىل كوممۇنىست ھاكىمىيەتنىڭ «زومىگەر-پومىشچىكلارنى باستۇرۇش» زۇلمىدا:1945- يىلى ئاچال سوقۇشىدا ئەھمەتجان قاسىمى بىلەن ئىلىخان تۆرىگە ئۆز قوراسىنى بىكارلاپ، ھەربى باشقارما قىلىپ بەرگەن. ئاچالنىڭ كوكارچىن دېگەن جايىدا ئۆزىنىڭ ماللىرىدىن شەرقىي تۈركىستان «مىللىي ئارمىيە»سىگە ئوق-دورا، قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1100 تۇياق ئات، نۇرغۇن كالا-قوي، ئاشلىق ئىئانە قىلغان، ئەسكەرلەرگە تەمىنات يەتكۈزگەن... «گۇناھلىرى» ئۈچۈن شۇيىلى 4 - ئايدا «زومىگەر چارۋىچى» قالپىقى كىيگۈزگەن. ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، تار خەلقىنى دالاغا مەجبۇرىي يىغىپ، كۆز ئالدىدا ئېتىۋەتكەن. خەلقنىڭ بۇ «زومىگەر»نىڭ جەسىدىگە يېقىنلىشىشىنى چەكلىگەن. مالىك كامالنىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ئاتىسىنى زەمبىلگە سېلىپ ئىنىسى بىلەن سۆرىگەن. قەبرىستانغا بارغىچە مالىك ئا. كامالنىڭ جەسىدى نەچچە قېتىم سىيرىلىپ زەمبىلدىن چۈشۈپ كەتكەن. بالىلار زار-زار يىغلاپ، ئاتىسىنى زەمبىلگە قايتا بېسىپ، سۆرەپ مىڭ تەستە قەبرىستانغا ئاپارغان. (ئوغلۇم تۇغۇلغاندا دادام مالىك قېرىندىشىنىڭ نامىنى ئەۋلادىمىز ئۇنۇتمىسۇن دەپ، ئوغلۇمنىڭ ئىسمى مالىك قويۇشىمىزنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. بىز قوبۇل قىلغان.)

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى بولغان ئابدۇمۇتائالى كامال خەلىفە ھەزرەت بوۋىمىز دۆلەتنىڭ مەدەنىي-مائارىپى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن- پەرمانلىرىنى تەشۋىق-ئىجرا قىلىش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. شۇڭا جۇمھۇرىيەت نامىدىن «ئازادلىق ئوردېنى»تەقدىم قىلىنغان ئىدى.[6] شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن كوممۇنىست ھاكىمىيەت ئۇنى ئەڭ دەسلەپكى زاتلىرىمىز قاتارىدا تۈرمىگە تاشلىغان. خەلقنىڭ بېسىمى كۈچلۈك بولغاچقا، بىر يىلدا قويۇپ بېرىپ، يەنە بىرەر يىلدىن كېيىن تۈرمىگە قاماپ، يەنە قويۇپ بەرگەن، مۇشۇنداق ھېيلە-مىكىرلەر بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، قارشىلىقنى تىزگىنلىگەن. بوۋىمىز كېيىنكى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈرمىدە ياكى ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئاكىسى ئابدۇۋەلى داموللانىڭ بېغىغا تۇتاش باغلىرىدا باغۋەنچىلىكىنى، ئىبادىتىنى قىلىپ ئۆتكۈزگەن. ئەمدىلىكتە دادام بىلەن ئىككى ئىنىسىنىڭ ئاتا مىراس بېغى ۋە ئابدۇمۇتائالى بوۋىمىزنىڭ بېغىمۇ بىراقلا مۇسادىرە قىلىنغان. دادام ئاخىرقى قېتىم 1961- يىلى 8 -ئاينىڭ ئاخىرىدا گۇكىرەتمىدىكى يېرىمىزدىن يىغىلغان بۇغداينى ئورتاقچىلار بىلەن بۆلۈشكەن. بىرىنچى قېتىمدا بەش تاغار بۇغداينى بىرىچكىنغا بېسىپ، كېچىلەپ مېڭىپ، تاقچىدىكى ئۆيىمىزگە سالامەت ئېلىپ كېلىۋالغان. تاڭ سەھەرگىچە ئىنىسى مەسئۇت بىلەن ئورا كولاپ، بۇغداينى ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلاپ كۆمگەن. چۈنكى، ئۇ كۈنلەردە مۇنداق جىق ئاشلىقنى شەخسنىڭ ساقلىشى چەكلەنگەن، بىلىنىپ قالسا مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن ئىكەن.

دادامنىڭ ئېيتىشىچە: دادابىر ئاكىسى غۇجاخمەت ئابدۇۋەلى كامال دېگەن ئاكىسىنىمۇ تۈرمىگە تاشلىغان.

تۈرمىدىن چىققۇچە بارلىق مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. ئامالسىز قالغان بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي تۈگەپ كەتكەن. ئۇ كىشى تىقىپ ساقلىغان ئازراق كېپەك ئالتۇن بار ئىكەن. ئايالى زەينەپ چوڭ ئاپىمىز تۆت بالا بىلەن كىرىمسىز قالغان. ئۆيىدە ساقلىغان كېپەك

ئالتۇننى ساتالماي ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە مالايلىق قىلغان. بىرتال ئەتىۋارلىق قىزى مۇنىرە بۇ ئازاپلارنى كۆتىرەلمەي، ساراڭ بولۇپ كەتكەن. دادامچۇ؟

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بۇغداي، قوناق، قوغۇن-تاۋۇزلار تېرىلىپ، بىزنى ۋە ئورتاقچى دېھقانلارنى بېقىپ كېلىۋاتقان ئەجداد مىراسى يېرىمىزنىمۇ ھۆكۈمەت تارتىۋالغان.

جەڭچى دادام مەرگەن ئوۋچى ئىدى. قوزۇقتىكى ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، ئاندىن ئىت كاتىكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ «تايغان»نى چىقىراتتى. جەينەكلىرىگىچە قاپلاپ تۇرىدىغان خىروم پەلىيىنى كىيىپ، قونداقتا گىدىيىپ تۇرغان قارچىغىسىنى «گەھ!» دەپ قولىغا قوندۇرۇپ، بېشىغا كۆزىگىچە يېپىپ تۇرىدىغان خىرۇم بۆكنى كىيگۈزەتتى-دە، قاراگىر ئېتىنى مىنىپ، ئات چاپتۇرغان پېتىچە ئاغىنىلىرى بىلەن تاغلارغا چىقىپ، ئۇلار[7] ئوۋلاپ، ئۆزى توقۇغان سېۋەتلەردە تاغ مېۋىلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. دادام: ئەرنىڭ قانىتى — ئات! دەيتتى. ئۈچ ئېتىنى ئەتىۋارلاپ باقاتتى. مەھەللىدىكى يېيىلىپ ئاقىدىغان ئۆستەڭدە يۇيۇپ، يايلىلىرىنى تاراپ پارقىرىتىۋېتەتتى.

ئۆزىگە قانات بولغان ئەشۇ ئاتلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزقولى بىلەن بوغۇزلىغان 1961- يىلىنىڭ بىركۈنى بىزمۇ چىدىماي دادامنىڭ قولىدىكى پىچاققا ئېسىلىپ چىرقىراشقان. لېكىن، دادام ئاتلىرىنى سويۇۋەتكەن. ئاندىن ئات گۆشىنىڭ بىرقىسمىنى قازناق ئۆيىمىزدە ئىسلاپ، قېزا قىلغان. ئاز قىسمىنى شۇ كۈنلەردە يېيىش ئۈچۈن تۇزلاپ، ئۆگزىدىكى تۇرخۇنىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرغان. بىزنى تېكەس يايلاقلىرىغا، داللارغا، باغلارغا ساياھەتكە ئاپارغان بىرچىكا ھارۋىمىزنى پارچىلاپ ئوتۇن قىلىۋەتكەن.

كېيىن چۈشەندۇقكى، كومپارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى بارلىق ئاشلىقنى توشۇپ تۈگەتكەن. خەلققە ئۈن، ماي، شېكەر، سوپۇن...

دېگەن كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى، ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى تۆۋەن ئۆلچەمدە نورما بەلگىلەپ، بېلەت تارقاتقان. نورما بەك تۆۋەن بولغاچ، ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر كۆپەيگەن چاغلار ئىكەن. ئەگەر دادام بۇغداي، گۆشلەرنى يوشۇرمىسا، ھۆكۈمەت ئايغاقچىلىرى بىلىپ قالسا، ھەممىنى مۇسادىرە قىلاتتىكەن. كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلگەن دادام بىزنى ئاچ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە قانات بولۇپ، تەڭرىتاغلىرىدا، دۈشمەنگە قارشى جەڭلەردە ئۇچۇرغان ئاتلىرىنى، يەنى، ئاتامنى ئەر قىلغان، جەڭلەردە ئۇچۇرغان قاناتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن كەسكەن، گۆشىنى بىزگە بىر چىشلەم- بىر چىشلەمدىن يېگۈزۈپ، ئاچلىقتىن ساقلىغان ئىكەن.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا تاقىچى مەھەللىسىدىكى ئۆيىمىز مۇسادىرە قىلىنىپ، كۆچۈش بۇيرۇلغان. بىز تېرەك مازاردىكى ئۆيىمىزگە كۆچكەن. تاقىچى مەھەللىسىدىكى ئۆيىمىزنى ئاساسىي قاتلام كومىتېت ئىشخانىسى قىلىۋالغان. بىرئائىلە ئىككى تۇرالغۇنىڭ ئىگىسى بولسا، بىرى چوقۇم ھۆكۈمەتكە تەۋە بولۇشى كېرەك ئىكەن.

دادامنىڭ ئېيتىشىچە، غۇلجا شەھىرىدە سوۋېتكە قېچىش 1962 -يىلى ماي ئېيىدا باشلانغان. بۇ روس كوممۇنىستلىرى بىلەن خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ سۇيىقەستى بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يۆتكەش، ئۇيغۇرنى تارقاقلاشتۇرۇش سۈيىقەستى ئىكەن. شۇ كۈنلەردە دادامنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئابدۇراھمان م. كامال ئۆيىمىزگە كېلىپ:

—ئاكا، سوۋېت كونسۇلخانىسى خالىغانلارغا سوۋېت پاسپورتىنى بېرىۋېتىپتۇ. بىز كېتەيلى. ھەممەمۈلكىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئاتا- بوۋىلار كەلمەسكە كەتتى. يەنە تارتىشقۇدەك نېمە قالدى؟جاننى قۇتۇلدۇرايلى، - دەپ مەسلىھەت سالغاندا دادام ئۇنىمىغان. نەسىھەت قىلىپ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرغان ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، دادامنىڭ قولىدىكى «مىللىي ئارمىيە» ئىزۋود كاماندىرى بولغانلىق ئىسپاتىغا بىنائەن، دادامنى ئاۋۋال ياغاچچىلىق

زاۋۇدىغا، كېيىنكى يىللاردا غۇلجا شەھەرلىك باسما زاۋۇتىغا ئاز مائاش بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىرىم مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن دادامنىڭ دەۋاسىدىن قۇتۇلغان بولدى.

شۇنداق كۈنلەردە ياشاپ 1966 ـ يىلىغا ئۇلاشتۇق. ساۋادى چىققانلىكى ئىنساننى «زىيالىي» دەپ يېزىلارغا ھەيدەش، كىتاپلارنى كۆيدۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار، خەلقپەرۋەر زىيالىيلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش بىلەن باشلانغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىزگە بېرىلگەن بىر مۇھىم بۇيرۇق زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

دادامنىڭ ئاكىسى ئابدۇلھەي ئا. كامال چۈلۈقايىدىكى ئاتا مىراس باغقا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان شۇ چاغدا ئابدۇمۇتائاللىي كامال خەلپەم بوۋىمىزمۇ چۈلۈقاي يېزىسىدىكى ئون مو يېرىنى بەرگەن ئىكەن. 1952- يىلى «يەر ئىسلاھاتى» باھانىسىدا ھۆكۈمەت يەرنى، باغنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى مۇسادىرە قىلغان. ئابدۇلھەي چوڭ دادام شۇ باغنىڭ «يەر ئىسلاھاتى»دا كېسىپ بېرىلگەن بىرپارچىسىغىلا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ھەريىلى مېۋە پىشقاندا شەھەردە سېتىپ، ئائىلىسىنى قامدايتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بازاردىن قايتىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. مېۋىلىرىدىن بىزگە ئاتىغىنىنى بېرىپ، شۇنداق دېدى:

ــ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى گېزىت، قەغەزلەرگە يېزىلغان شوئارلار قاپلاپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام مەكتەپلەر ۋە زاۋۇتلاردىكى ياشلار ماۋزېدوڭنى كۆرىمىز، دەپ ئاتا-ئانىسىغا جېدەل قىلىپ، پۇل يىغىپ بېيجىڭغا مېڭىپتۇ.

ئۇيەردە ئۇيغۇرغا ھېچ مەنپەئەت يوق. سىلەر ئۆيدە جىم ئولتۇرۇڭلار. كوچىلاردىكى قالايمىقانچىلىققىمۇ ئارىلاشماڭلار! بېيجىڭدىكى يەتتە خىتاي ھوقۇق تالىشىۋاتىدۇ!- دېگەن ئىدى.

يېزىدا ياشايدىغان باغۋەننىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا باھاسىنى ئويلىسام، باغۋەن چوڭ دادامغا قايىل بولىمەن. بۇيرۇقى تېخىمۇ توغرا بولغان ئىكەن. ھەدىلىرىممۇ بۇ قالايمىقانچىلىققا

ئاريلاشمىغان ئىدى.

1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت بىلەن خىتاينىڭ 30 يىل تاقالغان چېگرىسى ئېچىلدى. روس تىل-يېزىقىنى بىلىدىغان ئاپام تۇققانلار ۋە قوشنىلارنىڭ روسچە خەت ئالاقە ئورنىتىشىغا، كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇپ بېرىش، ئادرېسنى توغرا يېزىپ بېرىشلارنى خالىسانە ئىشلەپ، ئۇلارغا ياردەمچى بولدى.

ھۆرمەتلىك دادام، ئەقىللىق ئاپام جاپانى تەڭ تارتقان. تاكى 1990- يىللارنىڭ بېشىغىچە ھەدە-سىڭىل سەككىزىمىزنى، چوڭ ھەدەمنىڭ تۇنجى ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ قىزلىرىغا قوشۇپ جەمى توققۇز بالىنى باققان. ئالتىمىزنى ئالى مەكتەپكە ئۇزاتقان ئىدى.

—ھەربىر قىزىمنى 10 يىگىتكە تەڭ قىلمايمەن، —دەيتتى دادام.

تولىمۇ ئەپسۇس، كاماندىر دادام، جاپاكەش دادام ئەڭ كىچىك ئىككى قىزى-مۇھەببەت ئا. كامال بىلەن مەغفىرەت ئا. كامالنىڭ، نەۋرە قىزى مۇقەددەسنىڭ تەبىئى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە دوكتور ئىلمىي دېپلومىنى ئالغان، ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بىلەن دادامنىڭ ۋە قەدىمىي ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ئارمانلىرىنى ئورۇنداپ، كاماللارجەمەتىدىن 21-ئەسىردىكى دۇنياۋىي ئىلىمدارلار سېپىگە قوشۇلغانلىقىنى؛ ھەدەم شەمشىقەمەرنىڭ غۇلجىدا «گۈللىنىش تىل مەكتىپى»ئېچىپ، مەرىپەتپەرۋەر بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى باسقان، روھىنى شاد قىلغانلىقىنى؛ ئەمما، ساقچىلارنىڭ نازارىتى، بېسىمى، قىيىن-قىستاقلىرىدا جىسمانىي-روھىي ئازاپقا ئۇچراپ، كېسەلمەن بولغان، تاقۇۋېتىلگەن مەكتىپى ئۈچۈن ئاھ ئۇرغانچە ۋاپات بولغانلىقىنى؛ ھەممە قىزلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، مىللەتسۆيەر ئىنسانلاردىن بولغىنىنى، جاپاكەش دادامنىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ، ئاتا ئارزۇسىغا لايىق «ھەربىرىنىڭ ئون يىگىتكە تەڭ قىلغۇسىز قىزلار» دىن بولغىنىنى كۆرەلمىدى.

جەمەتىمىز ئەشۇ قىزلاردىن، جەڭچى دادامدىن مىننەتدار. دادامدىن ئېپتىخارلىنىمىز. چۈنكى، دادام يەنە...

## جەمەتىمىزنىڭ نەسەبنامىسىنى ساقلىغان دادام

سۆيۈملۈك دادامغا ئالەمچە مىننەتدارلىق بىلەن ئېيتالايمەنكى: دادا سىز ئۇيغۇر ۋەتىنى ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى مىلتىق كۆتەرگەن جەڭچىلا ئەمەس، ساپالىق بىر ئىنسان ئىكەنسىز. شۇڭا جەمەتىمىز ئىچىدە نەسەب نامىمىزنى كۆز گۆھىرىڭىزنى ساقلىغاندەك ساقلىيالىغان بىردىنبىر ئوغلان سىز بولدىڭىز!

نەسەبنامىمىزنى سىز ئەزىزلەپ ساقلىغان بولغاچقا، مەن جەمەتىمىزگە، ئەۋلادىمىزغا يەتكۈزەلىدىم. سىزنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئارمانىڭىزنى مەن ئورۇندىيالىدىم!

* * * *

شۇنداق جاپالار، بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قاتتىق زۇلۇملار ئاستىدا دادام جەمەتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىنى — كاماللار جەمەتىمىزنىڭ نەسەبنامىسىنى ساقلىغان. ھۆرمەتلىك دادام مۇشۇ مۇھىم نۇقتىدا كاماللار جەمەتىگە زور تۆھپە قوشقان ئىلىملىك ھەم مەسئۇلىيەتچان كىشىدۇر..

تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلۈرۈم ئىدى. بىركۈنى دادام كىتاپلىرى ئارىسىدىن قۇڭغۇر رەڭلىك، خىروم تاشلىق بىر خاتىرىنى ئېلىپ، ھەممىمىزنى چاقىردى. ئۇ بىزگە مۇنداق دېدى:

-قىزلىرىم، بۇ خاتىرىدە بوۋاڭلار بۇخارادىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپلا ئىزدەنگەن، ئىسپاتلىغان، بىزگە ئامانەت قىلغان قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىز بار. سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار.

«يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن — قۇل»مانا بۇ ھېكمەتنى بوۋاڭلار ئەڭ ئۈستىگە يېزىپتۇ. داۋامى مۇنداق جەمەت نەسەبىمىز

ئابدۇلكەرىم بەگ بوۋىمىزدىن باشلىنىدۇ:

ئابدۇلكەرىم بەگ ــ تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا ئوردا مەسلىھەتچىسى بولغان.

ئابدۇلكەرىم بەگنىڭ ئوغلى- ئىليار موللا تۇردى.

ئۇ چاپتۇرغان ئۆستەڭ گۈكىرەتمە يېزىسىنىڭ ھېزۋەكتام مەھەللىسىدە ئېقىۋاتىدۇ. خەلق بۇ ئۆستەڭگە: «ئىليارنىڭ ئېرىقى» دەپ نام بەرگەن. تا بۈگۈنگىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ.

ئىليار موللا تۇردى يەنە قورغاستا دىنىي مەكتەپ ئاچقان زاتتۇر.

—ئىليار موللا تۇردىنىڭ ئوغلى- ئىبراھىمدۇر.

ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ــ ئىسمائىلدۇر.

ئىسمائىلنىڭ ئوغلى ــ ئىسراپىلدۇر.

ئىسراپىلنىڭ ئوغلى ــ كامالىدىن ھاجىدۇر.

كامالىدىنىنىڭ ئوغۇللىرى ــ ئابدۇۋەلى، ئابدۇمۇتائالى، ئابدۇلئەزىزلەردۇر. «كامال» نامى مۇشۇ ئاتىمىزدىن باشلاپ، جەمەتىمىزگە مۇقىم فامىلە قىلىنغاندۇر.

دادام شۇ چاغدا بارماقلىرىنى پۈكۈپ، ئابدۇكېرىم بەگدىن باشلاپ، كامالىدىن بوۋىمىزنىڭ چەۋرىسى، ئەۋرىسىگىچە ساناپ چىقتى:

—نەسەبىمىز 11 - ئەۋلاتقا، فامىلە تارىخىمىز 6- ئەۋلاتقا ئۇلاشتى. مانا بۇ ــ سىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك مىراسىم بالىلىرىم.

دادام يەنە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

كامالىدىن بوۋىمىز 20 ياش ۋاقتىدا سادىرپالۋان قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بولۇپ، لەخمە كولاشنى پىلانلىغان، كولىغانلاردىن بىرى ئىكەن. كامالەك(9) ئېتىشتا مەرگەنلەردىن ئىكەن. سوقۇشتىن كېيىن، كامالىدىن بوۋىمىز قورغاستا ئىچكى-تاشقى قورالىق جاي

سالدۇرغان. ئىچكىرى قورۇدا موممىزتوختىخان قىزلارنى، تاشقىرى قورۇدا ئۆزى ئوغۇللارنى «ئۇسۇلى قەدىم» مائارىپى بويىچە ئوقۇتقان ئىكەن.

كامالىدىن بوۋىمىزنىڭ سادىر قوزغىلىڭىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، ئەل ئارىسىدىكى ھۆرمىتى، مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى يادلاش ئۈچۈن، بۇخارادا ئوقۇپ، ئوتتۇرائاسىيا مەدەنىيىتى، ئىلىم-ئېرپانىنى چۈشەنگەن، قوبۇل قىلغان بوۋاڭلار ئۇنىڭ نامىنى تۇراقلىق فامىلە، يەنى، جەمەتىمىزگە تەگئات قىلىپ تاللىغان.

يەنە، تېرەكمازاردىكى قورۇدا دىنىي مەكتەپ ئاچقان. ئىنىسى ئابدۇمۇتائالى بوۋاڭلار قىرغىزىستاندا جەدىدىزىم تەربىيەسى ئالغان. 1895- يىلى غۇلجا شەھەر سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدىكى ئەلاباينىڭ مەسچىتىدە ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئۇسۇلى جەدىد ھەم ئۇسۇلى قەدىم بويىچە دەرس ئۆتۈشنى باشلىغان. كېيىنچە،. 20- يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قورۇ-جايىنى «تائالىيە مەكتەپ» قىلغان. مەن شۇ مەكتەپتە ئوقىغان ئىدىم.

دادامنىڭ كونا خاتىرىدىن ئوقۇپ بەرگىنى، قوشۇمچە چۈشەندۈ-رۈشلىرى بىزنى غورۇرلاندۇرغان ئىدى.

ئەپسۇس! پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن شۇ ئەپسۇسنى بۇ يەرگە يەنە يازغۇم يوق. بىراق، يازماي ئامالىم يوق!

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»كۈنلىرىدە دادامنىڭ نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان م. كامالنى ئالدىغا سېلىپ ھويلىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەن بۇلاڭچى «قىزىل قوغدىغۇچى» لار دادام ساقلىغان بارلىق كىتاپلارنى، خاتىرىلەرنى يوشۇرغان قازناق ئۆيىمىزدىن تېپىۋېلىپ، دادامنى ئابدۇراھمان ئاكامغا قوشۇپ ھەيدەپ كەتكەن ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دادىلارنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭغا خۇش بولۇپ، قىممەتلىك كىتاپ ۋە خاتىرىلەرنى يوقاتقانلىقىمىزدىن ئېغىز ئاچالمىغان ئىدۇق. ئارىدىن 17 يىل ئۆتكەندىن كېيىن. ئاتا-ئانامنى يوقلاپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارغان

ئىدىم. ئۆسمۈر كۆڭلۈمدە

دادامدىن ئاڭلىغان جەمەت نەسەبنامىمىز ھەققىدە دادامدىن سوئاللار سورىدىم. دادامنىڭ ئېسىدە شۇنداقمۇ ئەينەن ساقلانغان ئىكەن، ماڭا تولۇق ئېيتىپ بەردى. مەن دەرھال «يەتتە ئاتىسىنى بىلمىگەن -قۇل»دىن باشلانغان سۆھبەتنى خاتىرىلىۋالدىم. 2003 -يىلى ۋەتەندە زىيالىلار ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپىنى قويغان ۋە ئامما ئىچىدە ئۆزىيلىتىزىنى ئىزدەش قىزغىنلىقىنى قوزغىغاندا، دادام بىزگە يەتكۈزگەن تەۋەررۇك مىراسنى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلىدا ئېلان قىلدىم.[10] تەسىرى زور بولدى. نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. يىلتىز ئىزدەشكە كىرىشكەن ياشلارغا مەسلىھەتلەردە بولدۇم.

ئەگەر ئابدۇۋەلى بوۋىمىز جەمەتىمىزنىڭ فامىلە شەجەرىسىنى دادامغا قالدۇرمىغان، دادام تۇتىيادەك ئەزىزلەپ مېڭىسىدە، يۈرىكىدە ساقلىمىغان، ماڭا تولۇق يەتكۈزمىگەن بولسا، بىزئەۋلادلار ئۆز ئاتىمىزنىڭ نامىنىلا فامىلە قىلىپ، تار دائىرىدىكى جەمەتچىلىككە، كىچىك توپلارغا ئايرىلىپ كەتكەن بولاتتۇق. ھازىرباقى دۇنياغا كەتكەنلەر، ھاياتتىكىلەردىن بولۇپ بۇ فامىلە بىلەن ئاتالغان كىشى 500 دىن ئاشتى. بوۋىمىز ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم ھەزرەت «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ دىن ئىشلار مىنىستىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تا بۈگۈنگىچە ۋەتىنىمىزدە كاماللار جەمەتىدىن بىرەرسىمۇ ئەمەلداربولۇشنى تاللىمىدى. كامال ئەۋلادى پەن — بىلىم ساھەسىدە دوكتورلار، ئىلمىي خادىملاردىن، تۇرمۇشتا ئەخلاق-ئېتىقادلىق ئىنسانلاردىن بولۇپ تونۇلماقتا.

جەمەتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسى كامال فامىلىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى قوغداپ كەلمەكتە.

**تەبىئەتنى سۆيمەك ـ ۋەتەننى سۆيمەكتۇر، دەپ ئۆگەتكەن دادام**

**ئەسلىمەمنىڭ بۇ قىسمىنى ئاجايىپ ۋەقەدىن باشلاي:**

شۇ كۈنلەر1960-يىللاردا خىتاي ھاكىمىيىتى «تۆت زىياندىشىنى يوقىتىش» داۋرىڭى قوزغىدى. يەنى، سەرخىللىرىمىزنى، بايلىرىمىزنى يوقىتىپ بولۇپ، ئەمدى، تەبىئەتنى يوقىتىشنى باشلىدى. مەكتەپ باللىرىدىن تارتىپ، موماي-بوۋايلارغىچە قوللىرىغا تۆمۈر تاۋاق، جاۋۇر، داس ئەيتاۋۇر ئاۋازچىقىرىدىغان نەرسە بولسىلا، تۆمۈر، ياغاچ تاياقلاردا ئۇرۇپ، مەھەللىلەر، باغلار، ئورمانلىقلاردىكى قۇچقاچ، كەپتەر، قاغا-كاككۇك، بۇلبۇللاردىن تارتىپ، داللاردىكى چاشقان، مۆشۈك، ئىتلارغىچە قوغلاش- ئۆلتۈرۈش، ھەر كىشى بېشىغىچە ۋەزىپە بەلگىلەش، ۋەزىپە نورمىسىنى ئورۇندىمىغانلارنى جازالاشنى يولغا قويدى. ئەسىرلەردىن بۇيان، تەبىئەتنى ئاسراپ، تەبىئەتكە باغرىنى يېقىپ ياشاپ كەلگەن مەدەنىيەتلىك خەلقىمىز بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلاندى.

ھويلىمىز قىش-ياز سۈپسۈزۈك سۇشارقىراپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىدا ئىدى. دادام تىككەن ئاقتېرەكلەر كۆككە تاقاشقاندەك كۆرۈنەتتى، يازدا ئاق-قارا ئۈجمىلەر مەي باغلاپ پىشاتتى. ھەممە ھويلىلاردا گۈللەر ئېچىلىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇچار قۇشلارنىڭ ئارامگاھى، نەغمە -ناۋا باغچىسى ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياش ئىككى خىتاي رەگەتكىلەرنى كۆتىرىشىپ، ئۆستەڭدىكى «ئېشەك قۇرۇتى» دەيدىغان ئۇششاق مايماق قۇرتلارنى يېيىش ئۈچۈن سۈزگۈچلىرىدە سۈزۈپ، قاچىلىرىنى توشقۇزۇشۇپ ئۆستەڭ ياقىلاپ، بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى دادام تىكىپ قويغان بىرتۈپ دۇب دەرىخىگە قونۇۋېلىپ، رىتىملىق بۇقۇلداۋاتقان پاختەكنى كۆرگەن بىرخىتاي رەگەتكىنى پاختەككە توغرىلاۋاتقاندا بازاردىن كۆكتات ئېلىپ قايتقان دادام كۆرۈپ قالىدۇ-دە، كۆكتاتنى تاشلاپ، ئۇدۇل خىتاينىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كېلىپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئاسما مايكىلىق خىتاينىڭ ئوچۇق مەيدىسىگە «تارس!» قىلىپ بىرنى سالىدۇ. خىتاي «پوككىدە!» قىلىپ يەرگە يىقىلىدۇ. دادامنىڭ شاپىلىقى تەككەن جاي قىزىرىپ كېتىدۇ. خىتايلار شۇ

هامان قېچىپ كېتىشىدۇ.

دادام ئەنە شۇنداق ئىدى. تەبىئەتنى، ئۇچار قۇشلارنى، جان-جانىۋارلارنى سۆيەتتى. يوللاردا بىرەرتال تاش، قوراي-چوگا، ئەخلەت كۆرسە، توختاپ ئېلىۋېتىپ ماڭاتتى. بىزگىمۇ ئۆگىتەتتى. ئۆسمۈرلۈكۈمدە دادام بىلەن ئاپام بىزنى خادىك هارۋىمىزبىلەن جىرغىلاڭغا ئويناتقىلى ئاپارغان كۈنلەر ھېلىمۇ يادىمدا.

شۇنداق گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادام بىرپاقلاننى سويۇپ، بىزنى تازا مەززىلىك كاۋاپ، شورپا بىلەن مېهمان قىلغان. جىرغىلاڭنىڭ تارام-تارام ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۈيىدە پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى تۇتۇپ، بېلىق كاۋىپىمۇ يېگۈزگەن ئىدى. قايتىدىغان چاغدا، دادام قول سېۋىتىگە مېۋە شۆپەكلىرىنى، ئۇستىخانلارنى، بېلىق قاسىراقلىرىنى يىغىپ، كىچىك گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ نېرىغا ماڭدى. مەن ئەگەشتىم.

دادام قېرى بىرتۈپ جىگدىنىڭ تۈۋىنى كولاشقا باشلىدى.

-دادا، بۇ يەردە بىرەر نەرسە بارمىكەن؟نېمىگە كولايسەن؟ — دەپ سورىغىنىمدا دادام:

— قىزىم، بۇ جىگدە قېرىپ قاپتۇ، ئادەملەردەك ئۇمۇ قۇۋۋەتكە مۇهتاج. مانا بۇ ئېشىندىلارنى تۈۋىگە كۆمۈپ قويساق، ئۇ يەنە ياشىرىدۇ. قۇشلارغا، ئادەملەرگە مېۋە بېرىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ سايىسىدا هەريىلى ئويناپ خوشال بولالايسىلەر، مانا شۇنداق بالام.

دادام بىزگە يەنە: بالىلىرىم، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ رىزقى-نەسىۋىسىنى ئەلۋەك ياراتتى. ئىنسانلارغا بېقىپ كۆپەيتىپ پايدىلانسۇن، دەپ كالا، قوي، ئاتلارنى؛مۇنبەت زىمىندا بۇغداي-قوناقنى:مېۋە- چېۋە بىلەن كۆكتاتلارنى ياراتتى. ئادەملەرگە ئەقىل، كۈچ بەردى. ئادەملەرئەقىل ئىشلەتسە، ئەمگەك قىلسا ئۇزۇقسىز قالمايدۇ. تاغلار-دالىلاردا نۇرغۇن ئوت-چۆپلەر، دەل-دەرەخلەر، مېۋە-كۆكاتلارنى، ياۋايى هايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، جان-جانىۋارلار

ئۇچـۇن ياراتتـى، ئۇلارنـىڭ جـان سـاقلاش ئۇچـۇن تىرىشـىش ئىقتىـدارىلا بـار. ئـۇلار تەبىئەتكـە تايىنىـپ ياشـايدۇ. تەبىئەتتىكـى تەيىيـار يېمەكلىكلـەر بولمىسـا، ئـۇلار هـالاك بولـىدۇ. ئـۇلار بولمىسـا جاهـان گۈزەلـسـتانلىقتا ئايلىنىـدۇ. تەبىئەتنـى ئاسـراڭلار. بـۇ — زېمىنىنـى، ۋەتەننـى ئاسـرىغانلىق، دەيتتـى.

دادامنىڭ تەبىئەتتىكى رەڭلەرئۈستىدە ئېيتقانلىرىنىمۇ يازاي:

—قىزلىرىم، دۇنيـا رەڭـدار. كېچـە بىلـەن كۈندۈزنـىڭ، تەبىئـەت دۇنياسـىدىكى گۈللەرنـىڭ، هايۋانلارنـىڭ رەڭلـىرى بىـر- بىرىگـە ئوخشـىمايدۇ. هەتتـا، ئادەملەرنـىڭ رەڭلىرىمـۇ ئاز-تـولا پەرقلىنىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن دۇنيـا بـەك گـۈزەل.

سىلەرگە بىرنەسىھەتىم بار قىزلىرىم:

ئـاق رەڭ — پاكلىقنىـڭ، سەممىيەت-سـاداقەتنىڭ، مېھرنىـڭ مىسـالى. ئـاق كىيىم سـىلەرنى ئىككـى دۇنيـا پەرىشـتەدەك كۆرسـىتىدۇ.

ئاسـمانرەڭ — مەڭگـۈ ئۆڭمـەس رەڭـدۇر. مەيلـى قـارا بـوران چىقىـپ، چاقمـاق چاقسـۇن، مەيلـى قار-يامغـۇر يېغىـپ، جاهاننـى باسـسۇن بەرىبىـر. قۇيـاش چىقىشـى بىلـەنلا، ئاسـمان ئەسـلىدىكى رەڭگىگـە قايتىـدۇ.

شـۇڭا بىـز ئاسـمانرەڭنى ئەتىـۋارلاپ، ئـۆي ۋە هويلا-ئـارام تاملىرىنـى، دەرىزە-ئىشـىكلەرنى ئاسـمانرەڭلىك ياسـايمىز. ئاسـمانرەڭ -ئەبەدىيلىكنىـڭ بەلگىسـىدۇر. ئاسـمان رەڭلىـك كۆينەكلەرنـى كۆپرەك كىيىـڭلار.

يېشـىل رەڭ — يېشـىللىق هاياتلىقنىڭ بەلگىسـىدۇر. يېشـىللىق بار يـەردە هاياتلىـق ئۈزۈلمەيـدۇ. خەلقىمىز-نىـڭ مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇشـىنى ئۈمىـد قىلغـان ئاتىلىرىمىزشـەرقىي تۈركىسـتان جۇمهۇرىيىتىمىزنىـڭ دۆلـەت بايرىقىغـا يېشـىل رەڭنـى تاللىغـان بولۇشـى مۇمكىـن.

قـارا رەڭ — ئادەمنـى سـىرلىق ۋە سـۈرلۈك كۆرسـىتىپ قويىـدۇ.

قارا رەڭ-ناسارالارنىڭ ماتەم كىيىمىدۇر. ئۇلار يېقىن- يورۇقلىرىدىن ئايرىلغانىدا قارا كىيىپ، تەزىيە بىلدۈرىدۇ. قارا كىيىمنى ئازراق كىيگىلار. قىزىل رەڭ - بەك كۆپ، بەك ئوچۇق رەڭ. قىزىل — ئوتنىڭ سىماسىدۇر. قىزىل رەڭ ياخشى- يامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاسان جەلپ قىلىدۇ. قىزىل رەڭلىك كىيىمنى كۆپ كىيمىسەڭلار.

**«سىنىپىي كۈرەش» بىزگە چۈشمەيدۇ!**

ھېلىمۇ يادىمدىن چىقمايدۇ. بىركۈنى بەستلىك، كۆزى ئاجىزراق بىركىشى غۇلجا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تۆت مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىغىلغان سورۇندا «سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئاساسىي مەزمۇنى ئىلى دىيارىنىڭ گۈزەل يېزىلىرىدىن بىرى — تۇرپانيۈزىدە ئۆتكەن بىرباي كىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئىكەن. ئۇ:

—... تۇرپانيۈزىدە مەسۇم شاڭيۇ دېگەن بىر زالىم باي بار ئىدى. نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، باغ، ھېساپسىز مال-چارۋىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. مالايلىرى كۆپ ئىدى. باي باھانە تېپىپ، مالايلىرىنى جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلاتتى. مەسۇم قانخورنىڭ ئىشىكى ئالدىدايوغان بىرتۈپ قارىياغاچ بارئىدى. ئۇ مالايلىرىنى ئەشۇ قارىياغاچقا ئېسىپ قويۇپ ئۇراتتى. شۇڭا بىز ھازىر ئەشۇ قارىياغاچقا «قانلىق قارىياغاچ» دەپ ئات قويدۇق. زالىم بايلار يوقالدى، سىلەر ئازات زامانىدا ياشاۋاتىسىلەر.... دەپ ئۇزاق سۆزلىدى.

ئاڭلاۋاتقان ھەممىمىز ئۆسمۈر باللار بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، مۇشتۇملىرىمىزنى تۈگۈپ، كۆز ياشلىرىمىزنى ئېقىتىپ ئولتۇردۇق.

ئۆيگە كەلگىنىمدە يىغىدىن ئىشىشىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى كۆرگەن ئاپام بىلەن دادام ئەنسىرەپ كەتتى. مەن ئۇلارغا ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەۋېتىپ، يەنە يىغلاپ كەتتىم. شۇ چاغدا دادام:

— بالام بۇگەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان. تۇرپانىيۇزى شەھەرگە يېقىن يېزا. ھەربىلى ئۈرۈك پىششىغىدا مولچىلىق باشلىنىپ، ئورما قىززىيدىغان جەننەت ماكان. «قانلىق قارىياغاچ»دېگەن گەپنى بىزئاڭلاپ باقمىغان. مەسۇم باي دېگەن كىشى راست ئۆتكەن. ئۇ يېتىم يىگىتلەرنى ئۆيلەندۈرگەن. يالغۇز، قېرى - ئاجىزلارنى باققان. شەپقەتلىك ئىنسان ئىدى. بوۋاڭ ماڭايەنە بىر باي ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. ساڭىمۇ سۆزلەپ بەرسەم بولغۇدەك، - دېدى دادام ۋە مۇنۇلارنى ئېيتتى:

1800 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇشۇ قازانچى مەھەللىمىزدە ۋەلىباي دېگەن كىشى ياشىغان ئىكەن. ئۇ كەمبەغەللەر، تۇل خوتۇن-ئاجىزلارغا تۇيدۇرماي ياخشىلىق قىلاتتىكەن. يەنى، ئۇن-گۈرۈچ، گۆش- ياغ، باشقا نۇرغۇن يىمەكلىكلەر، كىيىملەرنى تەييارلاپ مالايلىرىغا:

— بۇ نەرسىلەرنى ئەتراپىمىزدىكى كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بېرىڭلار. كۈندۈزى ئەمەس، كەچتە ئاپىرىپ، ئىشىك ئالدىغا قويۇپ چەتتە كۈزىتىڭلار. ئۆي ئىگىسى كۆرۈپ، ئېلىۋالغاندىن كېيىن قايتىڭلار. كىمنىڭ بەرگىنى، سىلەرنىڭ يەتكۈزگىنىڭلارنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار!- دەيتتىكەن. ئۇ يەنە ئېتىنىڭ تۇيىقىنى ئالتۇندا بوش تاقىلىتىپ، ئەڭ كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئامال قىلىپ، تاقىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن. ئەتىسى تاقىنى تېپىۋالغان كىشىلەر: ئىشىكىمگە خىزىر كەپتۇ. ئاللاھ ماڭا ياردەم قىپتۇ، دەپ دۇئالار قىلىشىدىكەن. ئۇلارمۇ ئاجىزلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ئۇدۇم قىلىدىكەن. ئەجدادىمىز مانا مۇشۇنداق كىشىلەر. زالىملىق، قانخورلۇققا دىنىمىزمۇ قارشى. «سىنىپىي كۈرەش» دېگەن بىزگە چۈشمەيدۇ. ئەشۇنداق بايلىرىمىز كۆپرەك بولغان بولسا، خەلقىمىز بۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدى... -دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتكەن ئىدى.

دادامنىڭ سۆزلىرى «مەدەنىيەت زورئىنقىلابى»دا ئاتالمىش بالا زىيالى بولۇپ، مەكتەپتىن ھەيدىلىپ قورغاس ساربۇلاق يېزىسىغا پالانغان چېغىمدا ئېچىلغان يەنە بىر «سىنىپىي كۈرەش - تۇتقا» يىغىنى بولغان كۈندىن كېيىن مېنى تېخىمۇ سەگىتتى. بۇ كۈنى 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۇيغۇر تىلى راۋان بىر تۇڭگان كىشى سۆزلىدى. ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان بىر جۈملىنىلا يازاي. ئۇ دېدىكى:

... بۇنىڭدىن30 يىللار ئىلگىرى ساربۇلاقتا بىر زالىم پومىشچىك ھەممە يەرنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. بىز ئۇنىڭغا مالاي ئىدۇق. يېزىدا سۇ كۆپ. شال بەك ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئاساسەن شال تېرىلاتتى. سۇ كېچىپ شال كۆچۈرىدىغان كۈنلىرىمىز جاپالىق ئىدى. بەدىنىمىزنى سوغۇق قاپلاپ، ماغدۇرىمىزدىن كېتەتتۇق. ئەمدى ئويلىسام زالىم پومىشچىكمۇ مەرت ئادەم ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە بىرەر مال سويۇپ، ئېتىزلىقتا پولۇ، شورپا پىشۇرۇپ بىزگە زورلاپ يىگۈزەتتى. كۆتەرتىپ قوياتتى. ئەتىسى جىقراق ئىشلىسۇن دەيدۇ- دە، ئۇ زومىگەر. مانا ھازىرمۇ سىلەر بىلەن شال كۆچۈرۈۋاتىمەن. قېرىپ قالدىم. ئۆيگە پۇتۈمنى سۆرەپ ئاران بارسام خوتۇن ئۆيدە گۆش يوق، دەپ سۇيقاشىمۇ ئېتەلمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگەن ۋە تېرىكىپ ئاغزىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى.

مانا بۇ تۇڭگان كىشىنىڭ ئىككى دەۋر سېلىشتۇرمىسى دادامنىڭ سۆزىنى تولۇق تەستىقلەپ تۇرمامدۇ؟ دادامنىڭ «سىنىپىي كۈرەش»بىزگە چۈشىمەيدۇ، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك يەكۈنىگە يەنە پاكىت ۋە ئىزاھاتنىڭ ھاجىتى قالمىسا كېرەك.

**زالىملار «كۆكتاش»قا مىنگەندە ئۆزىگە زاۋال يېتىدۇ!**

ناھەقچىلىق ئەۋج ئالغان ئەشۇ يىللاردا دادام بۇ سۆزنى تەكرارلاپ، ئۆزىگە ۋە بىزگە تەسەللى بېرەتتى. بىر كۈنى مەن دادامدىن:

ــ دادا! «كۆك تاش»[11] دېگەن قايەردە؟زالىملار ئۇنىڭغا قاچان مىنىدۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ بالام بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە يىراق بولمىغان «كۆكتاش» دېگەن جاي بار ئىمىش. ئۇ جايدا كۆك تاش كۆپمىش. زالىملار ئەشۇ تاشقا مىنىپ: مانا مۇرادىمغا يەتتىم! دەرمىش. بۇ دېگەنلىك ــ جاھان مېنىڭ بولدى، دېگەنلىكمىش. دۇنيادا مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرگەن خان-پادىشا يوق. ھەتتا، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارمۇ ئوخشاش. زالىملار كۆكتاشقا ئەمەس، كۆك ئاسمانغا مىنىۋالسىمۇ ئوخشاش. زالىمنىڭ كۆكتاشقا مىنگەن ۋاقتى ئۇنىڭغا زاۋال يەتكەن ۋاقتى بولىدۇ، بالام! -دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى دادام.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، تۇيۇقسىز كاللامغا بىرپىكىر كەلدى. گوگۇلغا «كۆكتاش»دەپ كىرگۈزدۈم. كۆز ئالدىمدىكى كۆكتاشلارنى كۆرۈپ، ھەيران بولدۇم. «كۆكتاش»تىن پايدىلىنىپ، ياسالغان قۇياش ئېنېرگىيەسى تاختىسىنىڭ دۇنيا بازىرىدا زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى سۈرەتلىك خەۋەرنى؛ دادامدىن نامىنى ئاڭلىغان «كۆكتاش»لارنىڭ 50% نىنىڭ «شىنجاڭ»دىن چىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى پىششىقلاش ئۈچۈن قۇرۇلغان زاۋۇتلارغاكېتەرلىك يېقىلغۇنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى كۆمۈركانلاردىن ئېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆردۈم.

ئەجابا؟ دادام رىۋايەتلەردىكى كۆكتاشنى دېگەن بولغىيمىدى ياكى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ باغرىدا ئەسىرلەر دىن بۇيان ساقلانغان رېئاللىقتىكى قىممەتلىك بايلىق «كۆكتاش»نىمۇ؟

دادام بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپىمىزدا قېزىلىۋاتقان، كۆيدۈرۈلۈۋاتقان «كۆكتاش»لاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس-تۈتەكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. بىراق، روھى گۈزەل، باي زېمىنىمىزنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ ــ چوقۇم!

ئاھ! دادام ئېيتقان «كۆكتاش» شۇ بولسا- ھە؟! بارماقلىرىم كومپيۇتېر تاختىسى ئۈستىدە توختىدى.

پىشقەدەم زىيالىلىرىمىزدىن ئەھمەت ئىگەمبەردى ئەپەندىگە تېلېفون قىلدىم:

—ئەھمەت ئاكا: «زالىم كۆكتاشقا مىنىدۇ»دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ «كۆكتاش» نېمىگە سىمۋول قىلىنغان بولغىيدى؟

—ئاڭلىغان. مەن تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمدە سەمەرقەند پويىز ئىستانسىسىدا بىربوۋاي بىلەن پاراڭلاشقان ئىدىم.

—نەدىن كەلدىڭ بالام؟—دەپ سورىدى ئۇ.

—قەشقەردىن كەلدىم. سىز سەمەرقەندلىك ئىكەنسىز-دە؟—دېدىم مەن.

— مەن «كۆكتاش» دېگەن رايوندىن بولىمەن. قەشقەردىكى خەلقنىڭ ئەھۋالى ئېغىرغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق. خىتاي زۇلۇمى ئاستىدا قالدى. خەلق كەمبەغەلچىلىكتە.

—كاتتا قورغان يېنىدا كۆكتاش دېگەن جاي بولغان. خىتايلاربۇ يەردە قاتتىق مەغلۇپ بولغان. قوماندانى:

«بىركۈن ئەمەس بىركۈنى ئەۋلادىم بۇ كۆكتاشقا مىنىدۇ» دەپ قايتقانىمىش، — دېگەن ئىدى بوۋاي.

«كۆكتاش»دېگەن نامنى شۇكۈنى تۇنجى ئاڭلىغان ئىدىم. بىزدە : «ئۇئاخىرى كۆكتاشقا مىنىپتۇ-دە!» دېگەن سۆز بار. بۇ سەلبى مەنىدىكى سۆز. يەنى، ۋاستە تاللىماي، مۇرادىغا يېتىشنى بىلدۈرىدۇ...

دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى ئەھمەت ئىگەمبەردى ئاكا.

مەن دادامنىڭ كەسكىن خۇلاسىسى بىلەن «كۆكتاش»نىڭ زادى قانداق باغلىنىشى بارلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم.

مەيلى خۇلاسە قانداق بولسا بولسۇن، دادامنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئەشۇخىسلەتلىك تاش ھەققىدىكى سۆزنىڭ

بىركۈنى رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەندىم.

كاماندىر دادامنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى توغرىسىدا يازىدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىدى.

دادام ئېيتقان «كۆكتاش» نى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان بايلىقلىرىدىن يەنە بىرى — «كۆكتاش»قا باغلاپ تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈشنى زامانداشلىرىمغا قالدۇردۇم.

## «ئالتۇن توي» مۇراسىمى



«ئالتۇن توي> ، كۈنى دادام بىلەن ئاپام ئەلنىڭ، باللىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلماقتا.

ئۈنتۈلماس كۈن، يەنى 1994 -يىلى 7- ئاينىڭ 14- كۈنى.

دادام بىلەن ئاپام بىلەن توي قىلغان، بىرلىكتەئىئىلە كۆچىتىنى تىككىنىگە توپتوغرا 50 يىل تولغاندا ئۇلارئۆچۈن «ئالتۇن توي» ئۆتكۈزۈشنى قەرزىم بىلىپ، تەتىلدە بالىلىرىمنى ئېلىپ غۇلجىغا باردىم. تۇققانلار، قوشنىلار، دادام-ئاپامنىڭ دوست-بۇرادەرلىرىگە تەكلىپنامە ئەۋەتتىم. قىزلار-كۈيئوغۇللار، نەۋرە-چەۋرىلەرنى يىغدىم. بىز دادام-ئاپامنى تەبرىكلىدۇق، قۇچاقلىدۇق، تالىشىپ سۆيدۇق. رەھمەتلەر ئېيتتۇق. پىكاپنىڭ ئالدىغا يېشىل تاۋاردىن پورەك تاقاپ، دادام ئۆگەتكەن «يېشىل — ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى»نى ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈرلەرتىلەشكە سىمۋول قىلدۇق. ئاپام ئۆيدىن چىققاندا شوقلۇق قىلىپ، دادامنى چىڭ قولتۇقلاۋالدى. مەن دادام بىلەن ئاپامنى پىكاپقا چىقىشقا تەكلىپ قىلدىم - دە:

— دادا بۈگۈن سىزنىڭ تويۇڭ بولدى. قىزنى 50 يىل بۇرۇنقىدەك ئىلى دەريا بويىغا كۆچۈرۈمىز، — دېدىم.

دادامنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. بىزبىرنەچچە خادىك ھارۋىدا ئۇلار ئولتۇرغان پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق. ئىلى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە يېقىنلاشقاندا، تاقەت قىلالماي، خادىكلاردىن چۈشۈپ چۇرقىراشتۇق، پىكاپقا ياندىشىپ يۈگرەشتۇق.

شۇ كۈنى ئىلى دەريا بويىنى دادام بىلەن ئايلاندىم. دادام ئۇنىڭ قولىنى يىراققا سوزۇپ تۇرۇپ ماڭا:

— كۆردۈڭمۇ بالام! ئاۋۇ بىرتۈپ يالغۇزقارىياغاچ بېغىمىزنىڭ پاسىلى ئىدى. ئەشۇ يەردىن مۇنداق كېلىپ، ئاۋۇ دۆڭنى كۆردۈڭمۇ؟ئۇ يەردە قاتار-قاتار دولانا، ئۈجمە دەرەخلىرى بولىدىغان، ئەشۇ يەرگىچە كېلەتتى. ئەشۇ كەڭرى تۇپراقتا بوۋاڭلار، مەن، سىلەر ياشىغان. قارىغىنا، بۇ تەرىپى سۇ، ئۇ

تەرىپى مۇنبەت تۇپراق. نېمە دېگەن كېلىشكەن زېمىن بۇ! ــ دېگەن ئىدى.

شۇ كۈن كۆزئالدىمغا كەلسە، يۈرىكۈم سىرقىرايدۇ...

دادام يەنە بالام: «مىللىي ئارمىيە» جەڭچىلىرى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن بۇ دەريانىڭ بويىدا ئابدۇمۇتائالى بوۋاڭلار ئۆلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. سەپتە ئۇنبەش ياشلىق باللارمۇ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ بارئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى مۇشۇ يەرگە پاتقان، ئىلى دەرياسى هەممىگە گۇۋاھ. بۇ ئۇلۇغ دەريانىڭ سۈيى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ ــ بالام! دېگەن ئىدى.

«ئالتۇن توي» خاتىرە كۈنى ئۆتۈپ، ئەتىسى دادام بىلەن هۆيلىمىزدا ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىدا يەنە بىر دەم پاراڭلاشتىم. دادام ماڭا:

-بالام تۈنۈگۈن ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەتتىڭلار. كىچىدە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. مۇنۇ سۇۋادان تېرەكلەر (بۇ تېرەكلەرنى دادام ئۆزى تىككەن، ياشناتقان) گە ناهايىتى كۆپ ياۋا قۇشلار قونۇپ، جاهاننى بېشىغا كىيىپ چۇرقىرىشىۋاتقۇدەك. قوغلىسام، يەنە ئايلىنىپ كېلىۋالغۇدەك. شۇچاغدا كۈن چىقىپ، ئەتراپنى نۇرغا تولدۇرغۇدەك. ياۋا قۇشلارشۇئان ئۇچۇپ كۆزدىن يوقالغۇدەك بالام! زالىملارنىڭ ماكانىغا قايتىدىغان كۈنلىرىگە ئاز قالدى، بالام! ــ دېدى ۋە قوللىرىنى دۇئاغا كۆتىرىپ، يۈزىنى ئاستا سىيپىدى.

دادامنىڭ بۇ ئاجايىپ چۈشىنى هەدە-سىڭىللىرىمغا، دوستلۇرۇمغا كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم.



دادام بىلەن ئاپام قىزلىرى، نەۋرىلىرىنىڭ بىرقىسمى ۋە زۇبەيدە ئاپپاي بىلەن.



دادام بىلەن ئاپام ئوغلۇم مالىك بىلەن ئۈرۈمچىدە.

# قارا كۈن

كېيىنكى يىلى دادامنى كۆرگىلى بارغىنىمدا دادام مېنى كۆرۈپ قوللىرىنى يەنە سوزدى. لېكىن ئېگىز كۆتىرەلمىدى. يىراقلارنى كۆرسىتەلمىدى. قولۇمنى تۇتتى. ئىككى كۆزىدىن «لوممىدە!» ئاققان ئىككى تامچە ياش ياستۇققا سىڭىپ كەتتى. لەۋلىرى ئۈنسىز قىمىرلىدى. ئۇ ماڭا:

—بالام، روھىڭنى چۈشۈرمە! ئىلى دەرياسى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى. مېنىڭ تىنىقىم ئۈزۈلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئۈزۈلمەيدۇ. مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ. مەنمۇ ياشايمەن ئىلى دەرياسى بىلەن، سىلەر بىلەن، ئەۋلادىم بىلەن... -دەۋاتقاندۇ؟!

دادام بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا مۇڭداشقىنىم ئاخىرقى مۇڭدىشىش بولۇپ قالدى. شۇكۈن 1995 - يىلى. سېنتەبىرنىڭ 22 -كۈنى. جۈمە. كېچە سائەت 12 گە 5 مىنۇت قالغان چاغدا مېنىڭ دادام  بۈيۈك ئارمانلار بىلەن قولىغا قورال ئالغان كاماندىر دادام، غەلىبىنىڭ بوسۇغىسىدىن قايتقىنىغا بىر ئۆمۈر ھەسرەت چەككەن دادام، سەككىز بالىنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، ئۆزى چۈچۈلا بولغىچە كۆيۈش بەدىلىگە ياشلىقىنى، ھاياتىنى ئاتىلىق مېھرىگە قوشۇپ بىزگە ئاتىۋەتكەن سۆيۈملۈك دادام ئابدۇلھەق ئابدۇۋەلى كامال دۇنيادىن كەتتى. 51 يىللىق مۇستەھكەم قورغانىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئۆرۈلدى.

ئاپام بىلەن بىللە تىككەن، كۆكلەتكەن ئائىلە دەرىخىمىزنىڭ تۈۋىدە ئاپام يالغۇز قالدى.

-دادا!- دەپ پەرياد قىلدىم. ياشلار تۆكتۇم. دادام كۆزىنى ئاچمىدى.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، ئاپام، ھەدە-سىڭىللىرىم بىلەن ئاخىرقى تىنىقلىرىنى ئېلىۋاتقان دادامنىڭ بېشىدا ئامالسىز ئولتۇرغىنىم، ئاستا-ئاستا مۇزلاۋاتقان يۈزلىرىنى سىلاپ ئىسسىتماقچى بولغىنىم يادىمغا يەتتى.

شۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە يىغلاپتىمەن. سەھەردە يىغلاپ ئولتۇرۇپ، دادامنىڭ جىنازا نامىزى ئۈچۈن باغاق يېزىۋاتاتتىم. دادامنىڭ جىيەن ئىنىسى ئىسھاق ئى. كامال يېنىمغا كەلدى، بېشىمنى سىلىدى. چوڭقۇر تىنىۋېلىپ ماڭا:

—يىغلىماڭ ئۇكام! ئاتىڭىز باتۇر جەڭچى. ئۇ جەڭلەردە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. ئەزىز بېشىنى ساق ئېلىپ كەلگەن غازىلىرىمىزدىن ئىدى. ئاتىڭىزنىڭ تالاي باتۇر سەبداشلىرىنىڭ تېنى داللاردا قاغا- قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. ئاتىڭىزنى ئەتە خەلقىمىز ھۆرمەت بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىدۇ. سەبرە قىلايلى!— دېدى.

مانا بۇ يىل سۆيۈملۈك دادامنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل، باقى دۇنياغا كەتكىنىگە 26 يىل بولدى.

غورۇر ۋە ۋىجدان بىلەن ياشىغان دادامنى، مىللەت ئازادلىقى ئۈچۈن باسقۇنچى دۈشمەنگە قارشى قولىغا قورال ئېلىپ، جەڭگە ئاتلانغان قەھرىمان دادامنى سېغىندىم:

— دادا! بالىلىرىڭ ساڭا ئوخشاشلا غورۇر ھەم ۋىجدان بىلەن ياشىماقتا. خاتىرجەم بولغىن، ئەزىز دادا!

مۇشۇنداق تەسەللىيلەر ئېيتىپ، ئۆزۈمنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدۇم. ئىسھاق ئاكامنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك تەسەللى سۆزلىرى يادىمغا كەلدى، بېشىمنى كۆتۈردۈم!

## ئىزاھاتلار:

(1) ئەبەيدۇللا دېگەن كىشى تاكى 60 - يىللارغىچە ئوغلى تۇرسۇن بىلەن بىزنىڭ باغدا تۇرغان. باغ تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، شەھەردىكى ئۆيىمىزدە بىللە ياشىدۇق. ئوغلى مېنىڭ چوڭ ھەدەمدىن ئۈچ ياش چوڭ. لەنجۇ تۆمۈر يول ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇپ، سۆيدۈگدە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئاكىمىز بىلەن قېرىنداشتەك ئۆتتۇمىز. ئۇ ھازىر ھايات. سۈيدۈڭ ناھىيەسىدە ئائىلىسى بىلەن ياشايدۇ. ئىلمى ۋە ئەقىللىق بىركىشى.

(2) ئاقسۇ فرونتىدا بولغان جەڭلەر توغرىسىدا دادامنىڭ ئەسلىمىلىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇف ۋە زاھىر ساۋدانۇپلار يازغان «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ، «ماناس دەرياسىدىن قايتىش»لاردا تەپسىلى يېزىلغان. شۇڭا مەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەكرارلىمىدىم.

(3) جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە قارشى ئاتاكىغا ئۆتكەندە مىلتىقنىڭ ئۇچىغا قادايدىغان خەنجەرنى روسچە «ستۋول» ، ئۇيغۇرچە «تىغ» ياكى «ئىتتىك» دەيدۇكەن.

(4) «مىللى ئارمىيە »ھەربى باش شتاب بىناسى ئىدى. 1950 - يىلدىن كېيىن «ئىلى ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» بىناسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

(5) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» — كوممۇنىستلارنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى ئەتەي كىچىكلىتىپ ئاتىشى.

(6) «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى13- » -124 بەت. ئىچكى ماتېرىيال «ئىلى كەچلىك گېزىتى»دە بېسىلغان.

(7) ئۇلار — بۇ بىرخىل قۇش بولۇپ، تەگرىتاغلىرىدا، قارىغايزارلىقلاردا ياشايدۇ. گۆشى تەملىك ۋە دورىلىق قىممىتى بار.

(8) كامالەك — كامالىدىن بوۋىمىز سادىر پالۋان قوزغىلىڭىدا سېپىل پارتلىتىشتا لەخمە كولاشنى پىلانىغا ئالغان، يېتەكچىلىك قىلغۇچىلاردىن بىرى. كامالەك -ئىككى يايلىق، ئوقيا شەكىللىك ئۇرۇش قورالى بولۇپ، ئىككى ياي ئوتتۇرىغا ھايۋانات تېرىسىدىن تىكىلگەن پىششىق خالتا ئورنىتىلىدۇ. خالتىغا تاش قاچىلىنىپ، يايىنى قاتتىق تارتىپ قويۇۋەتكەندە، كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىققان تاش دۈشمەننىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىدۇ.

بۇ — كامالەك ھەققىدە دادامنىڭ ئىزاھاتى.

(9) «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلى. 2003 ــ يىل 1 ــ سان.

(10) كۆكتاش ــ Polysilicon

3. باپ

## ئىككى يوپۇرماق، ئىككى غۇنچە

ئۇلار يۇمران يوپۇرماقلار ئىدى، غازاڭ پەسلى يېتىپ كەلمەي تۆرۈپ تۆكۈلدى. ئۇلار تېخى لەۋ يارمىغان قىزىل گۈل غۇنچىلىرى ئىدى، چېكى يېرىلمىغان بەرگلىرىدە قان ئۇيۇپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ھايات قىلىشى، ياكى تەڭسىز جەڭلەردە قۇربان بولۇشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، يىللارسېرى زۇلۇمغا قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمان قىز-ئوغۇللىرىمىز بىرى يەنە بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قايتا-قايتا پەيدا بولغانلىقى بىلەن، تارىخىمىزدا مۇھىم بەتلەرنى قالدۇرغانلىقى بىلەن، شەرەپلىك ھاياتى- ئۆلۈمى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرى ئۈستىدە قالدۇرغان ئاچچىق تەجرىبە- ساۋاقلىرى، بىزگە قويغان سوئاللىرى بىلەن مۇھىمدۇر.


― خاتىرەمدىن.

# ئاق بوز ئاتلىق قوماندان

ئابدۇنىياز كامال ــ (1910 ــ 1937)

تۆشەكلەردە يېتىپ ئۆلگەن ئادەم كۆپ. جەڭدە بولالايدۇ پەقەت مەرت هالاك.

ــ «چىڭگىزخان» رومانىدىن. ۋ. گى. يان







ئۇ ــ توقسۇن شەھەر ئىچى ئاقتاش مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. تۆرت يېشىدا ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، سىڭلىسى بىلەن بىللە ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان، گەرچە تاجاۋۇزچى چىڭ يىمىرىلىپ، دېموكراتىزم بايرىقىنى كۆتىرىۋالغان جوڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان يىللار بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ئەسىرلەر داۋام ئەتكەن زۇلۇم، مائارىپسىزلىق، نامراتلىق خەلقىنىڭ بىر قىسمىنى شۈكرىچىلىككە، ۋەتەن تەقدىرىگە نىسبەتەن بىپەرۋالىققا، تەركىي دۇنيالىققا تاشلىغان بولسا، يەنە بىر قىسىم خەلقىنىڭ مۇرەسسەسىز كۆرەشلىرى داۋام ئېتىۋاتقان يىللار ئىدى. يەتتە يېشىدا ئۇ ئاقتاش مەدرىسىدە زاكىر داموللام دېگەن كىشىدە ئوقۇپ ساۋادلىق بولغان.

ئاتىسىنىڭ تېرىچىلىك كەسپىگە ياردەملىشىپ، كىچىگىدىنلا تېرە ئاشلاش، يىپىپ-قۇرۇتۇش-يىغىش قاتارلىق ئىغىر ئەمگەكلەردە پىشقان. كۈچتۆڭگۈر، پالۋان سۈپەت يىگىت ئىدى.

شۇڭا ئۇ توقسۇندا «قوچقار پالۋان»نامى بىلەن تونۇلغان. باللىق دەۋرىدەئۇنىڭ قەلبى يېتىملىك ھەسرىتىدە پۇچۇلانغان بولسا، بالاغەتكە يېتىش دەۋرى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆتىرىلگەن خەلقنىڭ ساداسى— خوتەندە مۇھەممەت ئەمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى، قەشقەردە سابىت داموللامنىڭ قوزغىلىشى، قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجىم يېتەكلىگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەنۇپقا غەلبىلىك يۈرۈشلىرى مىڭلىغان ئابدۇنىيازلارنى ئويغاتقان، ئاتلاندۇرغان پۇرسەتلىك يىللارغا توغرا كەلگەن.

1930-يىلى ئابدۇنىيازنىڭ ھاياتىدا كەسكىن بۇرۇلۇش بولغان بىر يىل بولغان. ئۇ توقسۇنغا سەيدۇللا دېگەن بىر دوستىنى ئىزدەپ كەلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساۋادلىق، ئەقىللىق ۋە بوي-بەستلىك بۇ يىگىتنى دوست تۇتقان. موڭغۇللارنىڭ نادام بايرىمىغا باشلاپ بارغان. ئۇ موڭغۇل يىگىت بىلەن چېلىشىپ يېڭىۋالغان. ئابدۇنىيازنى موڭغۇل ئاقساقىلى ئاق بوز ئات بىلەن تارتۇقلىغان.[1]

بۇ يىللار ئابدۇخالىقنىڭ غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقان خەلقنى ئويغىتىشقا، ھەممىگە كۆنۈپ ئۆگەنگەن ئاۋامنى سىياسى بىپەرۋالىقتىن سەزگۈرلۈككە، ھەرىكەتكە ئۈتۈشكە چاقىرىش ئىدىيىسىنى «غەزەپ ۋە زار»، «ئويغان»، «ھار»، «ئۇيغۇرۇم»قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئاشكارىلىغان يىللار، ئابدۇنىيازغىمۇ خەتلەر يېزىپ تۇرغان يىللار ئىدى. 1932-يىلىنىڭ چىقىشى، 1933-يىلىنىڭ كىرىش ھارپىسىدىكى قاتتىق قىش كۈنلىرىدە خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ، تۇرپان يېڭىشەھەرگە كەلگەن. ئاستانىدە تۇرۇۋاتقان ئابدۇخالىق ئابدۇنىيازغا خەت يېزىپ، تۇرپانغا چاقىرغان. ئابدۇنىياز يېقىن دوستى ھىدايى بىلەن ئاق بوز ئىتىغا مىنىپ دەرھال يېتىپ كەلگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەسكىرى بولغان، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يېڭى ئەسكەرلەرنى تىزىملاش، مۇرتۇقتا ئاق ئورۇس پاھىنگۇت[2] (ئۇ سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، بۇ يۇرتتا پاناھلانغان. ئۇيغۇرنىڭ ئاش-تۇزىنى يەپ جان ساقلىغان. )قىرىۋەتكەن 200 پىدايىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش، يارىدارلارنى داۋالىتىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتى شۇنىڭدىن باشلانغان. خوجىنىياز ھاجىم، مەھمۇت مۇھىتىلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇنىيازنى كاماندىر قىلىپ، ياپچان، ھاراپتەك مۇھىم ستراتېگىيەلىك جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. بۇ يەردە ئۇ تاكى 1937 -يىلغىچە تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، خەلقنىڭ، گازارمىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، تېرىم-يىغىمدا ئەسكەرلەر بىلەن دېھقانلارغا ياردەملىشىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

ئابدۇنىيازكامال قوراللىنىپ، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ئارقا سەپتە، جەڭ مەيدانلىرىدا بولغان. ئاددى بىر سەھرا ئوغلىدىن خېلى پىشقان بىر جەڭچىگە ئايلانغان. ئەمما خوجانىياز شېڭ شىسەينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، قەشقەردە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان سابىت داموللىنى، مىنىستىرلىرىنى قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىغا بۇيرۇق بېرىپ قولغا ئالغۇزغاندىن كېيىن، قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمى بۆلۈنۈشكە، قوزغىلاڭ ۋەزىيىتى چېكىنىشكە يۈزلەنگەن. ھەتتا مەھمۇد مۇھىتى ئاز بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن چەتئەلگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئابدۇنىيازنى باھادىردېيىشىمىزدىكى ئاساسىمىزمۇ دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقالىغانلىقى ئۈچۈن، تاشلىنىپ قالغان قوشۇننى قايتا تەشكىللەپ، ھايات-ماماتلىق جەڭگە ئۆزىنى بېغىشلىيالىغانلىقى ئۈچۈندۇر، چۈنكى ئۇ نادان ئاۋامدىن ئەمەس، ئىلىملىك بولغاچقا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلغان ئىدى. شۇڭا،

خەلقنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە نادانلىق، ئىقتىسادسىزلىق، بىچارىلىك ئىچىدە ئىگراۋاتقانلىقىغا سۈكۈتتە تۇرۇشنى ۋىجدان تارازىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن ئەزىمەت ئىدى. شۇڭا، سۆيگەن قىزى پاتىمە بىلەن نىكاھلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مىلتىقنى ئېسىپ، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كەينىدىن كەتكەن ئىدى. قوماندانىسىز قېلىپ تېرە-پىرەن بولۇشقا يۈزلەنگەن قوشۇننىڭ بايرىقىنى ئابدۇنىيازقولىغا ئالغاندا بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۆزلۈكىدىن سەپتىن چېكىنگەن، بىرقىسمى قاچقان. پەقەت مىڭغا يېقىن ئەسكەرقالغان. ئابدۇنىياز 33-، 34-پولكتىكى ۋە قەشقەردىكى 31-، 32 -پولكلاردىن قېچىپ چىققان ئەسكەرلەرنى كاچۇڭغا توپلىغان ۋە قېپقالغان ئوفىتسىرلار بىلەن كېڭەشكەن. كۆپچىلىك ئابدۇنىيازنى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئورنىغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن. مۆيدىن تۇەنجاڭ مۇئاۋىن قوماندان ۋە شتاپ باشلىقى بولغان. ئابدۇنىياز قوشۇننى تۆت پولكقا ئايرىپ، ھەربىر جەڭچىگە200 تال ئوق تارقاتقان. ئاندىن نوتۇق سۆزلىگەن:

—بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز؟

—خەلقىمىز ئۈچۈن!

—خەلقىمىز كىم؟

—ئاتا-ئانىمىز، ئاكا-ئۇكىمىز، ئاچا-سىڭلىمىز![3] («مۇھەممەت سەلەي ئەسلىمىلىرى». ئاپتورى-ئابلەت ئابباس. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تەزكىرە ئىشخانىسى. ئەجداد تورى. 2013-يىل 7-ئاي 20-كۈن بېتىدىن ئېلىندى).

قىسقا مەزگىللىك ھەربى تەرتىپ ئورنىتىشتىن كېيىن، ئابدۇنىياز ئۈچ تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، قەشقەردىن يەكەنگە يۆتكەلگەن ۋەخوتەندىكى ماخوسەننىڭ بىرلىشىپ، شىڭنى يوقىتىش تەكلىپىگە قوشۇلغان، ما خۇسەن بىلەن بىرلىشىپ (ماخۇسەن ماجۇڭيىڭ 36 -دىۋىزىيەسىنىڭ يادروسى ئىدى. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ خوجانىياز بىلەن مەھمۇدنى ھېيلە بىلەن يوقاتقىنىنى

بىلگەچكە، كۆرىنىشتە شىڭغا ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ھەربىلىرىنى قاتتىق ئىنتىزامدا تەربىيەلىگەن. يەر ئاستى قورال-ياراق زاۋۇتلىرىنى قۇرغان. («مەن كەچكەن كېچىكلەر» سوپاخۇن سوۋۇرۇپ. مىللەتلەر نەشرىياتى. 2010 -يىل نەشرى. 145-148-بەتلەر)

1937 -تۈزگەن پىلانغا ئاساسەن، شىڭ شىسەيگە قارشى -5 29-كۈنى ئابدۇنىياز قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ئۈچ تۇەن ئەسكەر قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە كوناشەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئەمەت مەخسۇم قوماندانلىقىدىكى 31-تۇەن شىڭ شىسەي تەرەپتە تۇرۇپ، يۇمىلاقشەھەر سېپىلىنى مۇداپىئە قىلغان. ئابدۇنىياز كامال ئىتتىپاقدىشى بىلەن بولغان كېلىشىمگە ئاساسەن قۇربانىنىياز، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار بىلەن ئۈچ تۇەن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇنىياز تاكى 1937- 9-ئايغىچە گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ئېلىشقان. شىڭ شىسەي سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، 20پولك ۋە 20 ئايروپىلان بىلەن رۇس-قىرغىز ئەسكەرلىرى قەشقەرگە يېتىپ كىرگەن. شىڭ ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئابدۇنىياز، ماخوسەن بىرلەشمە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى بىر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەن. ماخوسەن نۇرغۇن مال- دۇنيانى ئېلىپ، دوستلۇققا، كېلىشىمگە ئاسىيلىق قىلىپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن.

ئابدۇنىيازنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئۇچۇر بار:

1. ئابدۇنىياز قۇرۇقلۇق-ھاۋادىن تەڭ قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاقچىدىن ئاۋاتقا چېكىنگەن. مەكىتكە كەلگەندە 300ئەسكىرى بىلەن قالغان. «كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ماخۇسەنگە ئەگىشىپ، چەتئەلگەقاچالماي، يەكەننىڭ تاغارچى يېزىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەندە31-تۇەننىڭ لىيەنجاڭى يۈسۈپ ئۇنى پەم بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ. يەكەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بىر ھەپتىدىن كېيىن شىڭ

شىسەي مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن ئابدۇنىياز، كىچىك ئاخۇنلارنى ئۇرۇمچىگە ئەكىلىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈردى.» («مەن كەچكەن كېچىكلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى سوپاخۇن سوۋۇروف 149-بەت)

2. ئابدۇنىياز يېقىن سەپداشلىرىدىن ئونچە كىشى بىلەن «... مەھمۇد مۇھىتى دەۋرىدە ئۇ تۇرغان هاراپتىكى گازارمىسىغا قايتىپ كېلىپ، بىخەستەلىك قىلىپ قاتتىق ئۇخلاپ قېلىشىدۇ. ئۇلارنى ئىز بېسىپ قوغلاپ يۈرگەن سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئۇشتۇمتۇت بومباردىمان قىلىپ، تۈپ-تۈز قىلىۋېتىدۇ... بۇ 1937- 10 - ئاي ئىدى... هاراپ دېھقانلىرى قېلىن توپا ئاستىدىن ئۇلارنىڭ جەسىدىنى چىقىرىۋېلىپ، شۇ يەردىكى مەشھۇر «قىلىچ بۇغراخان»مەسچىتىگە قويىدۇ... » («ئىگەرلىك ئات» ئابدۇللا تالىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 180-بەت)

3. ئابدۇنىيازغا ئەگىشىپ «... ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بېشىمىزدىكى فۇراژكىلارنى تاشلىۋېتىپ، ئاق دوپپا كەيدۇق... 4- ئايدىن 10 - ئايغىچە شىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدۇق... ئۇلارنى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتۇق... تانىكا، ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسىدە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاقسۇ قۇمباشتا قاتتىق ئېلىشتۇق. ئوق تۈگىدى. يەكەنگە چېكىندۇق. مەن مەكىتكە كەلگەندە قوشۇندىن قاچتىم. گومىنداڭچىلارغا تۇتۇلدۇم، تۈرمىگە سالدى. كېيىن ئاڭلىسام ئابدۇنىياز ئاخىرىغىچە تىركىشىپ، ئامال قالمىغاندا ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى قولغا چۈشۈپ قاپتۇ.... شۇ يىلى 10-ئايدا تۇردىيوف ناسىر يەكەندە دەم ئېلىۋاتقاندا ئابدۇنىياز كامالنى قوغلاپ تۇتۇش بۇيرۇقى ئالغان. بۇ چاغدا ئابدۇنىياز قوشۇنىنى تارقىتىۋەتكەنىدى، سوۋېت رازۋېدكا ئايرۇپىلانلىرى ئۇنى بايقىغان.» (ئەسلى مەنبەسى- «شىنجاڭ - تەزكىرىچىلىكى ژورنىلى» 2001 يىل 4 سان. «مۇھەممەت سەلەي ئەسلىمىلىرى» ئاپتورى ـــ ئابلەت ئابباس.

يەنە قايتا تەكرارلايمىزكى، قوماندانسىز قالغان قوشۇننىڭ روھىي چۈشكۈنلۈكى جەڭدە تەسلىم بولۇشنىڭ بىر مەنبەسى

بولدۇ. ئابدۇنىياز مۇنداق ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلغاندىن كۆرە، ئېلىشىپ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى ئەۋزەل بىلگەن.

ئۇنى باھادىر ئەزىمەت دېگەن نامغا مۇناسىپ كۆرۈشۈمىزنىڭ يەنە بىر ئاساسى مۇشۇ. ئابدۇنىيازنىڭ ھاياتىنى شۇنىڭ ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىشقا مۇناسىپ كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ ھاياتىنى بىر ھۆرلۈك جەڭچىسىگە خاس جاسارەت بىلەن مەرتلەرچە تاماملىغان.

# گىگانت قەھرىمان، «ئازادلىق ئوردېنى» ساھىبى نادىروپ زىخرۇللام

«... زىخرۇللام شتابقا كەلمەكچى بولسا، باش قوماندان لېسكىن يەرگە قىزىل گىلەم سالغۇزاتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرەتتى، ‹ زىخرۇللام — قەھرىمان، ئۇنى ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك›، دەيتتى... »

قورغاسنى ئازاد قىلىش جېڭىدە «چاپايوپ»نامىنى ئالغان قەھرىمانىمىز ئەھمەد قاسىم بىلەن سۆھبەت خاتىرىمدىن.

2004 -يىل 7 -ئاي. جېلىلىيۈزى



(1924 — 1962)
نادىروپ زىخرۇللام

## زىخرۇللام

زاماندىن پاكزات

*بىرپاي ئوقتا ئۈچ دۈشمەن تىك چۈشىدۇ،*
*دەپ قالغانسىز بۇ زادى كىمنىڭ ئىشىدۇ.*
*ئىلى ئىنقىلابىنىڭ شىرمەت مەرگىنى،*
*نادىروپ زىخرۇللام دېگەن كىشىغۇ.*

*ئۇ بالىنى قىشلاقتامدىكى تونۇر بېشىدىن سوراڭ،*
*ئۇ يىگىتنى جەڭ مەيدانى جىلغ ۋە شىخۇدىن سوراڭ.*
*شىخۇدىكى يەتتە يۈز ئونبىر شېھىدتىن سوراڭ،*
*يوقلاپ بېرىڭ، شۇ قەبرىلەرنى گۈللەرگە ئوراڭ!*

«نادىروپ زوھرۇللا ــ يەرلىك شىۋىدىكى يەنە بىر خىل ئاتىلىشى زىخرۇللام ــ ئەر، 28 ياش.

ئېگىزلىگى 1.8 مېتىر، ئېغىرلىقى 68 كىلوگىرام. كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش ئەزالىرى ساق. قان تىپى 0

قان بېسىمى - 99:68

ئۇ ــ 1924-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قىشلاقتام يېزىسىدا تۇغۇلغان.

مانا بۇ ــ ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلگەن بىر يىل بەش ئايدىن بۇيان، كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان زىخروللامنىڭ 1957-يىل7-ئايدا كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى كادىرلار بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئارخىپىنىڭ كىرىش قىسمى[1] زىخرۇللامنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىمىزدا داڭدار قەھرىمان ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن يازمىلار پۈتۈلدى. ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىر سىياسى بېسىم، يەكلىنىش-خارلىنىش ئىچىدە

ئازاپ تارتقانلىقىنى، پىسخىك ھۇجۇملاربىلەن روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى... ھېچكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن. تاكى ئۇنىڭغا چاپلانغان تۆھمەتلەر، ئاتالمىش «گۇۋاھچى> لارنىڭ بارماق ئىزلىرى ۋە زىخرۇللامنىڭ «مەپكورەمدىكى ئەھۋاللار»دا ئۆزىنى پاش قىلىش، «خاتالىق» لىرىغا ئىقرار قىلىش قاتارلىق ماتېرىياللار جۇغلانغان ئارخىپىنى كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ «ئۇ باتۇر- قەھرىمان ئىدى. كېيىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. ۋاي ئىسىت قەھرىمانىمىز»دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن، ناۋادا ئۇنى يېزىشقا توغرا كەلسە، قەھرىمانىمىزنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھاياتىغا مۇجىمەل باھا بەرگۈچىلەر سېپىگە قوشۇلغان بولاتتىمكەن.

تۆۋەندىكىلەرنى ئەشۇ ئارخىپتىن ئەينەن كۆچۈردۈم:

زىخرۇللام نادىروپ — 1929-يىلى بەش يېشىدا ئاتىسىدىن يىتىم قالغان. 1931 -يىلدىن 1942-يىلغىچە ئانىسىغا ياردەملىشىپ، مال باققان، يەر تېرىغان. ئائىلىسىدە ئالتە جان بولۇپ، ئاپىسى-گۈلدىرىخان، ئاكىسى — ئىسمائىل، ھەدىلىرى نەھەلخان، گۆھەرخان، خاتەملەر ئىدى. قورۇ- جاي، سەرەمجانلىق ئائىلە ئىدى. زىخرۇللام — 1943-يىل 7-ئايدىن 1944-يىل5-ئايغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتقان. سەۋەپ: سۈيدۈڭ بازىرىدا يۈرگەندە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە شاپاق ئاتقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ، ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇنى ئۇرۇپ-قىيناپ سوراق قىلغان:

—سەندە مەسىلە بار، نېمە ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە شاپاق ئاتىسەن؟

— كۆرمەي قاپتىمەن. (زىخرۇللامنىڭ ئىقرارىچە كۆرمەي قالغان).

زىخرۇللام خورلاشقا چىدىماي ساقچى باشلىقىنىڭ ئاغزىغا ئۇرغان. ساقچىنىڭ ئىككى چىشى تۆكۈلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن زىخرۇللام قاماققا بۇيرۇلغان. ئۇ 1944-يىل 5-ئايدا تۈرمىدىن قاچقان. ئىسمىنى نودەرگە ئۆزگەرتىپ، خاڭلار-بىنەملەردە ئىشلەپ يۈرگەن. ئىسىم ئۆزگەرتىشتىن مەقسەت: گومىنداڭچىلارنىڭ يەنە

تۇتۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولغان. شۇ يىلى 10-ئايدىن باشلاپ يەنە ئۆز ئىسمىنى قوللىنىپ، ئۆيگە قايتقان. يەنە گومىنداڭنىڭ سەيسىسگە تۇتۇلۇپ، ياماتۇدا ماشىنا يولى ياساشقا سېلىنغان. ئىككى كۈندىن كېيىن گومىنداڭچىلار ئۇنىڭغا:

—سەن تۇڭگان ئىكەنسەن، تەرجىمانلىق قىلسەن!— ، دېگەن.

— مەن ئۇيغۇر، خىتايچە ئۇقمايمەن.

ئۇلارئىشەنمىگەن. تۆمۈر زىقنى قىززىتىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ياققان. قولنى باغلاپ دەريا بويىغا ئەكىلىپ:

—راستىڭنى ئېيت، ئېيتمىساڭ يا ئېتىۋېتىمىز، يا دەرياغا تاشلايمىز!- دەپ پوپوزا قىلغان. ئەمما، ئۆلتۈرمەي، يەنە زەي تۈرمىگە سولىغان زىخرۇللام 16 كۈن تۈرمىدە يېتىپ، ئاندىن ئەمگەككە سېلىنغاندا قېچىپ قۇتۇلۇش قارارىغا كەلگەن ھەمدە دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ قاچقان. 11 -ئاي بولغاچقا، سۇ جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇق ئىدى. زىخرۇللام ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە ئامان-ئېسەن يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن جەبىرلەرنى ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەن. بىرلىشىپ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاپقا قاتنىششىنى تەشەببۇس قىلغان. نەتىجىدە، ئۆزى بىلەن جەمى12 يىگىت 1944-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجا شەھرىگە كىرىپ، يېڭى تەشكىللىنىۋاتقان «مىللى ئارمىيە» 4-پولكقا تىزىملاتقان. ئەتىسىلا لەڭشاڭ سوقۇشىغا قاتنىشىپ، باتالىئونغا مىنامىيوت توشىغان. تاكى 1946- يىل8-ئايغىچە پولكتاجەڭچى بولۇپ، لەڭشاڭ، ھەيرەنباغ، ئايرودورۇم، جىڭ، شىخۇسۇقۇشلىرىغاقاتناشقان.

1. ئايرودورۇم سوقۇشىدا دۈشمەننىڭ ئىككى پىلمىيوت، 23 مىلتىقنى قولغا چۈشۈرگەن.

2. جىڭ سوقۇشىدا گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ئوت توچكىسى بولغان ئۈچ پوتەينى يەتتە گراناتتا پارتلىتىپ، قىسمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، جەڭنى ئېلىشىغا يول ئاچقان. شۇ يىلى

يەنى 1945-يىل11-ئايدا «ئۇرۇش قەھرىمانى» نامى بېرىلگەن. «باتۇرلۇق ئوردېنى» ئالغان.

3. زىخرۇللام 1948-يىلدىن 1949-يىلغىچە ساۋەن پولكىدا جەڭچى بولغان. بۇ يىللاردا قالبىەك سوقۇشىغا قاتناشقان.[2] ئۇ ئۆز قىسمىدىن ۋە دۈشمەن قىسمىدىن ئۆلگەنلەر، يارىدارلارنىڭ قولىدىكى قورال-ئوق-دورىلارنى دۈشمەن تەرەپنىڭ ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پىداكاربولۇپ يىغقان. بەش مىلتىق بىلەن 600 تال ئوقنى ئۆز قىسمىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

4. زىخرۇللام 1949-يىلى 8-ئاپرېلدا «ئىستىقبالىيەت » ئالتۇن مېدالى، 1500000دوللار («شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پۇل بىرلىگى) بىلەن مۇكاپاتلانغان.

زىخرۇللام نادىروپ — 1949-يىلى4-ئايدىن 1950-يىلى1-ئايغىچە كومىندانت روتادا جەڭچى بولغان. شۇ ئايدا ھەربى سەپتىن بوشانغان (ئانىسىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن).

تۆۋەندىكىلەر قەھرىمانىمىزنىڭ «شەرقىي تۇركىستان ئارمىيسى» نىڭ ئاساسىي قوشۇنى قىسقارتىلىپ، 5-كورپۇسقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئەسكەرلىك ھاياتىدىن يازما پاكىتلار:

1950-يىلى 4-ئايدا كورپۇس (5—كورپۇس-ئاپتوردىن) شتابىنىڭ چاقىرىقى بىلەن قايتا ھەربىگە كىرىپ، جەڭچى بولغان.

1950-يىلى8-ئايدا بېيجىندا ئېچىلغان نەمۇنىچىلار كونفرانسىيىسىگە قاتناشقان ھەمدە «كۈرەش قەھرىمانى» مېدالى ئالغان.

1951-يىلى 1-ئايدا كوم ئىزۋۇت دەرىجىسگە كۆتىرىلگەن.

1951-يىلى 4-ئايدا 5-كورپۇس نەمۇنىچىلار كونفرانسىيىسىگە قاتناشقان.

1951-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ ئوقۇش روتىسىدا كۇرسانت

بولغان. (1952 -يىل 3-ئايغىچە)

1951-يىل 12-ئايدا غەربىي-شىمال نەمۇنىچىلار كونفرانسىيىسىگە قاتناشقان.

1951-يىلى 5-كورپۇستا كىيىم-كېچەك، ئىزناك بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1951-يىلى غەربىي-شىمال دالا ئۇرۇش ئارمىيەسى بويىچە كىيىم-كېچەك، مېدال مۇكاپاتى ئالغان.

ئۇ— ناھايىتى باتۇر ۋە قىززىق قان ئىدى. ئۇ گومىنداڭغا قارشى نىلقا پارتىزانلىرى قاتارىغا، ئاندىن غۇلجىدا پولك شتابقا كىرگەن:

—ئۆز ئىختىيارىم بىلەن گومىنداڭ چېرىكلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قاتناشتىم، -دەيدۇ ئۇ.

دىققەت: تۆۋەندىكىسى زىخرۇللامنىڭ قاتتىق سىياسىي بېسىم ئاستىغا ئېلىنغان كۈنلىرىدە يەنى «مەپكۇرە تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ، مەيدان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرغان تەكشۈرۈشنامىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى.

مەپكۇرەمدىكى ئەھۋاللار:

1. كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم:1951 -يىلى كورپۇستا يۈرگۈزۈلگەن «جاپا ئېيتىش»ھەرىكىتىدە داھىي ماۋزېدوڭنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشىنى ئۆگىنىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمنى ئۆزگەرتتىم.

2.. خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە كۆز قارىشىم، خىزمەت ئىستىلىمدىكى كەمچىلىكلىرىم:

1. مەنكى زىخرۇللام 1952-يىلى كورپۇس تەركىبىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تەشۋىقات ئۈچۈن بارغاندا قولۇمغا قامچا تۇتۇپ سىلكىپ

سۆزلىگەچكە، بەزىلەر نارازى بولۇپ ئەرىزە سۇنغان.

2. چارۋىچىلىق رايونىدىكى خەلقنىڭ پانتۇركىست ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن قىلغان شىكايەت داكومېنتلىرىنى يولغا چۈشۈرۈپ قويغان.

3. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەسلىك، ئايالىم بار تۇرۇقلۇق «قىز ئالىمەن»دەپ يۈرۈشتەك خاتالىقلىرىم بولغان. <. جاپا ئېيتىش»ھەرىكىتىدە بۇلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇدۇم. تۈزەتتىم.

4. ئائىلە قىيىنچىلىقىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، باشلىقتىن، تەشكىلدىن ياردەم سورىغان خاتالىقىم بار. «جاپا ئېيتىش»تا تۈزەتتىم.......... گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى دەھشەتلىك تاياقلار بەدىنىمدە ئىز قالدۇردى. گومىنداڭ چىرىكلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قاتناشتىم. بۇ سىياسىي كۇرستا ساۋادىمنى تولۇقلىدىم. گېزىت-ژورنال ئوقىيالايدىغان بولدۇم. شۇڭا ئۆگىنىش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلسەم، ئۆگەنسەم دېگەن ئارزۇيۇم، تەلپىم بار[3]

نادىروپ زىخرۇللام. 1953-يىل 7-ئاينىڭ 24-كۈنى

بىرىنچى بايان:

زىخرۇللامغا «ئۇرۇش قەھرىمانى» نامى، «باتۇرلۇق ئوردېنى» بېرىلىش سەۋەبى:

«... باجىياخۇ ('سەككىز تام 'ياكى' سەككىز تۇتۇن'— ئاپتوردىن ئىزاھات) ئۇرۇشى دەھشەتلىك بولدى. دۈشمەن پوتەيلىرىگە يۆلىنىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى دۈشمەننىڭ نەچچە پوتىيىدىكى پىلمۇتلاردىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار قىمىر قىلىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. جەڭچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يىقىلاتتى. ئىس-تۈتەك ئىچىدە ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ چاغدا كاماندىر ئوتدېلىنىيە نادىروپ قاتارلىق تۆرت جەڭچى 'پوتەينى بىز پارتلىتايلى'دەپ

قاتتىق تەلەپ قىلدى. پوتەيىنى پارتلاتماي، ئالغا بېسىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى... زىنخرۇللام باشلىق ئۈچ جەڭچى ئالغا ئۆمىلەپ كەتتى. زىنخرۇللام پوتەيىنى تازا ئوچۇق كۆرۈۋېلىپ، بىر ئاددى خەرىتە سىزدى-دە، سېپىتوففا بېرىپ، كوماندىرغا دوكلات قىلىشنى تاپشۇردى. سېپىتوففا پىلىموت ئوقى تېگىپ يىقىلدى. دۈشمەن ئوق ياغدۇرۇشنى بىردەم توختاتتى. زىنخرۇللام پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالغا ئېتىلىپ، دۈشمەن پوتىيىگە گراناتا تاشلىدى. «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تۈنجى پوتەيىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ئىككىنچى پوتەيگە يېقىنلاپ گراناتا تاشلىدى، ئۆزى يەر بېغىرلاپ يېتىۋالدى. يەنە «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قويۇق، قاڭسىق ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈچىنچى پوتەيگە يەر بېغىرلاپ يېقىنلاشتى. دۈشمەنلەرنىڭ قاچماقچى بولۇپ، پوتەيدىن چىقىۋاتقىنىنى كۆردى. زىنخرۇللام ئۇلارغا دەرھال گراناتا تاشلىدى. ئارىلىق بەك يېقىن بولغاچقا، پارتلىغان گراناتا پارچىسىدىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭ يانپىشىنى زەخىملەندۈردى.(4)

ئىككىنچى بايان:

«... باجىياخۇدىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى... بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىزلىككە سالغان، بىر روتا ئادەم سىققۇدەك قەۋەتلىك پوتىيى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولدى. بۇ ئىستىھكامنىڭ ئىككى يېنىدا بىرقانچە ئون ئوت ئېچىش تۆشۈكى بار ئىدى. غۇلجا زاپاس 4-پولك 1-باتالىئون جەڭچىسى نادىروپ تۆرت جەڭچىنى باشلاپ ئىستىھكامنى پارتلىتىشقا ماڭدى. يىگىرمە مېتىرچە قالغاندا دۈشمەن سېزىپ قېلىپ، يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. بىرجەڭچى قۇربان بولدى، ئۈچى يارىلاندى. زىنخرۇللام ئارمىيىمىزنىڭ ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە ئىستىھكامنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئۇ بىرتوپ-بىرتوپتىن باغلانغان گراناتلارنى ئوت توچكىلىرىغا ئارقا-

ئارقىدىن تاشلىدى. يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ بۇ ئۈچ قەۋەتلىك ئىستىھكام گۇمۇرۇلۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەرگە چاپلىۋەتتى. پۈتۈن قىسمىمىز سەپ بويىچە «ھۇررا!» ساداسى ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۈچىنچى بايان:

زىخرۇللام — قەددى-قامىتى كېلىشكەن، بويى1:80 سانتىمېتىر كېلىدىغان، گەۋدىلىك، يۈزىدە ئازراق چېچەك ئىزى بار، قوي كۆزلۈك، ئوت يۈرەك-جاسارەتلىك يىگىت ئىدى.

1945 -يىلى11 — ئاينىڭ باشلىرىدا يەنىسخەيدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىق خوشاللىقتا چۆمدى. پولك باشلىقلىرى بىر-بىرلەپ گەمىلەردىن چىقىشتى. پولك دىۋىزىيەنىڭ پۈتۈن جەڭچىلەرگە «دىققەت!» كوماندىسى بېرىپ، ئاندىن كېيىن كوماندىر قىيۇمبەگ غوجىغا دوكلات بەردى.

قىيۇمبەگ غوجا قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئاچتى:

—ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار، جەڭچىلەر! سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىشىمىزدىن مەقسەت. بىز قانلىق جەڭلەرنى قىلدۇق. بۇ جەڭلەردە بىرىنچى باتالىئون بىرىنچى روتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. زىخرۇللام ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئىككى پوتىيىنى پارتلىتىپ، ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىگە ئاجايىپ تۆھپە قوشۇپ، قىسىملارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئېچىپ بەردى... زىخرۇللامغا «ئۇرۇش قەھرىمانى»دېگەن نام بېرىلدى. ئۇنىڭغا «باھادىرلىق ئوردېنى»تەقدىم قىلىنىدۇ!.

شۇ ھامان مەيداندا تەنتەنە ۋە كۈچلۈك ئالقىش سادالىرى تېخىمۇ جاراڭلاپ كەتتى.

زىخرۇللام باش كىيىمىنى قىڭغىر كىيىپ، كېلىشكەن قامەتلىك بەستى بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاس بېرىپ،

دىققەتتە تۇردى. پولك كوماندىرى 953 ــ نومۇرلۇق «باھادىرلىق ئوردېنى» نى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويىدى ھەمدە مۇنداق دېدى:

ــ سىزنى تەبرىكلەيمەن. رەھمەت سىزگە! ۋەتەن-خەلق سىلەردەك باتۇر ئوغلانلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ!

ــ رەھمەت پولكوۋنىك، ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا! ــ زىنخرۇللام ھۆرمەت سالىمى بەردى. تېزلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆز ئورنىغا قايتتى. مەيدان شاۋقۇن-چۇقانلىق ئالقىشلارغا تولدى. بىرتوپ جەڭچىلەر زىنخرۇللامنى كۆتىرىپ ئاسمانغا ئاتماقتا، بەزىلىرى شاپكىلىرىنى ئاسمانغا ئاتماقتا «ھۇررا، ھۇررا... !»[5]

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر «باھادىرلىق مېدالى»، ئىككى «پىدايى مېدالى» ئالغان جەڭچى بولدى.

3. زىنخرۇللام «11 بېتىم» دىن كېيىن، ھەربى سەپتىن چېكىنىدۇ. يېزىسىغا قايتىپ، دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

4. 1948- يىلى «مىللىي ئارمىيە» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 4 يىللىقىنى تەبرىكلەش تەنتەنىلىك مۇراسىمىغا كۆرەش قەھرىمانى زىنخرۇللامنى تەكلىپ قىلىپ، «ئازادلىق ئوردېنى» تەقدىم قىلىش قارار قىلىنغان. ئەپسۇسكى، زىنخرۇللام نادىروپىنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغانلىقتىن، ئۇنى تېپىش «مىللىي ئارمىيە» ھەربى ئالى سوت باشلىقى غېنى باتۇرغا يۈكلىنىدۇ. سۈر-سۈر قىلا-قىلا زىنخرۇللامنىڭ سەبداشلىرىدىن ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غېنى باتۇر قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنى (مەن شۇۋاقىتتا ھەربى پروكوراتۇرانىڭ مەسئۇل كاتىپى ئىدىم) ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۈرمىلەردىن ئاقتۇرۇپ تېپىشقا تەشكىللەيدۇ. كاپىتان ئۆمەرجان ئىمامنىيازوف بىلەن ماڭا غۇلجا تەۋەسىدىكى تۈرمىلەرنى قىدىرىش يۈكلىنىدۇ. بىز ئالدى بىلەن غۇلجا ناھىيىسىدىكى تۈرمىلەرنى قىدىردۇق، يوق. شەھەرلىك

ساقچى تۈرمىلىرىنىمۇ ئاقتۇردۇق، يوق. ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت ساقچىخانىسى قالدى. ئۇ يەردە پاروتچىك پاگونى ۋە ئوفىتسېر بەل تاسمىسى تاقىغان، ناگان ئېسىۋالغان، شاپ بۇرۇت، قارامتۇل، دوغىلاق بىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇ كىشى دەل موللاخۇن لوزۇڭنىڭ ئۆزى بولۇپ، كاپىتان ئۆمەرجان ئۇنىڭ بىلەن تونۇش ئىكەن. ئەمما، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان بۇ ئادەمنى مېنىڭ تۈنجى كۆرۈشۈم. ئۆمەرجاننىڭ دېيىشىچە، موللاخۇن لوزۇڭ جىڭ شۈرېن ۋاقتىدىن تارتىپ يامۇلدا ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. كاپىتان ئۆمەرجان بىزنىڭ غېنى باتۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن زىخرۇللامنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتى. ئۇ پىسەنت قىلماي:

— مەن تۈرمىدىكىلەرنى بەش قولدەك بىلىمەن. بىزنىڭ تۈرمىدە نادىروپ زىخرۇللام دېگەن كىشى يوق، —دېدى. ئۇ ئاخىرى:

—سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار. مەن ئادەملىرىمنى ئىشقا سېلىپ تېپىپ بېرىشىم مۇمكىن، —دەۋەتتى.

—غېنىكام: «موللاخۇن بۈگۈن نەدىن بولمىسۇن زىخرۇللامنى تېپىپ بەرسۇن، كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېگەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، غېنىكامغا سېنىڭ مۇجمەل سۆزۈڭنى ئېيتىپ بارساق، بىزنىڭمۇ، سېنىڭمۇ جاجاڭنى بېرىدۇ. تولا سۆرەلمىلىك قىلماي، بىرئامال قىل! زىخرۇللامنى تېپىپ بەرسەڭ، غېنىكامنىڭ سېنى قانداق خۇش قىلىدىغىنىنى بىلىسەنغۇ، دېگەندىن كېيىن ئۇ:

—توختىغىنە، بىزنىڭ تۈرمىدە پالانچىيوف، پۆكۈنچىيوف، زىخرۇللام دېگەنغۇ يوق. لېكىن مۇنۇر شاڭيۇنىڭ بالىسىنى ئۇرغان زىخىر دېگەن بىرنوچى بار. ئەشۇ بوپ قالمىسۇن يەنە، - دېدى.

بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۇتى كىشەنلەنگەن ھالدا كىسەك قۇيۇۋاتقان مەھبۇسلارتەرەپكە ماڭدۇق. موللاخۇن: — «ھەي زىخىر!» دەپ ئىگىز بوي، گەۋرىلىك، ئورۇقلاپ قارىداپ كەتكەن

بىر مەھبۇسنى چاقىردى. كاپىتان ئۆمەرجان سوراپ، ئۇنىڭ ھەربىدە بولغانلىقى، ئىسمىنىڭ نادىروپ زىخرۇللام ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى-دە، كىشەننى دەررۇ چاقتۇرۇپ، ئېلىپ كېلىپ، غېنى باتۇرغا تاپشۇردى. «مىللىي ئارمىيە»قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش داغدۇغىلىق مۇراسىمىدا گېنېرال ئىسھاقبېك تەنتەنىلىك ھالدا نادىروپ زىخرۇللامغا: «كۈرەش قەھرىمانى»دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنلىكىنى، «ئازاتلىق ئۈچۈن» ئالتۇن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئالتۇن ئوردېننى چىۋەر، مېھرىبان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز قولى بىلەن زىخرۇللامنىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ قويدى[6]

6. زىخرۇللامغا 1951-يىلى5-كورپۇس (كوممۇنىستلارنىڭ قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن قىسقارتىلغان ۋە نامى ئۆزگەرتىلگەن مىللىي ئارمىيە قىسمى) بويىچە «ئالى دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى» نامى بېرىلگەن.

7. ئۇ 1952-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلۈپ، كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن ھەمدە مەيدان تەمىنات بۆلۈمىدە ئىسكىلاتچى بولغان. زىخرۇللام بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئالى دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى» نامىغا ئېرىشكەن «قىزىل ئارمىيە»12-كورپۇستىكى لى چاڭلىن بولسا، ھەربى رايون باشلىقى دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن[7]

زىخرۇللام كۆكدالادا ئىشلىگەن مەزگىللەردە يۇقۇرى بېسىملىق سىياسەت ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى جاسارىتىنى تىنچ كۈنلەردە پىتنە-تۆھمەت بىلەن سۇندۇرۇشقا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن. نادىروپقا: ھاراقكەش، ماجىراچى، رەھبەرلىككە قارشى چىققان، ھەتتا، بىرقېرىن ماينى، بىر تۇلۇم قىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان... دەپ تۆھمەتلەر چاپلانغان. يۇقۇرىدىكى ئۆزىنىڭ ئىقرارنا مىسىدا يازغىنىدەك ئاتالمىش «خاتالىقلىرى»

ئاۋامنى قايمۇقتۇرىدىغان «جاپا ئېيتىش» ھەرىكىتى ۋاستىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋەتەننىڭ بارلىق «كۆكدالالارى»ئۈچۈن، بۈگۈن ئۆزىگە تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇۋاتقان مۇشۇ نادان خەلق ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن قۇچاقلاشما جەڭلەرگە ئۆزىنى ئاتقان، جىڭ سوقۇشىدا يارىلىنىپ، ساقايمىغان يارىسىنى چىڭ تېڭىپ، شىخو جەڭ مەيدانىدا مىنامىيوتنىڭ قۇرۇق ستۇۋۇلىنى كۆتەرگىنىچە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، شىخو بۇتخانىسىغا بۆسۈپ كىرگەن، تېخى توختىمىغان ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە گاھ ئۆمىلەپ، گاھ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، جەڭ مەيدانىدىن ئولجا مىلتىق-ئوق-دورا تەرگەن، جەڭ مەيدانىدا دۈشمەننى يەكمۇيەك شىردەك قۇۋۋەتكە تولغان بۇ ئەزىمەت كۆكدالانىڭ كەڭرى دالالىرىدا غېرىبسىنىپ چۈشكۈنلەشكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قان-جان، ياش-باش ھەممىسى تۆكۈلدى. ئەمدى زەرداپ تۆكۈلمەكتە... > ئىدى.

تاكى 1962-يىلغىچە ئۇ تىل-ھاقارەت ئاستىدا، يوقسۇزچىلىق ئازابىدا، خارلىق-زارلىقتا ياشىدى. «ئەمگەكچىلەر مەيدانى» نىڭ ئاشلىق سورتلىرىنى ياخشىلاش مەيدانىدا، بۇ مەيداننىڭ چارۋىچىلىق ئەترەتلىرىدە ئۇنى سۆرەپ يۈرۈپ قانچە قېتىملاپ كۆرەشكە تارتىشتى، بەزىلەر بارماقلىرى بىلەن پىشانىسىگە جونۇسا، بەزىلەرىيۈزىگە تۈكۈردى. ئەمدىكى «ئۇرۇش» مانا بۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى. قەھرىماننىڭ ئەمدى نە مىلتىقى، نە بىر پاي ئوقى بولسىچۇ كاشكى... ئۇنىڭ بىلەن سوغۇق ئاكوپلاردا تاشنى ياستۇق قىلىپ، دىر-دىر تىترەپ قىش كېچىلىرىنى بىللە ئۆتكۈزگەن سەپداشلار قېنى؟

ئارقا-ئارقىدىن بېرىلگەن شان-شەرەپ، مېداللار نەدە؟5-كورپۇس دېگىنى ئەسلىدە بىر ئالدامچىلىقمۇ؟

1962-يىلى12-ئاينىڭ 10-كۈنى. كېچە. سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا ئىشلىگەن زىخرۇللام نادىروپ ئاچ-زېرىن ھالدا ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە قايتقان ئىدى. قار ئارىلاش

يېغىۋاتقان يامغۇر يولنى تېيىلغاق قىلىۋەتكەن. «سانائەت ئۆستىڭى» شاقىراپ ئاقماقتا. ئۇ كۆۋرۈككە قەدەم ئالدى، ئەتراپ دوزاقتەك قاراڭغۇ. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ چېتىدىكى قاتار-قاتار قوزۇقلارنى تۇتۇپ، ئېھتىيات بىلەن بىرقەدەم، بىر قەدەمدىن بېسىپ كېلەتتى. تۇيۇقسىزئۇنىڭ زور بەدىنى «پۇلاڭگىدە!» قىلىپ قالدى. ئۇ سۇ بىلەن ئېلىشتى، قاش دەرياسىغا 11-ئاينىڭ سوغۇقىدىن قورقماي، ئۆزىنى ئېتىپ، گومىنداڭچىلاردىن قېچىپ قۇتۇلغان زىخرۇللامنىڭ بۇ قېتىم دەريادىن ئەمەس، ئۆستەڭدىن ئۈزۈپ چىقىشقا مادارى يەتمىدى. ئۇنى ھېچكىم قۇتقۇزمىدى. مۇدھىش كېچە، ئۇزۇن كېچە، تاڭ ئاتماس كېچە ھۇۋۇللاپ، ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىنى يالماپ يۇتۇپ تىنجىدى...

ئۇ 38 ياشلىق قىران ئەركەك ئىدى.

ئانا تۇپراقنىڭ ھەربىر غېرىچىنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن «ھۇررا!»تۇۋلاپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا شىردەك ھۆكۈرەپ ئۆزىنى ئاتقاندىمۇ، جەڭ سوقۇشىدا ھۇجۇم توچكىلىرىدىن ئوق ياغدۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكىرى بىلەن ياردار ھالىتىدە ئېلىشقاندىمۇ ئۆلمىگەن زىخرۇللامنىڭ تىنىلغان يۈرىكى—ئارمانلىرىغا قانمىغان، كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈستىدە ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقان، ئەمما، بىرمۇ يېشىمگە ئېرىشەلمىگەن سوئاللىرىنى تۇنجۇققان قەلبى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ باتۇر ئۇيغۇرجەڭچى ئىكەنلىكى، بىر شىر يۈرەك قەھرىماننىڭ ئاچچىق تارىخى بىزگە مىراس بولۇپ قالدى.

باتۇرىمىز زىخرۇللام خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن. باتۇرغا بېغىشلانغان يادنامىنى بىللە ئوقۇيلى:

## زىخرۇللا

ئابدۇساتتار ناسىرى

*«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» جەڭچىسى، كۈرەش قەھرىمانى زىخرۇللا نادىروۋقا بېغىشلايمەن.*

سىز تۇرمىدىن قاچقاندا،
مەن تۇغۇلغان ئىدىم.
بۆشۈكتە يېتىپ،
سىز ئۈچۈن كۆپ غەملەر يىدىم.
سىز ئەل ئۈچۈن
جىلغ ۋە شىخۇدا
پارتلاتقاندا ياۋلار ئىستىھكامىنى
مەن: ئوت ئىچىدە بىرقەھرىمان ئوغلان
تۇغۇلدى، دېدىم.
سىز كۈرەش قەھرىمانى
مەن بولسام بوۋاق.
سىز مەن ئۈچۈن
مەن سىز ئۈچۈن،
سىز ئۇرۇش ئىچىدە
مەن ئانامنىڭ قۇچىقىدا
بىرگە يېتىلدۇق...
سىزنىڭ كۆكرىكىڭىزدە
«باھادىرلىق مېدالى».
مېنىڭ بوينۇمدا كۆزمۇنچاق، تىلتۇمار،
سىز نۇرانە قەدەمدە
مەن تە-تەلەپ مېڭىپ
ئۇلۇغ سەپكە قېتىلدۇق...
سىز قەھرىمانلار ئەنجۇمەنىگە ماڭغاندا
مەن ماڭدىم جىلتامنى ئېسىپ،

مەكتەپكە ــ بىلىم كانىغا.
1962 -يىل مەن قاتناشتىم
ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا.
ئەپسۇس،
كۆكدالا «يالغۇز ياغاچ كۆۋرۈكى»دە
سىز ئۇچراپ تۇيۇقسىز
تەبىئەت بىلەن ئەجەلنىڭ
قىش-زىمىستانىغا...
ۋاقىتسىز كېتىپسىز
ئۇ دۇنياغا ــ
جەننەت گۈلىستانىغا...
ئوت ئىچىدە كۆيمىگەن باتۇر،
ئوق ئىچىدە ئۆلمىگەن باتۇر.
ئاھ! زىخرۇللا
نەدىن كەلدى سىزگە
بۇ ئەجەل، بۇ ئوق!
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانىغا!...
مانا ئاتمىش يىل ئۆتۈپتۇ بۈگۈن،
سىز جەڭدىن، مەن ئانىدىن تۇغۇلۇپ،
ھەرەمباغدا روھىمىز
ئۇچراشقىنىغا.
مەن ھازىر ھاياتمەن تېخى،
ياشاۋاتىمەن، روھىڭىزنىڭ تىل تۇمارىدا.
ھە، مەنمۇ ئايلاندىم
بېشىمدىن كۆپ كەچمىشلەر ئۆتۈپ،
يىللارنىڭ سالاپەتلىك چالىغا!
لېكىن سىز ئۆلمەس روھ
يىقىلماس ئابىدە بولۇپ،
ئايلاندىڭىز
ئانا زېمىن باغرىدىكى،

سەبى بالىغا...
ھە، شۇنداق،
تېنىڭىز كۆكدالادىكى،
«چولپان مازار»غا كۆمۈلگەن بىلەن
روھىڭىز ھايات!
گويا «قىشلاق تام»لىق
ئەركىن ئوغۇلسىز — پادا ھەيدەپ كەلگەن،
دەريابويى — سېرىق چېچەكلىك
گۈزەل دالىغا!...

«ئىلى دەرياسى ژورنىلى» 2004 -يىل 5 -سان.

## زىخرۇللا

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

زىخرۇللا، زىخرۇللا!
شىۋىرلايدۇ غازاڭلار
چاقناپ تۇرار يۇلتۇزلار
يوقالمايدۇ تاغ-دەريا
كېچىلەر ۋە كۈندۈزلەر...
زىخرۇللا، زىخرۇللا!

مەقبەرىڭىز ئۈستىدە
چۇرۇقلىشار قۇشقاچلار
كېچىلەردىن تاڭغىچە...
زىخرۇللا، زىخرۇللا!

ئىغاڭلىشار دەرەخلەر
توۋلىشىدۇ ئورمانلار

سايرىشىدۇ بۇغدايلار...
زىخرۇللا، زىخرۇللا!

ئىككى سەپ بوپ باللار،
چالما كېسەك ئوينايدۇ.
كۆكدالانىڭ كوچىسىدا...
زىخرۇللا، زىخرۇللا!

ۋارقىرىشار دېھقانلار:
«ئىچ هاراقنى، ئېيت ناخشا،
هايات دېگەن بەك قىسقا،
هارماي كەتمەن چاپقانلار
ئېيت ناخشاڭنى دېھقانلار...»

سۇسىز يازدا قىر بويلاپ،
سۇغا ماڭغان ئەپكەشلەر
ئازدۇرماڭلار هەي، قىزلار...

كۆكدالا
گادىيىڭمەن ئېتىزدا
قۇشقىچىڭمەن ئېتىزدا

بىرشەپە بار ئارقامدا
دۈپۈلدەيدۇ كۆكرەكلەر
پايىدا بىلەن قايتتۇق
ئېسەدەيدۇ يۈرەكلەر

ئېيىت ناخشاڭنى دېھقانلار...
قوشاقچىمەن ئېتىزدا،

سەپ-سەپ تۇرغان يىگىتلەر
كۆك سۇۋادان تېرەكلەر

كۆكدالانىڭ كوچىسىدا...
سوقما تاملىق ئۆيلەردە
ئىس چىقىدۇ تۈرخۈندىن
خوپ ياشىماق كېرەكقۇ
سۆزلەپ كەلدۇق بۈرۈندىن...
«بىرقوشاققا بىر پۈرچاق...»
«سادىر بالام... » دېگەنغۇ
چالما ئېتىپ تونۇرنى،
پارتلىتىۋېتىش كېرەكقۇ...

*«ئىلى دەرياسى ژورنىلى»*
*2007 - يىل 1 - سان.*

ئىزاھاتلار:

(1)، (2)، (3) رۇزى مۇھەممەت تەمىنلىگەن ئارخىپتىن ئېلىندى.

(4) «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 11 - سان. مۆمىن سەپىرى، 12 - بەت.

(5) «ماناس دەرياسىدىن قايتىش»، ساۋدانوپ زاھىر، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 64 - بەت.

(6) «مەن ھەقدار بولغان ئىشلار»، ھاكىم تۇرسۇن سادىروپ، «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى»، 248 - بەت.

(7) رۇزى مۇھەممەت تەمىنلىگەن ئارخىپتىن ئېلىندى.

(8) رۇزى مۇھەممەت تەمىنلىگەن ئارخىپتىن ئېلىندى.

# «شەپقەت-ھەمشىرىسى — رىزۋانگۈل»گە بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش

2023-يىلى 13-يانۋار كۈنى «مىللىي ئارمىيە»نىڭ جەڭچىسى، باتۇر «شەپقەت-ھەمشىرەسى» رىزۋانگۈلنىڭ قۇربان بولغىنىغا توپتوغرا 78 يىل تولغان كۈندۇر. ئۇنىڭ پاك قېنى تۆكۈلگەن ئەشۇ زىمىنغا ئالتۇندىن ھەيكەل قاتۇرۇش ئارزۇيىمىزبىركۈنى چوقۇم ئورۇنلانغۇسى!

بۇ ماقالە — 2014-يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان «دۇنيادىكى تۆھپىكار ئاياللار- خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان. يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ كېڭەيتتىم!



جەڭ مەيدانىدىكى رىزۋانگۈل ھاشىم قىزى.
رەسسام : جېلىل داۋۇت




## تورزۇماس گۈل

قادىر ھەسەنوف

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
سۇلدى دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جانىپدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل.

ئەل بەختىنى ياد ئېتىپ،
دۈشمەنلەرنى قىلىپ كۈل.
باش ئەگمىدى دۈشمەنگە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل.
ئۇ بىر تورزۇماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلي قىزىلگۈل.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدە شۇنداق بىر زېمىن بار. يەر ئاستىدا نېفىت دېڭىزى داۋالغۇيدۇ. يەر ئۈستىدە تارىم، ئىلى، زەرەپشان، قاش، قايدۇ... دەريالىرى؛ بۇغدا، سايرام، قاناس، لوپنۇر كۆللىرى ئۆركەشلەيدۇ.

دەريالار بۇغدايلىقلارنى، كېۋەزلىكلەرنى، جەننەتتەك باغلارنى سۇغا قاندۇرسا، يۇرۇڭقاش دەرياسىدا تىنىپ ياتقان قىممەتلىك قاشتاش بايلىقى دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئالتاي تاغلىرى ياقۇت كانى بولسا، تەڭرىتاغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئوران، ئالتۇن، كۆمۈر، كۆكتاش... ساناپ تۈگىتەلمىدىم. بىر ماتېرىيالدىن تەڭرىتاغىنىڭ ھەر گېكتارىدىكى قارىغاينىڭ زىچلىقى 320 كوپمېتىر، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە تاغلىرىدىكى قارىغاينىڭ ھەر گېكتاردىكى زىچلىقى 300 كوپمېتىر، چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىكى قارىغاينىڭ ھەرگېكتاردىكى زىچلىقى بولسا 200 كوپمېتىرئىكەنلىكىنى ئوقۇغان ئىدىم. شۇنچە باي، شۇنچە گۈزەل، شۇنچەكەڭ بۇ زېمىن مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان بايلىق كانىغا ئايلانغان ئەشۇ زۇلمەتلىك يىللار، يەنى، 1762 - يىلى مانجۇغا قارشى تىغ كۆتەرگەن جاھانگىرخوجانىڭ كاللىسى كېسىلگەندە، ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ، قوماندانسىز قالغان قوشۇننى يېتەكلەپ قولىغاقىلىچ ئالغان، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان ئۇيغۇرنىڭ باتۇر قىزى — مەمۇرە ئەزىزەم خېنىم (1) ئىدى.

ئارىدىن توپتوغرا 182 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى قىز-يىگىتلەر 2 -دۇنيا ئۇرۇشى جەڭ مەيدانلىرىدا باسقۇنچىلار بىلەن مۇرەسسەسىز جەڭ قىلىۋاتقاندا، ۋەتىنىمىزدىمۇ گومىنداڭچى خىتاي باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش بولىۋاتاتتى. مىلتىق، تاپانچا، بومبا، كالتەك-توقماق، لوم تۆمۈر كۆتەرگەن ئەركەكلەر ئارىسىدا ئۇلاردىن ئارتۇق بىر قورالنى، يەنى، لىق دورا، داكا-بىنت قاچىلانغان سېستىرالار سومكىسىنى كۆتەرگەن قىزلار— رىزۋانگۈل ھاشىم، رۇشەنگۈل شاۋكەت، ئايشەگۈل، ھەجەر، رىزۋان ئايۇپ، نىنا (رۇس)، رەيھانە، پاتىمە (تۇڭگان)، رۇسە (رۇس)،

رىزۋان ناسىر، ئاقسۇ فرونتىدا تۇخان، ئايشەمخان... ۋە ئىسمى ئۇنتۇلغان نۇرغۇن ئوت يۈرەك جەڭچى قىزلار، ھەتتا، قىز بالا ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ، ئەركەكچە كىيىنىپ، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغان سانىيەدەك (بۇ رېئال ۋەقەنى دوستۇم گۈلنارنىڭ گېنىرال ئاتىسى- ئەزىزوپ قاسىم ئاتىمىز سۆزلەپ بەرگەن. ) قىزلارمۇ بار ئىدى. بۇ قىزلارنىڭ چوڭلىرى يىگىرمە ياش ئەتراپىدا، كىچىكلىرى ئون ئالتە ياشتا ئىدى.

بۇ ماقالىدا «شەپقەت ـھەمشىرەسى» نامى بىلەن تارىخىمىزدا ئۆچمەس نۇربولۇپ چاقنىغان، «ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تورزۇغان»ياش غۇنچە ــ رىزۋانگۈل ھاشىمنىڭ ھاياتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن، باتۇرغا بېغىشلاپ، ئۆزۈلمەي ئىجاد قىلىنىۋاتقان كۆپ خىل ژانىردىكى ئەسەرلەربىلەن تونۇشىمىز.

گەپنى زامانىمىز رىزۋانگۈللىرىنىڭ قەھرىمانىمىز رىزۋانگۈلنى قەلب تۆرىدە ئىززەتلەپ ساقلاۋاتقانلىقىدىن بىر ئىسپات كۆرسىتىش بىلەن باشلاي:

## رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىگە قاراپ

چىمەنگۈل ئاۋۇت

رىزۋانگۈل! ئوت يۈرەكسەن لاۋۇلداپ يانغان،
ماڭا ئوخشاش كۆيۈشلىرىڭ بار.
مەن تېخى ياشاۋاتىمەن،
سېنىڭ كۈلۈپ ئۆلۈشلىرىڭ بار.
رىزۋانگۈل!
سەن قان كەچكەن،
مەن ھايات قىسمەتلىرىنى كېچىۋاتىمەن.
سەن توغ تۇتقان،
مەن بوغۇزۇمدىكى يىغىنى يۇتۇۋاتىمەن.

رىزۋانگۈل! بۇلبۇلگويادەك كۈلمەن....[2]
سەن قىلىچ كۆتەرگەن يىگىتنىڭ يارىسىنى
داكا بىلەن تاڭغان.
مەنچۇ؟سۆيگەن يىگىتىمنىڭ پۇتىدىكى يارىنى،
بېشىمدىكى كۆك ياغلىقىم بىلەن تاڭغان!
سەن ئەلنىڭ قەھرىمانى، مەن تۇرمۇشىنىڭ...
سېنىڭ ئىسمىڭ رىزۋانگۈل،
مېنىڭ ئىسمىم چىمەنگۈل.
ئالقىنىڭنى ئاچ، يۈزۈمنى ياقاي.
پەلەك چەرخىدىن يۇلتۇزدەك ئاقاي.
ئەزىزىم، كەچۈرگىن!
مەندىن چىدام كۈتمىگىن بىردەم،
يىغلاپ تۇرۇپ يىقىلدىم. قانلىرىڭغا
قىزىل گۈل بوپ قېتىلدىم...
سەن دەسسىگەن توپىدا تۇز بار،
يوللىرىڭدا تىكەن ھەم ئىز بار.
يەنە تاڭ ئاتتى...
ئانىمىز نان ياققان تونۇرغا ئوخشاش،
كۆيەلەرمۇ بۇگۈنكى قۇياش؟؟!!
بىلىكىڭگە ئېسىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.
بى قاۋۇللۇقۇمغا ئۆزۈمنى مىڭ كاچات ئۇردۇم.
چۇل-چۇل بولدى پىغانىم،
لەيلەپ چۈشتى رومالىم.
ئالقىنىڭنى ئاچ! بارماقلىرىڭغا سۆيىمەن.
قىلىچ تۇتقان قول بۇ، دەپ،

بۇ شېئىر شائىرە چىمەنگۈلنىڭ جەڭچى رىزۋانگۈلنى سېغىنىشى، ئۇنىڭ ئورۇندالمىغان ئارمانلىرى ئۈچۈن كۆتەرگەن ھەسرەتلىك چۇقانىدۇر.

## سىنىڭ ناخشاڭ

راھىلە كامال

قۇياش مېنى ئۇنۇتتىمكىن؟
قولۇم سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق.
قىيىنلىمەن بولدۇم پەرىشان،
ئاھ! دېيىشكە ئۈنلىرىم بوغۇق.
لېكىن بىرسۆز ئەسلىسەم سېنى،
كۆڭلۈم تېگى چىرايلىق، يورۇق.
سېنى چاقىرسام گۈللەر ئەگدى باش،
كۆكمۇ ھەسرەتتە تۆكتى قارا ياش.
سەن كەزگەن تۇپراق، جەڭگاھلار ئارا،
بىرناخشاڭ قالدى، ئىسمى بېغىشلاش!
ناخشاڭدا قوي كۆزۈڭ ھەسرەتلىك ئىدى،
ئەمما، تىلىكىڭ نۇسرەتلىك ئىدى.
مۇھەببەت سەن ئۈچۈن تېخى سىر ئىدى،
ۋىجدانىڭ، ئەقىدەڭ قىممەتلىك ئىدى.
يەر بېغىرلاپ كېتىۋاتقىنىڭدا،
غۇنچە ئىدىڭ تۇپراقتىن ئۈنگەن.
كۆزۈڭ ئوچۇق ئېقىۋاتقىنىڭدا،
ۋىسال ئىدىڭ پىراقتىن چۈشكەن.
يىگانە ئىدىڭ سەنەملەر ئارا،
نېمىگە تېگىشلدى بەرنالىقىڭ؟
ياقىلار ئېتەك، ئاقلىرى قارا،
ئاسمانسىز قالدى ئەنقالىقىڭ.
ئۆزۈمنى ئالدىم سېنىڭ دالداڭغا،
كۆزۈمنى تىكتىم قارا ئاسمانغا.
يۈزۈمنى ياقتىم قىزىل تۇپراققا،
ناخشاڭنى يازدىم چەكسىز ئارماندا.
ئىسسىق قېنىڭدىن ئۈندى قىزىلگۈل،
شۇ گۈلنىڭ ئىسمى— سەندۇر رىزۋانگۈل!

## رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىگە قاراپ
ساجىدە سۇلايمان

تۇرار قولۇڭدا قورالىڭ مىلتىق،
مېنىڭ قولۇمغا خېنە يېقىلغان.
ھەربىيچەكىيىمىڭ، جەسۇر قامىتىڭ،
يىپەك كۆينىكىم چەكمەكتە پىغان.

سۈرىتىڭگە قاراپ بۇ دەقىق،
يوقالدىم دۇنيادىن ئۆچتى ئىزىم.
پارلاپ تۇرىسەن كۆكتە قۇياشتەك،
قانداق كېتەرمەن ئىزسىز، شۇ پېتىم... !

## رىزۋانگۈل
دىلبەر قەييۇم

مۇقەددەس تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەك،
باتۇرلۇق بابىدا ئاياللارمۇ بار.
شۇ ئايال زاتىدىن بولغاچقا مەنمۇ،
سېزىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار.

شاھ ھاجى بېغىدا تۇرغان سەپ ئىچرە،
بار ئىدى بىرمۇنچە شەپقەت-ھەمشىرە.
بۈركۈتتەك كۆزىنى تىكىپ جەڭگاھقا،
تۇراتتى رىزۋانگۈل كۈتۈپ ۋەزىپە.

سەبى يۈزىنى بويلاپ ئاققان قان،
سىرغىدى تامچىلاپ ئانا تۇپراققا.
ئۆتسىمۇ قانچە يىللار-ئەسىرلەر،
مۇڭلۇنۇپ سايرىدى ئىلى تورغىيى،

ياشايدۇ ئەل بىلەن باتۇر رىزۋانگۈل.
تەلپۈنۈپ ئالدىدا ياتقان ياپراققا.
پاك بولغاچ شېھىدنىڭ قېنى بى گۇمان،
ئۇنىڭ ماكانى - جەننەتۇل رىزۋان[3]

# رىزۋانگۈلنىڭ قىسقا، جەڭگىۋار ھاياتى

رىزۋانگۇل ھاشىم قىزى ــ 1926- يىلى قازاقىستاننىڭ ئالماتا ئوبلاستى چېلەك رايونىدا تېرە-يۇڭ سودىگىرى

ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 7 ياشقا كىرگەندە ئاتا-ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى «شەرق مەكتەپ» ۋە «ئۈمىد مەكتەپ»لەردە ئوقىغان. 1942-يىلدىن 1943 -يىلى 4 -ئايغىچە ئۆرۈمچى «قىزلار مەكتىپى»نىڭ بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقىغان. قايتىپ كېلىپ، ئىلى پوچتا-تېلىگىراف ئىدارىسىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان.(4)

رىزۋانگۇل ياشلىقىنىڭ بوسۇغىسىدىكى ھاياتىنى ياشاۋاتقان ئەشۇ يىللار- ياڭ، جېڭ ۋە شېڭ شىسەيلەرنىڭ زۇلمىدا تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئۈزۈۋېتىلگەن خەلق بېكىنمە قالدۇرۇلغان ئۇزاق يىللارنىڭ داۋامى ئىدى.

دەل شۇ يىللاريەنە سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلىدى. تېز كېڭىيىپ، 2 -دۇنيا دۇنيا ئۇرۇشىغا ئايلاندى. رۇس، پولەك، فرانسوز، گېرمان، ياپون، ئېنگلىس قىزلارۋەتىننىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا ئەركەكلەر بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان ئەشۇكۈنلەردە شەرقىي تۈركىستانلىق قىز-ئاياللارمۇ ئەركەكلەر بىلەن زۇلۇمغا، زالىمغا قارشى ئازاتلىق ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. ئۇلار گاھ مىلتىق ئېتىپ، دۈشمەننى ئۆلتۈرسە، گاھ يارىدارلارنى مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن ھاپاش قىلىپ، كۈچى يەتمىسە سۆرەپ دالدىغا يۆتكەپ قۇتقازدى.

نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

1944 ــ يىلى 11 ـ ئايدا غەلىبە قىلىپ، غۇلجا شەھرىگە ئۇرۇش ئوتى تۇتاشقاندا، رىزۋانگۈل خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ[5] «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»قۇرۇلغان كۈنى پىدايىلار سېپىگە قوشۇلغان. قىسقا مۇددەتلىك «سېستىرالار تەربىيەلەش كۇرسى»دا تەربىيەلەنگەن، قولىغا مىلتىق ئېلىپ، مۆرىسىگە سانىتاركا سومكىسىنى ئېسىپ، گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھرىدىكى ئاساسىي كۈچى جايلاشقان ھەرەمباغنى ئازات قىلىش جېڭىگە ئاتلانغان. 85 كۈن داۋاملاشقان قاتتىق جەڭدە تېخى مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ تەشكىللىنمىگەن پارتىزان پىدايىلارنىڭ قولىدىكى قوراللار ئاساسەن دۈشمەندىن تارتىۋالغان قوراللار ئىدى. ئېتىزدىن كەلگەن يىگىتلەركەتمەن-گۈرجەك-ئارا، كانلاردىن كەلگەن يىگىتلەر لوم تۆمۈرلەرنى كۆتىرىشكەن ئىدى.

1944 - يىلى 11 -ئاينىڭ 13 -كۈنى ئىدى. رىزۋانگۈل ھەرەمباغدىكى دۈشمەننىڭ ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە جايلاشتۇرغان ئۈچ پوتەيدىن تەڭلا ئوق يامغۇرى يېغىۋاتقان[6] شاھ ھاجىنىڭ بېغىدىكى ئۇرۇشتا ئۇدا ئۈچ ياردارنى قۇتقۇزغان. تۆتىنچى ياردار چوڭ ئاخۇن ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ:

-ھەرەمباغ سوقۇشىدا سېپىلغا يېقىنلىشىپ، گراناتنى ئاتاي، دەپ تۇرۇشۇمغا ئوق تېگىپ يىقىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا رىزۋانگۈل يېتىپ كېلىپ:

ــسىزگە ئوق تەگدى. مىدىرلىماڭ، -دېدى ۋە قولىنى بوينۇمغا سالدى. شۇچاغدا بۇرۇتلۇق بىرى كېلىپ مېنى يۆتكىمەكچى بولدى. رىزۋانگۈل قەتئى ھالدا ئۇنىڭغا:

ــسىز ئالدىنقى سەپتىن چېكىنمەڭ!ئۆزۈم يۆتكەپ كېتەلەيمەن!

ــ دېدى-دە، مېنى يۆلەپ ئۆمىلىدى.

مەن ئاغرىققا چىدىماي ئىنجىقلاۋەتتىم. رىزۋانگۈل ئۇنىلۇك ئاۋازدا:

—غەيرەت قىلىڭ، بەرداش بولۇڭ. ساقىيىپ كېتىسىز، -دېدى.

مەن ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ مېنىڭ قېنىمدا بويالغانلىقىنى كۆردۈم. مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغىنىنى تۇيدۇم.

رىزۋانگۇل قۇربان بولغان نەق مەيدان توغرىسىدا ئىككى خىل ئۇچۇر بار:

بىرىنچى. يەنەبىر ياردارنى -غۇلجا قارادۆڭ مەھەللىلىك قادىرنى ئوق يامغۇرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىۋاتقاندا قىزنىڭ بېشىغا ئوق تەگكەن.

—رىزۋانگۇل، ئاھ! رىزۋانگۇل، سەن ئۆلگىچە مەن ئۆلسەم بولمامدۇ! — دەپ نالە قىلغانىدى قادىر.

ئىككىنچى. رىزۋانگۇل سوۋېتتىن كەلگەن يەركەنتلىك ياش كوماندىرسەيدى تۇرسۇننىڭ 20 نەچچە كىشىلىك قەيسەرلەر گۇرۇپپىسىدا ئىكەن. گۇرۇپپا دۈشمەننىڭ سىرتقى يوشۇرۇن ئىستىھكامىغا دۈچ كېلىپ، قاتتىق ئېلىشىپ، ئىستىھكامنى پاچاقلىغاندا سەيدى تۇرسۇن ئېغىر يارىلىنىدۇ. شۇ چاغدا رىزۋانگۇل ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ سەيدى تۇرسۇننى ھاپاشلاپ مېڭىشىغا دۈشمەن ئوت كۈچىنى ئۇلارغا قارىتىدۇ. ئالغا مېڭىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن، رىزۋانگۇل بىرتەرەپتىن كاماندىرنىڭ ئاپتوماتىدا دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى دالدىغا سۆرەيدىكەن. شۇئاندا يەنەبىر يوشۇرۇن ئىستىھكامدىن ئېتىلغان ئوقلار رىزۋانگۇلنىڭ ئەجەل يېرىگە تېگىپ قۇربان بولىدىكەن. سېستىرا ھەجەر ياردارلاردىن ئىككىنى قۇتقۇزۇپ دالدىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۈچىنچى ياردارتەرەپكە ماڭغاندا ئېغىر يارىلىنىپ، قۇربان بولغان ئىكەن.(7)

رىزۋانگۇل قۇربان بولغانغا قەدەر ئىككى ئاي جەڭ مەيدانىدا پەرىشتەدەك تالاي جەڭچىلەرنى قۇتقۇزغان. ئۇنىڭ بىلەن ئەشۇ جەڭدە سېستىرا قىزلاردىن رەيھانە، شەۋقىيە، رازىيە، نىنا، رۇسە،

زىننەت... قاتارلىق 13 قىزبىللە ئىدى. ھەجەربىلەن رىزۋانگۈل بىر كۈندە قۇربان بولغان. نامىزى بىللە چۈشۈرۈلگەن. قولىمىزدا : ھەجەر-ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدىكى تۇخۇمچىنىڭ قىزى ئىدى، دېگەندىن باشقا ماتېرىيال يوق. تولىمۇ ئەپسۇس! يەنە بىر باتۇر قىزىمىزنى- رىزۋانگۈلنىڭ سەپدىشى ھەجەرنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز، ئۇنۇتمايمىز!

ھەرەمباغ ئازات قىلىنغاندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش باش شتابى غۇلجا شەھرىدە تەنتەنىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ، ھەرەمباغ سوقۇشى باتۇرلىرىغا شەرەپ مېدالى تارقاتقان. رىزۋانگۈلگە 17 -نومۇرلۇق «باھادىرلىق مېدالى»بېرىلگەن. رىزۋانگۈلنىڭ ئاتىسى ھاشىم شەرەپ سەھنىسىگە تەكلىپ قىلىنغان. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ سەھنىگە چىققان ئاتا كۆكرىكىگە مېدال تاقالغان.

### يەر شارى تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ!

-يەر شارى تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ. تۈن ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، كۈن ھامان چىقىدۇ، - دەپ غۇدۇرايتتى رىزۋانگۈل بەزىدە ئەتراپىغا قارىمايلا.(8)

مانا بۇ «ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپى»دە ئوقۇۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ سىياسى مەيدانى. ئۇنىڭ ناھايىتى ياش تۇرۇپلا ئەركىسىزلىك، ھوقۇقسىزلىقنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنساندەك ياشاش-ياشىيالماسلىقىدىكى نېگىزلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدۇر. دەل — ئۆزى ئۆلۈغ بىلگەن بۇ ئىدىئالوگىيە ئۈچۈن ياش جېنىنى تەقدىم قىلالىشىدىكى مەنۋىي كۈچتۇر.

رىزۋانگۈل كىچىكىدىنلا شوق، تېتىك، ھازىرجاۋاپ، ئەركىن مىجەزلىك قىز ئىدى. غۇلجىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى باللىرىنى پەننى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتقان، روس مائارىپى ئەندىزىسى «ئۈمىد مەكتەپ»، «ئىلى پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى»، «روس گىمنازىيەسى»... قاتارلىق مەكتەپلەردە ئومۇملاشقان، ئەمما، يەنە

بىرقىسىم ئاھالە ئوغۇللىرىنى خانىقالارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرسا، «قىزبالا تالانىڭ ئادىمى. يېشىغا يەتكەندە ئائىلە قۇرۇپ، بالىسىنى ياخشى باقسىلا بولدى» دەيدىغانلارمۇ بارئىدى. رىزۋانگۇل بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپتە چېغىدا قىزلار ۋالىبول كاماندىسىنى تەشكىللەپ، ئوغۇللار كاماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن. ترېنېرلاردىن ۋالىبول قائىدىلىرىنى سوراپ ئۆگەنگەن. ئۆزى ئاساسىي پاسچى ھەم ھۇجۇمچى ئىدى. 50-100-200 مېترلىق قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرەش مۇسابىقىلىرىدە سۈرئىتى ئالاھىدە تېز بولۇپ، 1 -لىكنى قولدىن بەرمەيتتى.... رىزۋانگۈلنىڭ ياخشى سپورتچى بولۇپلا قالماي، ياخشى ئارتىستكا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. (9) ئۇتېخى كانكىي ۋە لېژا تېپىلىش تەنھەرىكەتچىسى ئىدى. ئۇ يەنە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئىسلاھاتچىسى ئىدى. رىزۋانگۈل ياز كۈنلىرى قىسقا يەڭلىك ئاق ياكى ھاۋارەڭ كوفتا، قارا كۆك ياكى ماشرەڭ يوپكا. ئەترەڭلىك ناسكى بىلەن ئارا پاشنىلىق توفلى كىيىدۇ. بەزىدە چىمەن دوپپا كىيىۋالىدۇ. دوپپا ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدەك ياسىتىۋالغان چېچىغا بەك يارىشىدۇ. كۈز-ئەتىيازلاردا پاشنىلىق خىروم ئۆتۈك ياكى ئۇزۇن قونجىلىق بەتىنكە، قارا كۆك رەڭلىك شارابارا ئىشتان، بېشىغا زەڭگەر يۇڭ باشىنىك كىيىدۇ. رىزۋانگۈلنىڭ كىيىنىش ئۇسلۇبى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، باشقا قىزلارمۇ ئۇنى دوراپ كىيىنىشكە باشلىغان ئىدى...[10]

ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن، سىياسىي كۆزقارىشىنى دادىل، ئەركىن ئىپادىلىشى — دەل ئۇنىڭ ئەشۇ كىچىكىدىنلا يېتىلگەن، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان كۈچلۈك خاراكتېرىنىڭ پارتلىشىدۇر.

قەھرىمانىمىز رىزۋانگۈلنىڭ باتۇر- قەيسەرلىكى، ئالاھىدە مىجەز-خاراكتېرى ھەققىدە ئوچېرىك، رومان، ئەسلىمە، داستان شېئىرلاركۆپ يېزىلدى. تۆۋەندە بىرقىسمىنى تونۇشتۇرىمەن.

* * * *

ئەينى چاغدىكى گومىنداڭچىلار ئىلى ئىنقىلاپچىلىرىنى «ئالتە ئوغرىلار» دەپ كەمسىتىپ ئات قويغان بولسا، بۈگۈن ھۆكۈمەت كونتروللىقىدىكى تەزكىرە ئىدارىلىرىدا رەتلىنىپ، نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان يازمىلاردا: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» دەپ كىچىكلىتىدۇ، يەنە تېخى كەمبەغەللەرقوزغىغان ئىستىخىيەلىك كۆتۈرۈلۈش ئىدى، 1952- يىلى گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلۈپ، كەمبەغەللەر ھۆر بولدى، توق تۇرمۇشقا ئېرىشتى... دەيدۇ.

پاكىت شۇنداقمۇ؟ سودىگەرئائىلىدە تۇغۇلغان، غۇلجىدا «ئۇمىد مەكتەپ»نى، ئۈرۈمچىدە بۇغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، بانكىغا خىزمەتكە چۈشكەن. مۇقىم مائاشلىق، ۋىلىسىپىتنى قۇيۇندەك تېز مىنىپ، ئىشقا كېلىدىغان رىزۋانگۈل نامراتمىدى؟ روشەنگۈلچۇ؟ (مۇشۇ توپلامدىكى «جەڭگاھتىكى پەرىشتە ــ روشەنگۈل» گە قاراڭ).

رىزۋانگۈل ھاياتىنى ئاتىغان ئىنقىلاپ-نامراتلارنىڭ توپىلىڭى ئەمەس، ئومۇم خەلقتە دۈشمەننى ئاناۋەتەندىن سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆز دۆلىتىدە ئازات ياشاشتىن ئىبارەت پىششىپ يېتىلگەن ئاڭنىڭ يېتەكلىشىدىن پارتلىغان ئىنقىلاپ ئىدى.

**رىزۋانگۈل - خەلقىمىز سىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ!**

رىزۋانگۈلنىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى بىزگە تەۋەررۈك. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ قەبرىسى ئىز-دېرەكسىز قالدى. بۇ توغرىدا مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ مۇنداق يازىدۇ: «... بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلارنىڭ كۆپۈنچىسى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. مەھەللىسىدە قېپقالغانلار ئۆلارنىڭ ئەۋلادى بولىشى مۇمكىن. رىزۋانگۈلنىڭ يېقىن دوستلىرى رىزۋان ناسىر، سەلىمەلەر ئاتىلىرىدىن: رىزۋانگۈل «خەلپەم بۇزرۇكۋار» مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان، دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.[11]

كېيىن بۇ مازارنى تەنتەربىيە مەيدانىغا ئۆزگەرتكەندە، رىزۋانگۈلنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى دۆڭمەھەللە قەبرىستانلىقىغا[12] يۆتكىگەن، دېگۈچىلەربار. غۇلجا شەھەر 11 -رايوننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى «ئالتۇنلۇق مازار»دا[13] دېگۈچىلەرمۇ بار.

ھاياتنى ئوتتەك قىزغىن سۆيىدىغان، كېچە ئاخىرلىشىپ، قۇياشنىڭ پارلايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن، ئەشۇ ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىلەن ۋەتەنگە ياش جېنىنى تەقدىم قىلغان ياش يوپۇرماق، تېخى لەۋ يارمىغان غۇنچە قىزىلگۈلىمىز — رىزۋانگۈلنى 77 يىلدىن بۇيان سېغىنىۋاتىمىز. ياد ئېتىۋاتىمىز.

باتۇر رىزۋانگۇل — بىزمۇ سىزدەك قۇياشنىڭ ھامان پارلىشىغا ئىشىنىمىز!

باتۇر رىزۋانگۇل- ئەۋلادلىرىڭىز گۈل قويۇپ يوقلايدىغان قەبرىڭىزنى تاپالمىدۇق!

باھادىرىمىز رىزۋانگۇل- 17 - نومۇرلۇق «باھادىرلىق ئۇچۇن» مېداللىڭىزنى ساقلىيالمىدۇق. مۇزېيۇملارغا قويالمىدۇق!

سېستىرا رىزۋانگۇل- ساپ قېنىڭىز سىڭىپ كەتكەن ھەرەمباغقا مىس ھەيكىلىڭىزنى تىكلەپ، مىلتىق بىلەن دورا ساندۇغىنى نازۇك مۈرىڭىزگە ئاسقان جەسۇر قامىتىڭىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا كۆرسىتەلمىدۇق.

ئەمما، بىزسىزنى ۋە بارلىق باھادىرجەڭچىلىرىمىزنى ئۇنۇتمىدۇق، ئۇنۇتمايمىز! خەلقىمىز سىزئۈچۈن قەلبىدە ئابىدە تىكلىدى. ئەۋلادىمىز سىزنى مەڭگۈ سېغىنىدۇ!

*قېنى رىزۋانگۈل كۆكسىدىن ئاققان،*
*قاشنىڭ سۈيىدەك شوخ، پاكىزە قان؟*
*قېنى شۇ قانلار، جەڭگىۋار داستان،*
*كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.[14]*

*ئىلىدا كۆپ شائىر بار،*
*باتۇر بار ھەم سادىر بار.*
*لۇتپۇللا بار، نازىم بار،*
*رىزۋانگۈل، نازۇگۇم بار!*

**رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر، تەتقىقاتلار**

1. «ھەمشىرەم»—رىزۋانگۈل قۇربان بولۇپ، سەككىزىنچى كۈنى ئۇنىڭغا بېغىشلانغان تۇنجى شېئىر.

بۇشېئىر 1945 -يىلى 2 - ئاينىڭ 21 -كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئىلى گېزىتى»دە «ئىناق» تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورى: قاسىمجان قەمبىرى.

2. ئوچېرك - «شېھىد رىزۋانگۈل ھاشىم». يۇقۇرىقىساندا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورى:م. نورۇزۇف.

3. ئوچېرك— «شەپقەت -ھەمشىرەسى رىزۋانگۈل». ئاپتورى: زۇنۇن قادىرى.

«ئىلى گېزىتى»دە 1948 -يىلى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 -يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى» دەرسلىكىنىڭ 7 -قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.[15]

4. ناخشا تېكىستى — «رىزۋانگۈل». تارىخشۇناس، شائىر قادىر ھەسەنوف يازغان. ئاھاڭغا سېلىنىپ، كەڭ تارقالغان. بۈگۈنگىچە ئېيتىلماقتا، ياڭرىماقتا.

5. ناخشا تېكىستى— «ئەلنىڭ قىزى رىزۋانگۈل»ئۆزبېك شائىر تەلئەت ناسىرى يازغان. مۇزىكىسىنى ئۆزى. ئىشلىگەن.

6. سىمفونىيە — «رىزۋانگۈل». قازاقىستانلىق مەشھۇر كامپازىتور

قۇددۇس غوجامىيارۇف قادىر ھەسەنوف يازغان شېئىردىن ئىلھام ئېلىپ ئىشلىگەن سىمفونىيە بولۇپ، 1951-يىلى موسكۋادىكى بالشوي تىياتىرىدا ئورۇنلىنىپ، زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە «دۆلەت مۇكاپاتى» ئالغان.

7. داستان- «رىزۋانگۈل ھايات». ئاپتورى: ئاتاقلىق شائىر. يېتۈك ئەدەبىي تەرجىمان رەخىم قاسىم.

8. داستان- «بوۋامنىڭ ھېكايىسى» ئاپتورى: شائىر تۇر-سۇنمەھەممەت پەخىردىن 1982 - يىلى يازغان.

9. داستان- «رىزۋانگۈل» شائىرە دىلبەر قەييۇم يازغان. 1985-يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى».

10. شېئىر- «ياشاش كېرەك سىزكەبى» مۇھەممەتجان راشىدىن رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلىغابېغىشلىغان.

11. شېئىر- «ۋەتەن ئىشقىدا پەرۋانە» شائىر: م. يۈسۈپ. رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلىغا بېغىشلىغان.

12. شېئىر- «ئۇيغۇرقىزى رىزۋانگۈل» ئابدۇسالام توختى يازغان. رىزۋانگۈل ۋاپاتىنىڭ 60 يىلىغا بېغىشلىغان.

13. شېئىر- «رىزۋانگۈل» ئابدۇساتتار ناسىرى يازغان. «ئىلى دەرياسى ژورنىلى» 2004 -يىل 5- سان.


14. شېئىر- «كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار» شائىر:ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

15 شېئىر— «رىزۋانگۈللەر» شائىر:س. ھاجى يازغان. «شېئىرىيەت گۈلزارى»دا ئېلان قىلىنغان.

16. شېئىر- «رىزۋانگۈل» شائىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم «ئىلى دەرياسى ژورنىلى» 2005-يىل 11 -سان.

رىزۋانگۈل نامى بىئولوگىيە ئىلىم دۇنياسىدا ئەبەدىيلەشتى

بىئولوگىيە ئىلمى ھاشاراتشۇناسلىق ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان ئالىم، پروفېسسور- تۈرك ئوغلى ئەھمەد ئۆمەر كوچاك بىلەن بىئولوگىيە پەن دوكتورى، ھاشاراتشۇناس- ئۇيغۇرقىزى مۇھەببەت كەمال 2000 يىلى تەتقىقاتلىرى داۋامىدا بىرخىل قىممەتلىك كېپىنەكنى بايقىغان. بۇ گۈزەل كېپىنەككە قەھرىمان رىزۋانگۈلنىڭ نامىنى بېرىپ، باش شتابى گېرمانىيەدىكى «خەلقئارا ئىسىملەندۈرۈش كومىتېتى» غا ئەنگە ئالدۇرغان[16]


Name - Papilio (Papilio) machaon rizvangul Kocak & Kemal 2000

NAME DETAILS

LIFE SCIENCES IDENTIFIER (LSID)

urn:lsid:organismnames.com:name:1488951 [metadata]

REPORTED TAXONOMIC RANKS

Subspecies

REPORTED TAXONOMIC HIERARCHIES

Animalia (Kingdom)
Arthropoda (Phylum)
Insecta (Class)
Lepidoptera (Order)
Glossata (Suborder)
Heteroneura (Infraorder)
Papilionoidea (Superfamily)
Papilionidae (Family)

REFERENCES

ORIGINAL DESCRIPTION REFERENCE

- Nomenclatural notes on some taxa in the East Asia and the Pacifics (Papilionidae, Lepidoptera). Centre for Entomological Studies Miscellaneous Papers, 71, 11 December 2000: 1-6. [Zoological Record Volume 137]

View reference in:

Zoological Record

RECENT PUBLICATIONS

- Nomenclatural notes on some taxa in the East Asia and the Pacifics (Papilionidae, Lepidoptera).

## رىزۋانگۈلنىڭ نامى باشقا ژانىرلاردا

1. پوۋېست — «شەپقەت-ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل». تۇرسۇن ئەرشىدىن. «ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 2001 -يىل نەشرى. 2009 -يىل ئىككىنچى نەشرى.

2. ئەسلىمىلەر — «ئازاتلىق جەڭچىسى-رىزۋانگۈل» مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. مىللەتلەر نەشرىياتى. -2010يىل.

تەرجىمھال ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ كىتاپتا رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن ھاياتى تەپسىلى يېزىلغان.

ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقۇرى، ئىشەنچلىك.

3. رېئال ۋەقە- «ھەرەمباغ ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى». زاھىر ساۋدانوپ. «ماناس دەرياسىدىن قايتىش» 14 — 7 -بەتلەر. ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» 2010 -يىل 5 -نەشرى

4. ئەسلىمە- «مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىدا مەن ھەقدار بولغان ئىشلار» ئاپتورى: ھاكىم تۇرسۇن. تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى. 119 — 110 -بەتلەر.

5. «ھۆججەتلىك قىسسە — رىزۋانگۈل»—شايىم شابايوف. 2000— يىل ئالماتادا نەشر قىلىنغان.

6. رومان— «توزۇماس گۈل» — ئابدۇراھمان قاھار. ياشلار نەشرىياتى. 2013 -يىل نەشرى.

## رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى

بىرىنچى: رىزۋانگۈل تەتقىقاتى -ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربى جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلغانلىقى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، 5 يىل ھۆر ياشىغانلىقىنى پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا، ئىنقىلاپنىڭ ئالدى-كەينىدىكى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسى، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى رىزۋانگۈلنىڭ ھايات خاتىرىلىرى ئارقىلىق بىرقەدەر ئىنچىكە تەھلىل قىلىش، چۈشىنىشكە ئاساس بولىدۇ.

ئىككىنچى: پىدائىيلارنىڭ بىرقولىدا توقماق- تۆمۈر كۆتۈرۈپ، يەنەبىرقولىدا دۈشمەننىڭ قورالىنى تارتىپ ئېلىپ، باتۇرلارچە جەڭ قىلغانلىقى ئۇچېرىكلاردا تەكرار يېزىلغان. بۇ- خەلقىمىزنىڭ

دۈشمەننى ۋەتەندىن سۈرۈپ چىقىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئىشەنچىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار ئۈمىدنىڭ روھىي مەنبەسى — ئازادلىققا تەشنالىقنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېڭىدە يۇقۇرى چەككە يەتكەنلىكىدۇر. رىزۋانگۈل ھەققىدىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك ماقالىلارنى ئوقۇسىڭىز: «قاغىدەك ئايروپىلانلار، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلارئاستىدا دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىۋاتقان ئونلىغان رىزۋانگۈللەر، يۈزلىگەن ياقۇپ ۋەئەكبەرلەر[17] نى كۆرگەندەك بولىسىز. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى — بۈگۈنكى كۈندە تىڭىرقاپ قالغان ئەۋلادىمىزغا روھىي كۈچ بولماقتا.

ئۈچىنچى: باتۇر رىزۋانگۈلنىڭ خاراكتېرى — ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ قەيسەر، ئەقىللىق، كەسكىن خاراكتېرىدىن باشقا يەنە بىر تەرىپىنىمۇ بايقاش تەس ئەمەس. يەنى، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، ئاقكۆڭۈللۈك. رىزۋانگۈلنىڭ خاراكتېرى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ئەسەرلەردە بۇ بۇقىزنىڭ ئۆزىنى قىزلار بىلەن ئەمەس، يىگىتلەرگە سېلىشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، جەڭ مەيدانىدىكى رىزۋانگۈل تەسۋىرلىرىدە سەپداشلىرىغا، بولۇپمۇ يارىدارلارغا بولغان ئاقكۆڭۈل، سەمىمي، ئادىمىيلىكىگە، جانپىدالىقىغا كۆرە «شەپقەت-ھەمشىرىسى» دېگەن نامغا لايىقتۇر تۆتىنچى:رىزۋانگۈلگە بېغىشلانغان ئەسەرلەردە ئۇنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، زامانىۋىلىققا، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان قىز ئىكەنلىكىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مۇشۇ نۇقتىدا باتۇر رىزۋانگۈل 21 -ئەسىردىكى ھەممە ساھەلەر بويىچە تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەتكە دۈچكەلگەن زامانىمىز خانىم-قىزلىرىمىزغا ئۈلگە قىلىنغان.

بۇنىڭ راستلىقىغا بىرلا پاكىتنى كۆرەيلى:

توققۇزتارا ناھىيىسىدە ياشايدىغان ئابدۇخېلىل مىرخېلىل ئاكىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىدى. ئابدۇخېلىل ئاكا قىزلىرىنى

ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە يېتەرلىك بىلىمى بار، ساپالىق ئاتا ئىدى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تېمىغا رىزۋانگۈل، نازۇگۇم، ئايخان ئانا قاتارلىق قەھرىمان خانىم-قىزلارنىڭ پورترېتىنى، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆزىنىڭ بىر كوبلېت شېئىرنى چوڭ خەتلىك يېزىپ ئېسىپ قويغان:

*سىرلىق ئەمەس نازۇك[18] كەزگەن قۇمۇشلۇق،*
*ھەسرەتلەنمەڭ دەرتلەر كەلسە باشلارغا.*
*رىزۋانگۈلدەك شىجائەتلىك بولغاندا،*
*قىزمۇ ياشار مۆھۈر بېسىپ تاشلارغا![19]*

يۇقۇرىدا تىزىمغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە زامانىمىز شائىرەلىرىنىڭلا ئەمەس، شائىرلارنىڭمۇ رىزۋانگۈلگە بېغىشلىغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرىمىز. مەن مەنبەسىنى ئالالمىغان يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەر بار. قەھرىمانىمىزنىڭ ھاياتىغا قىزىققۇچىلارنىڭ داۋاملىق تولۇقلاپ كېتىشىگە ئىشىنىمەن.

يازمامنى شائىرلىرىمىزنىڭ شەپقەت ـ ھەمشىرەمىزگە بېغىشلىغان يۈرەك سادالىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي.

**ھەمشىرەم**

قاسىمجان قەمبىرى (ئىناق)

*ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشقا ئاتلانغان،*
*ئوق-پېلىميوت، بومبىلاردىن ساقلانغان.*
*ۋەتىنىنى دۈشمىنىدىن ساقلىغان،*
*دائىم مېنىڭ مېھرىبانىم ھەمشىرەم.*
*ئەي رىزۋانگۈل قۇڭغۇراقتەك ئاۋازىڭ،*
*قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك جامالىڭ.*

*تارىخدا ئۇنتۇلمايدۇ ئەۋلادىنىڭ،*
*قەھرىمانە كۈرەشچان قىز ھەمشىرەم.*
*ئەي كۆزلىرىم، پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغىن،*
*دوستلىرىڭدىن دۈشمىنىڭنى ئىلغىغىن.*
*دۈشمەن ئۆلسۇن، دوستلار قالسۇن دەپ تىلىگىن،*
*دوستلار ئۈچۈن مەن يىغلايمەن ھەمشىرەم.*
*سەبىر تىلەپ ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا،*
*تارىخ ئۈچۈن يازدىم ساڭا مەرسىيە،*
*تارىخىڭنى ھەر ۋاراقلاپ ئۆتكەندە،*
*سەن كېلەرسەن كۆز ئالدىمغا ھەمشىرەم.*

*1945 - يىل 20 - يانۋار.*

**رىزۋانگۈل**
ئابدۇساتتار ناسىرى

*ئەلنىڭ شەپقەت-ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل،*
*يۈرىكىمگە كىرىۋالغان بىر چوغسەن.*
*ئايرودورۇم، ھەرەمباغلار كۆيگەندە،*
*ئۇ ۋاقىتلار بوۋاق ئىدىم بۆشۈكتە،*
*ئوت ئىچىدە لەپىلدىگەن بىر تۇغسەن.*
*بەلكىم تېنىم روھىڭ بىلەن پۈتۈلگەن.*
*زۇنۇن قادىر يازغان ئاشۇ ھېكايە،*
*بىزگە ئۆلمەس دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن.*
*قايسى مەلئۇن ئاتتى ساڭا شۇ ئوقنى،*
*يىقىلغاندا... مەن ئىبسەدەپ يىغلىدىم.*
*سەپداشلىرىڭ ئاتاكىغا ئۆتكەندە،*
*پاك روھىڭغا دۇئا قىلدى ئانا يۇرت.*
*گويا مەنمۇ شۇ دولقۇنغا قېتىلدىم.*

*ئالى شىھىد بولۇپ كىردىڭ قەبرەڭگە.*
*ئىرادەڭدىن كۆلدى يېڭى بىر ئەۋلات،*
*مەنمۇ سۆزلەي ھېكايەڭنى نەۋرەمگە!*[20]

## رىزۋانگۈل

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

*كىمنىڭ يادىدىن كېچەر بۇ كۈنلەر،*
*سېنىڭ ھىجرىڭدە پۇچۇلدى يۈرەك.*
*گۈلگۈن پىيالىدۇر. ئۇن توققۇز يېشىم،*
*ياشلىق سەزگۈلىرى بولدى بى كېرەك.*

*ئىشىق سەھرالىرىدىن كەلدىم يارىدار،*
*گويا تۇغۇلۇپلا ئۆلدى يۈرۈكۈم.*
*بەلكىم سۆيمەيدۇ يۈرۈكۈڭ مېنى،*
*بەلكىم بۇ ئەزرىمەس مۇھەببەت ئۈچۈن.*
*ياشلىق ئىستەكلىرى ئويغانغاندىمۇ،*
*سۆيۈش-سۆيۈلۈشكە ئۈلگۈرمىدىڭ ھېچ.*
*سۆيگۈڭ، ياشلىقىڭ، ئارزۇ-ئارمانىڭ،*
*تىگشاپ بېقىشقا ئۈلگۈردۈڭ بەلكى،*
*تاش بورنىمۇ ھەرەمباغدىكى.*
*لېكىن ھەممىنى ئېپكەتتىڭ تىنچ.*
*خوشلاشقىنىڭدا ئاخىرقى قېتىم،*
*ئويلىغان بولغىيدىڭ كىمنى، نىمنى؟...*
*يارىلار ئەت ئالغان يانۋار تۈنىدە،*
*ياپار ئۈستىۈگنى قار ھەم زىمستان.*
*سۆيدۇ قەبرەڭنى ئون بىرىنچى ئاي،*
*سۆيمەن كەچكۈزنى سېغىنىپ ھامان.*[21]

## مەنبەلەر:


1. ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمى — مەمۇرە ئەزىزە خېنىم.

2. «ئۇيغۇر دېڭىزى» قازاقىستان «مىر» نەشرىياتى 2013 -يىل.

3. «قەشقەر ئەدەبىياتى ژورنىلى» -1985يىلى 2 -سان.

4. «رىزۋانگۈلنى ئەسلەيمەن». ئاپتورى: رىزۋان ناسىر. خەلق نەشرىياتى «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» توپلامى.

5. «ئازاتلىق جەڭچىسى- رىزۋانگۈل» ئاپتورى: مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. مىللەتلەر نەشرىياتى. -35بەت. 2010 يىل نەشرى.

6. «شەپقەت-ھەمشىرىسى- رىزۋانگۈل» ئاپتورى: تۇرسۇن ئەرشىدىن. ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 94 — بەت.

7. «مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاپ جەريانىدا مەن ھەقدار بولغان ئىشلار» ئاپتورى: ھاكىم تۇرسۇن سادىروف. تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى. 115 — 114 -بەتلەر.

8. «ئازاتلىق جەڭچىسى — رىزۋانگۈل» ئاپتورى:مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. ا248 -بەت.

9. «ئازاتلىق جەڭچىسى -رىزۋانگۈل» ئاپتورى: مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. 48 -بەت. يۇسۇپجان

10. «ئازاتلىق جەڭچىسى-رىزۋانگۈل» ئاپتورى: مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ. «مەن ھەقدار بولغان ئىشلار» ئاپتورى: ھاكىم تۇرسۇن. -82بەت.

11. يۇقىرىقى كىتاپ 226 — -227 بەتلەر.

12. دۆڭمەھەللە —غۇلجا شەھىرىدىكى قەدىمي، گۈزەل مەھەللە..

13. ئالتۇنلۇق— غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك مەھەللە نامى.

14. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىلى سۇلارى» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى.

15. «شەپقەت-ھەمشىرىسى» —ئوچېرك. ئاپتورى: زۇنۇن قادىر 1948 -يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئوچېرىك باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىقلارنىڭ «ئەدەبىيات دەرسلىكى»نىڭ 7 قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. خەلق نەشرىياتى -1989 يىل 4 -ئاي نەشرى. -230بەت.

16. Miscellaneous Papers (2- bet)

Sherqiy Asiya Ve Pasipiktik Bezi Taksonlar Heqqide Nomenklatur Hatiriliri (Papilionidae,Lepdoptera) Ehmet O. Kochak. Muhebbet Kemal. 2000 — yil.

17 «ئىنقىلابى قۇربانلار ئەسلىمىسى». رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ياسىن. غۇلجا شەھەر ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق ئىشلار ئىدارىسى تۈزگەن. 40 — 39 — بەتلەر.

1. ياقۇپ ھەسەن — 1926 -يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ ئۈچدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلى ئازاتلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. ھەرەمباغ سوقۇشىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە جەڭ مەيدانىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.

2. ئەكبەر ئىبراھىم — -1929يىلى چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1944 -يىلى ئونبەش يېشىدا پارتىزان بولغان. ھەرەمباغ سوقۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

.18 نازۇگۇم دېمەكچى.

.19 ئەدەبىي ئاخبارات «ئونىنچى بۇلاق» ئاپتورى: ئەنۋەر ناسىرى. «ئىلى دەرياسى» 2015 يىل 6 -سان. «ئىلى گېزىتى»باسما زاۋۇدى نەشرى. 40 — 39 — بەتلەر.

.20 شېئىر — ئابدۇساتتار ناسىرى. «ئىلى دەرياسى »ژورنىلى. 2004 -يىل 4 -سان.

.21 «ئاي بولمىسا، يۇلتۇز بار». ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم شېئىرلار توپلىمى. ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. -250بەت.

# قەھرىمان قىزنىڭ قەبرىسىنى 14 يىل ئىزلىگەن، موي قەلەمنى «ئىلى ئىنقىلابى»غا بېغىشلىغان رەسسام

*2004 - يىلى 6 -ئاي.*

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «زىيارەت ۋە مۇلاھىزە» بېتىدە مەسئۇل مۇھەررىر كۆنلۈرۈم ئىدى، ناتونۇش بىرى مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. سالامدىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ: موي قەلەمنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىمىزدىكى «مىللىي ئارمىيە»ئوفېتسىر-جەڭچىلىرىنىڭ پورترېتىنى سىزىشقا بېغىشلىغان رەسسام، جىڭ ناھىيەلىك 4 -ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇئەللىمى نۇرمۇھەممەت توختى ئىكەن. ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، 45 ياشلاردىكى رەسسام بىلەن ئىشخانىدىلا پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا:

— باقى دۇنياغا كەتكەن دادامنىڭ ھەربى فورمىسىنى كىيىپ، جىڭ سوقۇشىدا قۇربان بولغان قەھرىمان، 17 ياشلىق سېىترا قىز روشەنگۈل شاۋكەتىنى ئىزدەپ 14 يىلنى ئۆتكۈزدۇم. مەن بىلەن تويى قىلماقچى بولغان قىز: ئۆلۈك بىلەن تويى قىلىۋېلىڭ، دەپ مېنى تاشلىدى. — دېدى.

مەن ئۇستەلدىكى تەھرىرلەشكە تەييارلىغان ماقالىنى نېرى سۈرۈپ، قولۇمغا خاتىرە دەپتىرىم بىلەن قەلەمنى ئالدىم. بۇ قەھرىمان قىزنى تېپىش ئۈچۈن شۇنچە پىداكارلىق قىلغان، بەدەل تۆلىگەن رەسسام توغرىسىدا تا بۈگۈنگىچە خەۋەرسىزلىكىمدىن ئەپسۇسلاندىم.

نۇرمۇھەممەت توختى ئۆزى سىزغان، ئېلان قىلدۇرالمايۋاتقان

بىرنەچچە رەسىملەرنى كۆرسەتتى. ئارىسىدىن «مىللىي ئارمىيە» فورمىسىنى كىيگەن بىر قىزنىڭ جەڭچى يىگىت بىلەن تۇرغان رەسىمنى، ھەمدە يەنە بىر ئوفىتسىر كىيىملىك ئەركىشىنىڭ رەسىمنى ئايرىۋالدى. ھەرئىككىسى رەسىمنىڭ فوتو كوپىيەسى ئىدى:

—بۇ رەسىمدىكىسى- مېنىڭ ئاتام «توختى مەرگەن» بولىدۇ، —ئۇ قولىدىكىنى ماڭا ئۇزاتتى.

—بۇ بولسا روشەنگۈل بىلەن ئۇنىڭ يىگىتى ئەنۋەر، — نۇرمۇھەممەت بۇنىمۇ ماڭا ئۇزاتتى.

— بۇ رەسىملەر سىزگە ئامانەت. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېلان قىلىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىپ سىزگە بېرىۋاتىمەن.


ئۇنىڭ قىممەتلىك ئىككى پارچە ئەسىرىنى ماڭا تەقدىم قىلىشىدىن بەك ھاياجانلاندىم. رەسىملەرنى ئاۋايلاپ ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىغا سالدىم. ئۇنىڭغا ئارمانىنى چوقۇم ئورۇنداشقا ۋەدە بەردىم. ئۇنى گېزىتخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

مەن تا مۇشۇ كۈنگىچە ھەرەمباغ سوقۇشىدا قۇربان بولغان 19 ياشلىق سېسترا رىزۋانگۈلنىلا بىلەتتىمكەن.

جىڭ سوقۇشىدا جەڭچىلەر ئۈچۈن جېنىنى ئاتىغان روشەنگۈلنى، يەنى، ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن قەھرىمان قىزنى ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

*2006- يىل 9 -ئاي.*

نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن ئىككىنچى قېتىم غۇلجىدا كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى-13»نى تەقدىم قىلدى. ئۇ كىتاپقا يۈرەك سۆزىنى مۇنداق يېزىپتۇ:


بۇ كىتاۋنى
خەلق پەرۋەر يازغۇچىمىز
سەلىمە كومال خانىمغا مەڭگۈلۈك
يادىكار بولسۇن.
ھۆرمەت بىلەن
نۇرمۇھەممەد تۇختى دىن
2006- يىلى 18- ئاۋغۇست.
غۇلجا شەھىرى

ۋىجدانلىق، مىللەتپەرۋەر رەسسامنىڭ ئازادلىق يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىمىزغا بولغان ئەقىدىسى، سۆيگۈسى مېنى رەسسامنىڭ باشقا ئىجادىي ئەسەرلىرىنى تېپىشقا، روشەنگۈلنى ئىزدەشكە قىستىدى. مەن ئالدى بىلەن نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھاياتىنى ئازراق ئۆگەندىم. ئىجادىيەتلىرىنى ئىزدىدىم.

ئۇ ماڭا تەقدىم قىلغان «توختى بومبا» نامىلىق رەسىمدىكى

«مىللىي ئارمىيە»ھەربىي فورمىسى كىيىپ، كۆكرىكىگە ئۈچ دانە مېدال ئاسقان كىشى ــ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئۆز ئاتىسى بولۇپ. ئۇنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ئالاھىدىلىكىگە يارىشا «توختى بومبا»، «توختى مەرگەن»دەپ نام ئالغان ئىكەن.



نۇرمۇھەممەت سىزغان رەسىم - «توختى بومبا»نىڭ فوتو كوپىيەسى.

«توختى بومبا»نىڭ ئوغلى- جىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، ئۆسكەن نۇرمۇھەممەت توختى بولسا، ئاۋازىنىڭ ئەركەكلەرگە خاس بوم ۋە جاراڭلىقلىغى، كەسكىن تەلەپپۇزدا سۆزلەشتەك ئالاھىدىلىكى

بىلەن «نۇرمۇھەممەت كارناي» دەپ ئاتالغان رەسسام ئىكەن.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «ئىلى ئىنقىلابى» توغرىسىدا رومان يېزىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان. «ئاقسۇدىن چېكىنىش»، «رىزۋانگۈل»، «فرونتتىن قايتقاندا» قاتارلىق ئۆزى سىزغان رەسىملەرنى يازغۇچىغا تەقدىم قىلغان. يازغۇچى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، رەسسامنى ئىلھاملاندۇرغان. شۇنداقلا، «ئاقسۇدىن چېكىنىش» ناملىق بىر پارچە ئەسىرىنى «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ 2 ـ تومىنىڭ مۇقاۋىسىغا تاللىغان. رەسسام نۇرمۇھەممەتنى مۇقاۋىنى لايىھەلەشكە تەكلىپ قىلغان.

قەھرىمان سىپىترا قىز ــ روشەنگۈل بىلەن ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى مۇھەببەت قىسسىسى تەسۋىرلەنگەن «فرونتتىن قايتقاندا» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يازغۇچى ئابدۇراھمان قاھارنىڭ «كەچۈر مېنى نازاكەت» دېگەن رومانىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئىشلىتىلگەن.

نۇرمۇھەممەت توختى 1992 ـ يىلى ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپكە بېغىشلانغان ئەسلىدىكى «قاينام ئۆركىشى» ناملىق ئەسىرىنى «خىيالچان تىلەك» كە ئۆزگەرتىپ سىزغان ھەمدە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسىگە مۇھىم مەزمۇن قوشقان. بۇنىڭ بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيەلەش پروگراممىسى كۈنتەرتىپىگە كەلتۈرگەن. بۇ پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغان نۇرمەھەممەتنى قازاق ژورنالىست ئېرغالى دۈيسەكە «بورتالا گېزىتى» دە تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەكتەپلەردىلا ئەمەس، پۈتۈن بورتالا ئوبلاستىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلەش دولقۇنى قوزغالغان.

يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال شۇكى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ داڭقى چىقىپ، ھۆرمىتى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ «نۇرمۇھەممەت

كارناي»دېگەن تەخەللۇسىغا نىسبەتەن ئۆزگەرتىش پىكىرلىرى بېرىلگەن. نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن نۇرمۇھەممەت تەخەللۇسىنى دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىشنى تاللىغان. شۇنىڭدىن بۇيان «نۇرمۇھەممەت مەرگەن» ئاتىلىپ كەلمەكتىكەن.

يەنە بىر ئىش: 2007 -يىلى مەن ئاۋستىرالىيىگە چىقىپ، باللىرىم بىلەن جەم بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى تىرىك مازار (كېيىنكى يىللاردا ئومۇملاشقان نامى — تېرەكمازار) نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ غۇلجىغا بارغان ئىكەن. دەل شۇ مەھەللىدىكى تېرەكلىك ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپ قاپتۇ. ئاپام ۋە سىڭلىم ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. سىڭلىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، ئاپامدىن بۇ مەھەللىنىڭ نامى توغرىسىدا تارىخىي ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇ چاغدا ئاپام:

—مېنىڭ بىر قىزىممۇ ئۈرۈمچىدە مۇخبىربولغان. سىزمۇ مۇخبىرمۇ؟- دەپ سوراپتۇ.

—شۇنداقمۇ؟مەن رەسسام، ئوقۇتقۇچى. قىزىڭىز كىم، قايسى گېزىتنىڭ مۇخبىرى؟

—سەلىمە ئا. كامال «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر-مۇخبىر. ئاپام شۇھەدەمنى دەۋاتىدۇ، -دەپتۇ سىڭلىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇرمۇھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ:

-ھە، مەن سەلىمە خانىمنىڭ ئۆيىدە ئىكەنمەن-دە! -نۇرمۇھەممەت ئاپامغاباشقىدىن سالام قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئاپامنى بەك خۇش قىلىۋېتىپتۇ. نۇرمۇھەممەت شۇ ھامان ماڭا تېلېفون ئالدى. بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ. سالاملاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا غۇلجىدىكى سادىرپالۋان، مەرىپەتپەرۋەر ئايخان ئانا، ئۇلۇغ شائىر بىلال نازىملارنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان قازانچى مەھەللىسىگە تۇتىشىدىغان بۇ مەھەللىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە بولغىنىغا مەدەت بەرگەن، يەنى، ھاياتتىكى تەۋەررۈك چوڭلىرىمىزنىڭ ئىسىملىرى، تۇرالغۇ ئادرېسلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم.

نۇرمۇھەممەت توختىدىن ئالغان ئۇچۇر بويىچە جىڭ سوقۇشىنىڭ كاپىتانلىرىدىن بىرى ئەھمەت تۇردىيوف يازغان «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» ناملىق قىممەتلىك كىتاپنى ۋەتەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن تاپقان ۋە بەشنى سېتىۋالغان ئىدىم. ئەھمەت تۇردىيوف ئاتىمىزغا، رەسسامغا تېلېفون قىلىپ، رەھمەت ئېيتقان. شۇ كىتاپتىن ئىككىنى، رەسسامنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىككى پارچە سۈرىتىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقتىم.



نۇرمۇھەممەت 14 يىل ئىزدەپ ئاخىرى تاپقان روشەنگۈلنىڭ سۆڭەك تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قىياسەن سىزغان رەسىم. (فوتو كوپىيە)

مەن 2008 -يىلى روشەنگۈل ھەققىدە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ماقالە يېزىۋاتقان كۈنلەردە نۇرمۇھەممەت بىلەن پىكىرلىشەي دەپ ئۇ ماڭا قالدۇرغان تېلېفون نومۇرغا تېلېفون قىلدىم. ئەپسۇس، باشقا بىرى ئالدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئالاقىمىز ئۈزۈلدى.

مانا ئەمدى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن ئىشخانامدا كۆرۈشكەن كۈنى قالدۇرغان خاتىرەمدىن ئۇنىڭ ئۆز نەسەبى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى بۇيەردە ئاشكارىلايمەن: نۇرمۇھەممەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئانىسى پاتەمخان «سەككىز تام»كەنتىدىكى دۇساجىم دېگەن كىشىنىڭ تۈگمىنىدە ئىشلىگەن ئاتىسى ئىسمايىل ئاخۇننىڭ چۈشىدە روشەنگۈل روھىنىڭ ئايان بولغانلىقى ۋە بۇ كەنتتە شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بولغانلىقى، نى-نى يىگىتلەرنىڭ نام-نىشانسىز كەتكەنلىكى توغرىلىق ئەسلىمىلەرنى ئاتا-ئانىسى ئىسمائىل ئاخۇن، ئايشەملەردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئوغلى نۇرمۇھەممەتكە قايتا-قايتا سۆزلەپ بېرىپ، گۆدەك قەلبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. نۇرمۇھەممەت يەنە مۇنۇلارنى ئېيتقانىدى:

— بوۋام بىلەن دادام «مىللى ئارمىيە» جەڭچىلىرى بولغاچقا، كۆپ ۋاقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مومام روشەنگۈل ھەققىدە سۆزلەيتتى، روشەنگۈلنىڭ جەسىدى دۇساجىمنىڭ تۈگمىنىگە يېقىن بىر جۈپ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆمۈلگەن، - دەيتتى.

مومام جىڭ دېمەي، تۇغ بەنچى دەيتتى، تۇغ بەنچى — سۇ بېشى دېگەن مەنادا ئىكەن. مومام باجىياخۇ دېمەي، سەككىز تام دەيتتى.

1848 -يىلى چىڭ باسقۇنچىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنى بازار ئىچىدە ئولتۇراقلاشقىلى قويمىغانلىقتىن، جاڭگالدا بوز ئېچىپ شۇ مەھەللىنى بەرپا قىلغان ئىكەن. شۇ سەككىز ئۆيلۈكنىڭ بىرى مېنىڭ ئەجدادىم ئىكەن. بولشېۋىكلار ئۇيغۇرلارنى قىرغان مەزگىللەردە بوۋامنىڭ دادىسى، يەنى، مېنىڭ

چوڭ بوۋام رېھىم ھاجى بىر روس بىلەن دوست ئىكەن. روس دوستى ئۇنىڭغا:

— رېھىم ساڭا دەي: ستروي! دېگەندە سەپكە تىزىلىسەن. پرىكاز! دېيىشى بىلەن تېز يېتىۋالساڭ، ئاتقاندا تىرىك قالىسەن. — دەپ ئۆگەتكەن ئىكەن.

بوۋام ئۇنىڭ ئۆگەتكىنىدەك قىلغان. ئۆلۈكلەرنى يىغىپ بولغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، رېھىم بوۋام ئامان قالغان ئىكەن. شۇ كۈنى چوڭ بوۋام ئۇددۇللاپ «يىغىن ئاچىمىز» دەپ يىغىۋېلىنغان ئەرلەرنى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ كۈتۈۋاتقان ئاياللارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا قېچىپ قۇتۇلۇش تەكلىپى بەرگەن. ئاياللار بالىسىنىڭ بىرىنى كۆتەرسە، يەنە بىرىنى كۆتىرەلمەي، جاڭگالغا تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار يوشۇرۇنغان جايلاردا تۇرۇپ، قۇزغۇنلارنىڭ ئۇچۇپ كېلىپ، بالىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، ئىككىنچى قېتىم ئىلىغا قاچقان زامان بولۇپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئاتۇدىن ئامان قالغانلىرىنى باققان ئىكەن.

رېھىم چوڭ بوۋام ئەسلىدە زوزۇڭتاڭغا قارشى ياقۇپبەگ ئارمىيەسىدە كارنايچى بولغان ئىكەن. ياقۇپبەگ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەگ قۇل بىلەن ھەق قۇل ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقاندا، روسلار كېلىپ «ئىلى سۇلتانلىقى» نى بېسىۋالىدۇ. بۇ چاغدا دادامنىڭ دادىسى، يەنى، مېنىڭ بوۋام قۇددۇس موللام، ئەل ئىچىدە ئاتىلىشى- قۇددۇس كارناي:

— روسلارنىڭ قولى بىزگىمۇ يەتتى، — دەپ ئۆمىتسىزلىنىپ كاتتايلاق جاڭگاللىرىغا كىرىپ كەتكەن ئىكەن.

خوجىنىيازئىنقىلابى پارتلىغان كۈنلەردە ئىنقىلاپقا قاتناشقان. كاتتايلاقنىڭ ياقا ئېرىق دېگەن يېرىدە بايراق كۆتەرگەن ياڭ تۇۋەنجاڭنى قارا مىلتىق بىلەن 150 مېتىر يىراقلىقتىن ئېتىۋەتكەن.

ياڭ جان تالىشىۋاتقاندا:

—مەرگەن پۇقرا مېنى ئاتتى، — دېگەن ئىكەن.

دادامغا كەلسەك، 1944 -يىلى 9 -ئايدا سەككىزئاغىنىسى بىلەن گومىنداڭ ئەسكىرىدىن 10 نى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرىنى ئېلىپ، غۇلجىغا كەتكەن. غۇلجىدىكى چوڭ-كىچىك كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ تاملارغا چاپلانغان خەتلەرگە ئولۇشۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن. دادام ساۋاتسىز ئىدى. باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپتۇ. خەتتە:

مۆھتەرەم قېرىنداشلار، زۇلۇم جاندىن ئۆتتى. قولۇڭلاردا نېمە بولسا كۆتىرىپ، كۈرەشكە ئاتلىنىڭلار! گومىنداڭنى يوقاتمىغۇچە ھالاۋەت يوق!- دېيىلگەن ئىكەن.

دادام توختى ئاغىنىلىرى بىلەن ئەسكەرلىككە تىزىملانغان. 1945 يىلى 8 -ئايدا شىمالي فرونتقا ئەۋەتىلگەن.

ئالتاي، چۆچەك تەرەپتە جەڭگە قاتناشقان ھەمدە «توختى بومبا»، «توختى مەرگەن»دەپ نام ئالغان.

ھەربىدىن قايتقاندىن كېيىن <. سەككىزتام كەنتى»نىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن رېمونت زاۋۇدىدا ئىشلىگەن.

دادام ئۇستا تۆمۈرچى ئىدى. مىلتىق ياسىيالايتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلدى، كۈرەشكە تارتىلدى. ئائىلىمىز بىلەن يېزىغا ھەيدەلدۇق. ئۇ چاغدا مەن تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتىم. مەن رەسىم سىزىشقا قىزىقاتتىم. دادام زىيالى بولمىغاچقىمىكىن، رەسىم سىزىشىمغا قوشۇلمايتتى. شۇڭا، كالا ئېغىلىغا، دەرەخ سايىسىغا مۆكۈۋېلىپ، پارچە- پۇرات قەغەزلەرگە رەسىم سىزاتتىم. ئانام مېنى قوللايتتى:

—باشقا بالىلارغا ئوخشمايسەن. ئۇلار ئوينىسا، سەن ئېغىلدا رەسىم سىزىپ ئولتۇرىسەن، بۇنى داۋاملاشتۇر بالام، - دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتى.

— بىزسۇرگۈن قىلىنغان ماندانبۇلاق دېگەن يېزىدا مەكتەپ يوق ئىكەن. يەرلىكلەربىزنى چەتكە قاقاتتى. مەن رەسسامىلىقنىڭ بىرپەن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مىڭ تەستە سەنئەت مەكتەپكە كېلىپ، ئۈچ يىل رەسىم كەسپىدە ئوقىدىم. بىرىيىل بىلىم ئاشۇردۇم. ئاندىن جىڭغا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم. شۇ كۈنلەردە غەنى دېگەن بىرىنىڭ «ئۇلار فرونتتا»دېگەن كىنو سىنارىيەسىنى ئوقىدىم. «سىرلىق كارۋان» فىلىمىنى كۆردۇم. ئەسكەربوۋامنىڭ، دادامنىڭ كەچمىشلىرى، مومام سۆزلەپ بەرگەن روشەنگۈل ۋەقەسى ۋە بۇ كىنولار مېنى ئىلھاملاندۇردى. بولۇپمۇ، روشەنگۈل ۋەقەسىنى بۇرۇن بىر ھېكايە دەپلا چۈشەنگەن ئىكەنمەن. مومامدىن، ئانامدىن قايتا سوئاللار سوراپ، خاتىرە يازدىم. روشەنگۈل قۇربان بولغان تۈگمەنگە نەچچە رەت باردىم. دۇساجىمنىڭ تۈگمىنى بۇزۇۋېتىلگەن. تۈگمەن تاملىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن. مومام دېگەن ئاق قېيىن دەرەخلىرىمۇ يوق. ھەممە يەر تۈزلىنىپ، پاختىزارلىق قىلىنغان ئىكەن...

نۇرمۇھەممەت مومىسى، ئانىسىدىن ئاڭلىغان روشەنگۈلنى سىزىش، ئۇنى «تىرىلدۈرۈپ» ئەۋلادلارغا قەھرىماننىڭ سىماسىدىن خاتىرە قالدۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن. ئۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ھايات كىشىلەرنى كۆپ قېتىم ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن بۇ ھەقتە ئەسلىمە بېرىشنى رەت قىلغان. بەزىسى سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان. ئۇدا بىرنەچچە قېتىم زىيارەتكە بېرىپ، ئۇ ئاخىرى جىڭ سوقۇشىغا قاتناشقان ئابدۇللا مەخپىروۋف، يۈسۈپجان[1]لارنىڭ ياردىمگە ئېرىشكەن. ئۇلار:

—ئىككى تۈپ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىغا قەبرە كولاپ، روشەنگۈلنى قويغان. قەبرە ئۈستىگە:

«شەرقىي تۈركىستان»نىڭ مۇنەۋۋەر ھەمشىرىسى روشەنگۈل شېھىد بولدى. تۈگمەن ئىگىسى كەلسە، بۇ قەبرىگە ئىگىدارچىلىق قىلسۇن، دەپ يېزىلغان خەت ھەمدە ئۇ قىزنىڭ ئىسپانكىسىنى

تاش بىلەن باسۇرۇپ قەبرە ئۈستىگە قويغان ئىدۇق، دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەن.

ئابدۇللا مەخپىروپ ئاكا يەنىمۇ مۇھىم ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن:

— ئۇ يىللاردا خەلق بىلەن ئارمىيەمىز بىرئىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەنىدۇق. ئىلىخان تۆرەم بىزگە:

— ئوق مۆلدۈردەك ياغسىمۇ، ئەجەل يەتمىسە تەگمەيدۇ. قاراۋۇللۇقتا بىرسائەت تۇرساڭلار، ئون يىل ئىبادەت قىلغانغا تەڭ. ئوق ئالدىڭلاردىن تەگسۇن. ئارقاڭلاردىن تەگمىسۇن! — دەيتتى.

قىزلار فرونتقا ماڭغان يىگىتلىرىگە :بەش دۈشمەننى ئۆلتۈرسەڭىز، سىزگە ئۆزۈمنى ئاتايمەن. «باھادىرلىق» مېدالى تاقاپ كەلسەڭىز، ئالدىڭىزغا چىقىپ سىزنى كۈتۈۋالىمەن، دېگەن سۆزلەر كەشتىلەنگەن چىرايلىق قولياغلىقلارنى سوۋغا قىلاتتى. روشەنگۈلنىڭ ھەربىيچە گىمناستۇركىسىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن بىرجۈپ ئەتىرگۈل كەشتىلەنگەن يىپەك قولياغلىق چىققانىدى...

نۇرمۇھەممەت بۇ ئىككى ئەسكەرنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ھەريەكشەنبە كۈنى دۇساجىم تۈگمىنىگە كەتمەن-گۈرجەك كۆتىرىپ بارغان. شۇ ئەتراپنى كولاپ، روشەنگۈلنىڭ جەسىدىنى ئىزدىگەن.

— مەن روشەنگۈلنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا تۇتۇنۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تەققى-تۇرقىنى، يۈز قۇرۇلۇشىنى بولسىمۇ ئەينەن يارىتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشقا قاتتىق بېرىلدىم. ئۈستۈمگە دادامدىن قالغان «مىللى ئارمىيە» فورمىسىنى، بېشىمغا ئىسپانكىسىنى كىيۋېلىپ روشەنگۈلنى ئىزدەيتتىم، بەزىدە مەكتەپكىمۇ شۇ كىيىم بىلەن باراتتىم. چوڭلار تۇرقۇمنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇشتى، ياش ۋاقتىمىزنى ئەسلەتتىڭ، دېيىشتى. ئەمما، يەنە بەزىلەر: ساراڭ مۇئەللىم، دەۋالدى. مەن ياخشى كۆرگەن قىز

تويىمىز ئالدىدا :گۆر كولاپ يۇرىدىكەن، جەسەت بىلەن تويى قىلىۋالسۇن، دەپ مېنى تاشلىۋەتتى. بەزىلەر:

— ئاخماق، 55 يىلنىڭ ئالدىدىكى جەسەت بوگۇن نېمە ئىش قىلسۇن، —دەپ مازاق قىلدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى يەر قېزىپ، روشەنگۈلنى ئىزدەۋاتسام، ئات مىنىپ كېتىۋاتقان بىر بىر قازاق بوۋاي يېنىمغا كېلىپ، ئاتنى توختاتتى-دە:

— ھەي جىگىت نېگە قازىپ جۇرۇيسىڭ بۇ جېرنى؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۇردۇم.

سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇ ئاتتىن چۈشتى. ئەتراپقا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇۋېتىپ ئاندىن كېيىن:

-مانا بۇ جەرلەردى قاز. مېندە بىلەمەن بۇ ئەڭگىمەنى. مانا بۇ جەرلەردە بولۇۋى كەرەك.

ئۇ ئېتىغا مىنىپ كەتتى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن يەرنى كەچكىچە قازدىم. تېپىلمىدى. كېيىنكى يەكشەنبىدە يەنە شۇ ئەتراپنى قازدىم. قازاق بوۋاينىڭ بەرگەن ئۇچۇرى توغرا چىقتى. ئاخىرى روشەنگۈلنى تېپىۋالدىم. ئاۋۋال نازۇك بارماقلىرىنى، ئاندىن پۈتۈن ئۇستىخانلىرىنى، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى...

مەن ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى مىدىراتماي تۇرۇپ، سۈرەتكە تارتىۋالدىم. ئاندىن بۇ ئەزىز سۆڭەكلەرنى پاكىزە خالتىغا ئاۋايلاپ قاچىلاپ، قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ، قايتا دەپنە قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى، ئۇزۇن چاچلىرى، نازۇك يۈز كېپتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئۈچ قېتىم سىزدىم. تۇنجى سىزغىنىمنى تاغام ئاچقان ئاشخانىغا ئاسقان ئىدۇق. بىر كىشى تالىشىپ تۇرۇۋاپتۇكەن، تاغام ئۇنىڭغا سېتىۋېتىپتۇ.

* * * *

نۇرمۇھەممەت بىلەن بولغان ئالاھىدە سۆھبەتتىن كېيىن مەنمۇ روشەنگۈلنى «ئىزدەش»كە باشلىدىم. ئەينى يىللاردا جىڭ سوقۇشىغا قاتناشقان كاپىتان ئەخمەد تۇردىيوف ئاكىنى ئىزدەپ بورىتالاغا بارماقچى بولدۇم. ئۇ كىشى مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇچرۇشۇشقا يالغۇز كېلىشىمنى ئۇقتۇردى. ئەپسۇس، بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلى كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. كېيىن ئۇ كىشى يازغان «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» ناملىق ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقۇرى ئەسلىمە كىتابىنى ئېلىپ ئوقىدىم. بۇ ماقالىنى نۇرمۇھەممەت توختى، ئەخمەت تۇردىيۇفلار تەمىنلىگەن روشەنگۈل ھەققىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يازدىم.

# جەڭگاھتىكى پەرىشتە ـ روشەنگۈل شاۋكەت

*(1928-1945)*

«... ئازاتلىق ئۈچۈن قۇربان بولغان نۇرغۇن جەڭچى-ئوفىتسىرلارنىڭ جەسەتلىرى جىڭ ناھىيەسىنىڭ چۆل-جەزىرە، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا نام-نىشانسىز قالدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىمۇ ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتتى... »

ـ ئەخمەت تۇردىيۇپ «جەڭگاھ خاتىرىلىرى»دىن



رۇشەنگۈل جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا سۆيگەن يىگىتى ئەنۋەر بىلەن خوشلاشماقتا.

*رەسسام نۇرمۇھەممەت توختى.*

بۇ ــ 1945 يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىدى.

ھەرەمباغ گازارمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن ئاۋۋال پولك شتابىغا قاراشلىق مۇنتىزىم قىسىم، ئاندىن ئاتلىق ئەسكەرلەر چىقىپ كەلدى. ئەسكەرلەر توختىماي «ھۇررا» توۋلاپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئازادلىققا ئېرىشكەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان شاد-خورام خەلققە سالام بېرىپ، ئاجايىپ كۆتىرەڭگۈ روھتا جەڭگە ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلاندى. توساتتىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ كەلگەن بىر ئورۇق بوۋاي قولاقلىرى تىك، بېشى كىچىك، يايلى تىترەپ تۇرغان چىلانتورۇقتا ئۆزەڭگىنى مىقتەك دەسسەپ، چۇلۋۇرنى نازۇك قوللىرى بىلەن چىڭ سىقىمداپ، ئىگەردە تىك ئولتۇرغان قىزنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا ئېسىلدى:

ــ جېنىم قىزىم، سىزنى ئوبدانىراق كۆرۈۋالاي، سىزگە دۇئا قىلىۋالاي، ــبوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلىدىن سىرغىغان ياش كۆكرىكىگە ئېقىپ چۈشتى...

ــ سېستىرا روشەنگۈل، رۇخسەت! سەپتىن چىقىپ، خۇشلى-شىۋالسىڭىز بولىدۇ.

روشەنگۈل يول بويىغا ئۆتۈپ توختاپ ئاتتىن چۈشكەچە، ئورۇق بىر مومايمۇ يىغلىغىنىچە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلىدى.

ــ قىزىم روشەنگۈل، شاۋكەت بىلەن گۈلچېھرەنىڭ يالغۇزى ئىدىڭىز. ئاللاھ سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. بۇ توقاچ يوللۇق بولسۇن بالام.

ــ موما ـ بوۋا، ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە يۈرۈپ ئۇنتۇپتىمەن. مانا بۇ بارلىق ئاچقۇچلار، بۇ ۋەسىيەتنامەم. ئامان-ئېسەن كەلسەم ئۆيلەردە بىللە ئولتۇرارمىز، كېلەلمىسەم، ئىگە-چاقىسىزلارغا بېرىلسە بولىدۇ. خەيىر، بوۋا-موما، خەيىر!

ــ سېستىرا روشەنگۈل، ئۇلار كىمىڭىز بولىدۇ؟ــسورىدى

سىپىستىرالار باشلىقى.

— ئىككىيلەن بىز بىللە بىللە تۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئانام تۈگەپ كەتكەندە ئۇلار ئىگىلىكنى چاتقان. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملىشىمغا ياردەم قىلغان بىردىنبىر مېھرىبان كىشىلىرىم... (ئەخمەت تۇردىيوف «جەڭگاھ خاتىرىلىرى»184-بەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى. )

مانا بۇ- روشەنگۇلنىڭ «مىللىي ئارمىيە» جەڭچىلىرى سىپىدە ئۇرۇمچى بىلەن ئىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن — جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلانغان كۈنىدۇر.

«... 1945-يىل8-ئاينىڭ 22 - كۈنى پولك شتابى بارات ئىسىملىك دېھقاننىڭ قورۇقىنى بازا قىلىپ، جىڭغا ئۆتۈش يولىدىكى داخىيەنزىدە گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى... دۈشمەنلەر يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىراق، پولك كوماندىرى مەۋلانوف قىسمىنى چېكىنىشكە بۇيرىدى. ئەسكەرلەر قۇربان بولغانلار، يارىدارلارنى كۆتۈرۈپ، تەرتىپلىك ھالدا بىخەتەر جايغا چېكىندى... شۇ چاغدا1-ئىسكادرونىدىكى روشەنگۇل كۆرۈنمىدى. ھەممەيلەن تىت-تىت بولۇشقاندا، ئۇنىڭ دۈشمەنگە تاپانچىدىن ئوق ئۈزۈپ تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ مىناميوت ئوقىدىن يارىلانغان جەڭچىنى خۇددى كۈچتۆگۈر ئەرلەردەك ھاپاش قىلىپ يىلانباغىرى يۆگرەپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. دۈشمەن ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى... پارتىزان نۇراخۇن ئارقا-ئارقىدىن دۈشمەندىن سەككىزنى يەر چىشلەتتى. روشەنگۇلنىڭ ئۈستى-بېشى لايغا مىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ناھايىتى روھلۇق ئىدى. جەڭچىلەردىن قاسىم، بەكرى؛ سىپىستىرالاردىن روشەنگۇل، رەيھانە؛ پارتىزانلاردىن نۇراخۇنلار پولك شتابى تەرىپىدىن <ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن> دەپ تەقدىرلىنىپ، تىزىمغا ئېلىندى.»

(ئە. تۇردىيوف «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» 189 ــ 190-بەتلەر)

«ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن»لەرنىڭ بىرى دەل بىز ئىزدەۋاتقان -روشەنگۈل شاۋكەت.

روشەنگۈل شاۋكەت ــ 1928 - يىلى غۇلجىدا زىيالى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ، تەرەققىپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1942-يىلى شىڭ شىسەي زىيالىلارنىڭ خەلقنى زۇلۇمغا قارشى ئاڭ جەھەتتىن تەربىيىلىشىدىن قورقۇپ، بىرتۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىلارنى تۆھمەت بىلەن قارىلاپ قولغا ئالغان ۋە تۈرمىلەردە ئازاپلاپ ئۆلتۈرگەن. شۇ قاتاردا شاۋكەت ئەپەندىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. گۈلچېھرە خانىم مۇشۇ دەرد سەۋەپلىك 1943- ۋاپات بولغان. بىر يىلدىن كېيىن 16ياشلىق روشەنگۈل مىللىي ئارمىيىگە پىدايى بولۇپ قاتنىشىپ، سەنۇبەر خانىمنىڭ قىسقا كۇرسىدا سېستىرالىق بىلىمى ئۆگەنگەن. ئاندىن ھەرەمباغ، لەڭشىياڭ سوقۇشىغا قاتنىشىپ يارىدار جەڭچىلەرنى قۇتقۇزغان.

جىڭنى گومىنداڭچىلاردىن ئازاد قىلىش ئۇرۇشى تارىخىمىزغا قان بىلەن يېزىلغان بىر بەت بولۇپ قالدى. بۇ شىددەتلىك ئۇرۇشقا شاھىد بولغان ئابدۇللا مەخپىرۇپ مۇنداق ئەسلەيدۇ: «بۇ ۋەقە 1945-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى يۈز بەرگەن. شۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق، تىنجىق بىر كۈن ئىدى. زەمبىرەك ئوقىدىن تارالغان قويۇق ئىس-تۈتەك بىلەن قان ھىدى دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. ئازگاللارنىڭ قىرغا يۆلەنگەن ھالدا نىمجان ئولتۇراتتىم. دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىمۇ ئوقلار زەربىسىدىن يالىڭاچلىنىپ قالغان. ئۇسسۇزلۇق مېنى ئازاپلايتتى. شېغىللارنى تاتىلاپ، نەم تاشلارنى ئاغزىمغا سېلىپ شورايتتىم. قۇياش كۆتىرىلگەنسېرى خۇددى شىلىم يەۋالغاندەك كالپۇكلىرىم چاپلىشىپ كەتتى. بەزىلەر سىيىپ، سۈيدۈكنى ئىچتى. بېلىمدىكى قىلىچىم ئالدىمدىكى كۆتەك ئۈستىدە، تاپانچام قولۇمدا قانغا پېتىپ تۇرۇپتۇ. سەبداشلىرىم يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھوشسىز گەۋدىلەر ئىنجىقلايتتى... ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەنىدى. مېنىڭ يارامنى

بىرى تېگىپ قويۇپتىكەن...»[2]

روشەنگۈل دەل مۇشۇ شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا ئىدى. روشەنگۈل، رەيھانە، ئاسىيەلەرنىڭ ھەربىرى 30-20غىچە يارىدارنى ھاپاش قىلىپ، بەزىلىرىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئۇچ ئىچىدىن يۆتكەپ، بىخەتەر جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئەمما، ئۇسسۇزلۇق يارىدارلارنى جاراھىتىدىن بەكرەك قىينايتتى. روشەنگۈل يارىدارلارنىڭ ھالىغا قاراپ چىدىمىغان، ئۇنىڭچە سۇدانى بىلىكىگە ئېسىپ، 150مېتىرچە يىراقلىقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تۈگمەندىن سۇ ئېلىپ كەلمەكچى بولغان. ئارمىيىمىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دۈشمەن بۇ دالىدىكى بارلىق دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنى قىرىۋەتكەن بولۇپ، چەكسىز ئايدالادا دۈشمەن ئۈنى ئاسانلا قارىغا ئالالايتتى. يارىدار جەڭچىلەر روشەنگۈلنى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن توسقان. ئەمما يارىدارلار ئاز ئەمەس ئىدى، جەڭچىلەر ھەم ئېغىر جاراھەتنىڭ، ھەم ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىدا ئىڭرايتتى. روشەنگۈل يارىدارلارغا يەنە بىر نەزەر تاشلاپ، ئاكوپتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاسان قارىغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يىلانباغىرى يۈگرۈپ بىردەمدىلا تۈگمەنگە يېتىپ باردى، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدا كۆزدىن يۈتتى. ئاردىن بەش مىنۇتچە ئۆتمەي، مىلتىقتىن ئېتىلغان ئۇچ ئاۋازى ئاڭلاندى.

«... مەن روشەنگۈلنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ كۆزى تېخى يۇمۇلمىغان ئىكەن. كۆكرىكىدىن قىپقىزىل. ئىسسىق قان بۇلدۇقلاپ ئېقىۋېتىپتۇ. سىستىرا ئاسىيە ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇچ يېقىنلا يەردىن ئېتىلغاندەك تۇرىدۇ. يۇرۇڭلار، دېدىم. تۈگمەننىڭ ئىچىدە ھېچكىم كۆرۈنمىدى، يانماقچى بولىۋېدۇق، جەڭچى ئابدۇقادىر سۆكەننىڭ سۇپىسىغا چىقىپ:

— بۇ ئەبلەخ ماۋۇ يەردە ئىكەن! - دەپ كۆك ماتا كىيىملىك گومىنداڭ ئەسكىرىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ چۈشۈردى. (يۇقۇرىقى كىتاپ 205 ۋە 206 -بەتلەر)

جەڭچىلەردىن بىرمۇنچىسى تۈگمەن بېشىغا يېتىپ كەلگەن ۋە تۈگمەننىڭ باش تەرىپىدە ئۆسكەن ئىككى تۈپ قېيىن دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەش مېتىرچە ئارىلىقتا يەرلىك كولاپ، روشەنگۈلنى كۆمگەن. پولك ئادرېسى، ئىسمى يېزىلغان قەغەز بىلەن ئىچكى ۋە سىرتقى كىيىملىرىنى قەبرە ئۈستىگە قويۇپ، يوغان تاش بىلەن باسۇرۇپ قويۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھەربىيچە گىمناستيۇركىسىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن يېرىمى قانغا مىلەنگەن بىرجۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قولياغلىق چىققان. روس سېستىرا قىز يىغلاپ تاشلىغان ۋە:

— مەن ئۇنى قىستاپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ ئاخىرى:يىگىتىم مەن بىلەن بىللە پىدائىي بولۇپ، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان، بىز بىر مەھەللىلىك. ئۇ سۈيدۈڭ 40- پولكتا پىراپورچىك، دېگەن ئىدى. بىز قولياغلىقنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ، كۆز يېشى قىلىشتۇق...[3]

ھەرەمباغنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭى — غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك جەڭ ئىدى. بۇ جەڭدە باتۇرلار قاتارىدا تىزىمغا ئېلىنغان، جەڭدىن ئامان چىققان روشەنگۈل جىڭ ناھىيىسىدە تەگسىز كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ دەھشەتلىك جەڭدە ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىدا جان بىلەن ئېلىشىۋاتقان سەبداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەنە خەتەرگە يۈزلەنگەن، جەڭچىلەرنىڭ توساشلىرى، يالۋۇرۇشلىرى بىلەن قارارىنى ئۆزگەرتمىگەن ئىدى.

تېخى قات- قېتى يېرىلمىغان غۇنچە ئەنە شۇنداق سولدى. پاك قېنى، يۇمران تېنى ئانا تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.

ئۇيغۇرنىڭ يەنە بىر باتۇر قىزى-روشەنگۈل جەڭگاھتا گاھ بىر قولىدادۈشمەنگە تاپانچىدىن ئوق ئۈزۈپ، يەنە بىر قولىدا يارىدار سەپدىشىنى يۆلەپ، گاھ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى قەھرىمانىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئۆلۈۋاتقان جەڭچىنىڭ كۆزلىرىنى سىلاپ يۇمدۇرغىچە ئۆزىنىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، چىشىنى چىشلەپ، ھېلىلا يىقىلغان يەنە بىرقەھرىماننىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتقان. دەھشەتلىك

جەڭ مەيدانىدىكى بۇپەرىشتەنىڭ جەڭ تىنجىغان قىسقا ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سەبداشلىرىنى ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغىنىغا 76 يىل بولدى. روشەنگۈلنىڭ قىسقا، ئۇلۇغ ھاياتىدىن ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئۇچۇر بەردۇق. ئىشىنىمىزكى، روشەنگۈل ئۈچۈن جىڭ ناھىيىسىنىڭ قايناق بازىرىغا ھەيكەل قاتۇرۇش نېسىپ بولغان كۈنى، بۇ ماتېرىيالنىڭ قىممىتى تېخىمۇ نامايان بولىدۇ. بۇ پەرىشتەمىزنىڭ ھايات شەجەرىسىنى ئۆگىنىش داۋامىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئىككى مەسىلىگە جاۋاپ تېپىلدى:

1. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «مىللىي ئارمىيە» جەڭچىلىرىنىڭ تەركىبى مەسىلىسى.

2. مەرھۇم روشەنگۈل بىر بالا جەڭچى ئىدى. نۇرمۇھەممەت ئۇنى «تىرىلدۈردى». نامسىز- قەبرىسىز، ئۇنتۇلغان قەھرىمان «بالا جەڭچى»لەريەنە بارمۇ؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئىزدىنىش مەسىلىسى.

1. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەندە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئايرىلغان بىر قىز ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىنى تاللىغانمۇ؟ياكى نامراتلىق ئۇنى ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ جان بېقىشقا مەجبۇرلىغانمۇ؟مېنىڭچە، قۇرامىغا يەتمىگەن بىرقىزبالا گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ زوراۋانلىقىدىن گۇناھسىز ئوقۇغۇچى قىزلارنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلغان ئاتىسىنىڭ روھىدىن كۈچ ئالغان. ئەشۇ كۈچ ھەربىكتىگە قوماندانلىق قىلغان. ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى بولغان. ئىككىنچى خىل ئېھتىماللىقنىڭ سەۋەپكار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ زاماندا ئوقۇش ــ ئاساسەن ئىقتىسادلىق كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە نەسىپ ئىدى. پاكىتتىن بىلدۇقكى، شاۋكەت ئەپەندى قول-ئىلكىدە بارئائىلىدىن بولغاچقا، زامانىسىغا كۆرە يۇقۇرى تەربىيە ئالالىغان مائارىپچى. ئىككىنچىدىن، روشەنگۈلنىڭ «بوۋا-موما»سى بۇ ئائىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى. پەقەت ئىقتىسادىي

كۆچى بارلارلا كەڭرى ئۆي ياكى ئېتىز-ئېرىق، مال-ۋارانلىرى ئۈچۈن خىزمەتكار يالليالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، روشەنگۈلنىڭ سېلىم بوۋايغا ۋەسىيەت بىلەن تاپشۇرغۇدەك ئىگىلىكىنىڭ مىراسخورى ئىكەنلىكىدىن ئۇنى هاللىق ئائىلە پەرزەنتى، دېيەلەيمىز.

روشەنگۈلنىڭ ئائىلىسىنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش زۆرۈرىيىتى نېمىدە؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «شەرقىي تۈركىستان جەڭچىلىرى پەقەت نامراتلار پەرزەنتلىرى...» دېگەن قاراش بار. ئەمەلىيەتتە خۇددى روشەنگۈلدەك پىدائىي بولغۇچىلارنىڭ بەزىسى ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ئەركىنلىكتىن، ئەڭ مېھرىبان كىشىلىرىدىن، دوستلىرىدىن، مال-دۇنياسىدىن ئايرىلغانلار ئىدى. ئەلۋەتتە، كۆپىنچىسى ئىككى يۈز يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۈگىمەس ئالۋاڭ-سېلىق، هاشاسىدىن قۇتۇلمىغان، نەچچە ئەۋلاد نامراتلىقتا قالغانلار، باي، مۇنبەت زېمىنلىق ئۆز ۋەتىنىدە باسقۇنچىلاردىن قۇل ئورنىدا مۇئامىلە كۆرگەنلەر بولغاچقا، تاجاۋۇزچىلارنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن سۈرۈپ چىقىرىشقا، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلانغانلار ئىدى.

يەنە بىرى، «شەپقەت -ھەمشىرىسى» نامىدا مەشھۇر بولغان رىزۋانگۈلمۇ تېرە سودىگىرىنىڭ (ئۇ زامانلاردا ۋاپۇرۇش دەپ ئاتىلاتتى) قىزى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە مالىيە كەسپىدە ئوقۇغان ۋە غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، بانكا خىزمەتچىسى بولغان يۇقۇرى كىرىملىك ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا كىرىمى بار پەرزەنتى ئىدى. بۇنداق مىساللارنى يەنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇيەردە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى قىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى مىسال قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ تۇرىمىز.

دېمەك، «مىللى ئارمىيە»مىز قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرخىل قاتلامغا تەۋە جەڭچىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقىغا روشەنگۈل-زىرۋانگۈللەرنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەكىتلەيمىزكى،

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش، ۋەتىنى، يۇرتىنىڭلا ئەمەس، ئازاد- ھۆر دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولۇش -ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار... قاتارلىق ئەشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان بارلىق خەلقنىڭ تەقەززاسى. قانداقتۇر: «يېپىشكە بىر پارچە نېنى، ياتارغا ماكانى يوق... »لارنىڭ ئىستىخىيىلىك كۆتىرىلىشى ئەمەس!

## باتۇر قىز ـ يىگىتلىرىمىزنىڭ تىزىملىكى

(ئازادلىق ئۇچۇن ياش جېنىنى بەرگەن باتۇرلىرىمىز كۆپ. بۇ پەقەت ئاز بىرقىسمىنىڭ مۇبارەك نامى.)

1. رىزۋان مۇھەددىن - 1925 -يىلى غۇلجا شەھەر تاقىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1944- يىلى 8 -ئايدا جىڭ سوقۇشىدا ئالاھىدە باتۇرلۇق قىلغانلىقى ئۇچۇن گېنىرال ئىسھاقبېك «ئالتۇن مېدال» تەقدىم قىلغان.

2. ئامىنەم ـــ 1926 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1944- يىلى جىڭ سوقۇشىغا قاتنىشىپ، «ساداقەت ئوردېنى» ئالغان.

3. مارۇسە ـــ روس قىزى. 1944 - يىلى 19 يېشىدا سانىتاركا بولغان. جىڭ سوقۇشىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ تەقدىرلەنگەن. كېيىن مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېۋ بىلەن توي قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشىغان.

4. مەلىكە ـــ غۇلجىدا تۇغۇلغان روس قىزى. جىڭ سوقۇشىدا ئەسكەر بولغان. ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇرۇش كۈنلەردىكى رەھبىرى ئابدۇغۇپۇر پالكاۋنىك بىلەن نىكاھلىنىپ، بىللە ياشىغان.

5. ژېنىيە ـــ روس قىزى. 1928 -يىلى 17 يېشىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 -كۈنى جىڭ ناھىيەسىنىڭ سەككىز تام

سوقۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

6. نۇربىيە ــ 1926 - يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان كۈنى ئەسكەر بولغان. 1945-يىلى 9 -ئاينىڭ 7 -كۈنى جەڭ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

7. رەيھانە غابىددىن ــ 1929-يىلى قارا قولدا تۇغۇلغان. 1934-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1944- يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان كۈنلەردە ئەسكەرلىككە قاتناشقان. جەڭ سوقۇشىدا كۈمۈش مېدال ئالغان. مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ دوختۇرى ئابدۇللا مەخپىروف بىلەن توي قىلىپ، بىللە ئىشلىگەن.

(مېنىڭ توپلىيالىغىنىم مۇشۇنچىلىك. يەنە بار. ئىزدىنىشىمىز، نامىنى خاتىرىگە ئېلىشىمىز كېرەك)

2. روشەنگۈل كەبى «بالا جەڭچى»لەرنى خاتىرىلەپ، ئۇلارغا تارىخي ئابىدە تىكلەش مەسىلىسى.

ئادەتتە 18 ياشقا توشمىغانلار «قۇرامىغا يەتمىگەن» ھېساپلىنىدۇ. بىزنىڭ جانلىق تىلىمىزدا ئۇلار تېخى ‹ ‹بالا› › دېيىلىدۇ. ئۇنداقتا بىزدىمۇ تۈرك خەلقى ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان «چېچىغا خىنە قويغان كىچىك ھەسەن»دەك قەھرىمانلىق ھېكايىسى پۈتۈلگەن «كىچىك ھەسەن»لەر يەنە بارمۇ ياكى روشەنگۈل يىگانىمۇ؟ شۇنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمىزكى، نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ باشسىز گەۋدىلىرى چۆللەردە قالغان، نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا روشەنگۈل تېخى بەختلىك. ئۇنىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقى، ئۆزى جان تىكىپ قوغداۋاتقان تۇپراققا كۆمۈلگەنلىكى ھەققىدە پاكىتقا ئىگىمىز. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىم «مىللى ئارمىيە»نىڭ ئاقسۇنى ئېلىش جېڭىدە ئىزۋود كاماندىرى ۋەزىپىسىدە بولغان ئاتام ئابدۇلھەق. ئا. كامالدىن ئاڭلىغان بالا جەڭچى- ئەكرەم ئىبراھىم (1929-

يىلى چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1944- يىلى ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان) نىڭ ھېكايىسىدىن باشلاپ تۇغۇلغان ئىدى. «چاپايوپ» نامىنى ئالغان قەھرىمانىمىز ئەھمەت ئاكىدىن؛2004-يىلى غۇلجىدا شىخۇنى ئازاد قىلىش جېڭىدە كومىسسار، ئازات شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىگە شەھەر باشلىقى بولغان مەمتىمىن ئۆمەرۇپ ئاكىدىن كۆپ سۈرۈشتۈردۇم.

1. دادامنىڭ بايانى: «... باينى ئازاد قىلغان كۈنلىرىمىزدە جەڭچىلەر غەلىبە شاتلىقىغا چۆمدى. مۇزئارت تېغىدىن ئۆتكىچە تارتقان مۇشەققەتلىك يول ئازابىمۇ ئۇنتۇلدى. بۇ جەڭدە ئەمدىلا 18ياشقا كىرگەن جەڭچى ئابدۇللا بىر ياقتىن ئوق-دورا توشۇپ، بىرياقتىن ئاپتوماتچىلارنى قوغداش ئۈچۈن، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئېتىپ، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ خۇددى قوماندانلاردەك جەڭ مەيدانىدا ئەقىل ئىشلىتىپ، تاكتىكا قوللىنىشىغا ھەممىمىز قايىل بولدۇق. ئەپسۇس، كۆز باغلانغان پەيتتە ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەككەن بىرپاي ئوق ئۇنىڭ بايىلا «ھۇررا»تووۋلىغان ئاۋازىنى مەڭگۈ ئۆچۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭ يۇمران لەۋلىرى چىڭ ھىمىرلگەن ھالدا قۇچىقىمدا جان ئۈزگەنلىكىنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتالمىدىم. (4)

2. 2006-يىل9-ئايدا جەمەتىمىز بويىچە موللاتوختى يۈزىدىكى ئۇستازىم تۇرسۇن ياسىن ئاچقان «سادىر پالۋان مەقبەرىسى»نى زىيارەت قىلغان ئىدۇق. شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭدىن سادىر پالۋاننىڭ مەقبەرىسىنى قۇرۇش جەريانىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەن ۋە «قەبرە ئالدىدىكى ئارمانلار» تېمىلىق بىر ئەدەبىي ئاخبارات يازغان ئىدىم(5). شۇنىڭدىن كېيىن تېمىنى «مىللى ئارمىيە» ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۈستىگە يۆتكەپ بىرنەچچە نۆۋەت سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ ماڭا ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا تۈزگەن كىتابى-«ئىنقىلابى قۇربانلار ئەسلىمىسى» ناملىق كىتابىنى بەردى ھەمدە مەن ئىشلەۋاتقان تېما ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بارلىقىنى ئېيتتى. تۆۋەندىكى ئۇلۇغ «بالا قەھرىمان»لىرىمىزنىڭ ئارخىپى

شۇ كىتاپتىن ئېلىندى.

1. مەرھۇم ئەكبەر ئىبراھىم — 1929-يىلى چاپچال ناھىيىسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1944 يىلى15يېشىدىلا كىچىكلىكىگە قارىماي، پىداكارلىق بىلەن ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتنىشىپ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، 11-ئايدا غۇلجا ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

2. مەرھۇم مەھەممەت ئەلى — 1927 -يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 -يىلى 11- ئايدا «مىللى ئارمىيە»گە قاتنىشىپ، ئالاقىچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شىددەتلىك جەڭلەردە، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئاستىدا قورقماي، ئالاقىچىلىق قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇ يىلى كۈزدىكى ھەرەمباغ سوقۇشىدا ياش غۇنچە ھاياتىنى خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە تەقدىم قىلغان.

3. مەرھۇم مۇتەللىپ — 1928-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 -يىل 11-ئايدا كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ، ئارمىيىگە قاتناشقان شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا غۇلجا ھەرەمباغ سوقۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

4. مەرھۇم ئابدۇرېھىم موللاخۇن — 1929-يىلى غۇلجا شەھەر قارادۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1946 -يىلى «مىللى ئارمىيە»گە قاتناشقان. نۇرغۇن شىددەتلىك جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇيىلى9-ئايداشىخۇدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

5. مەرھۇم قاۋۇل مۆمىن — 1930-يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى دۆڭمەھەللىدە تۇغۇلغان. 1944 -يىلى5-ئايدا گومىنداڭچىلار ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان. ئۇ 1944 — يىل نويابىردا گومىنداڭچىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ چىقىپ «مىللى ئارمىيە»گە پىدايى بولۇپ كىرگەن ۋە ئودېلنىيە كوماندىرى بولغان. 1945 -يىلى ئاقسۇ كونىشەھەردىكى جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان....(6)

جەڭگاھتىكى پەرىشتە- روشەنگۈلنىڭ روھى يۇقۇرىدا نامى ئاتالغان ياش يوپۇرماق- غۇنچە سەپداشلىرىنىڭ روھى بىلەن بىللە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانسۇن!

ئەجداد ئۇلۇغ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى -ئۇلارنى مەڭگۈ قەدىرلەشكە، ئۇلاردىن پەخىرلىنىشكە يېتىپ ئاشقۇدەك تارىخ قالدۇرغان. ئەشۇ شانلىق تارىخ، ئاچچىق قىسمەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تارىختۇر. تارىخىمىزنى تەكرار-تەكرار قېزىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، ئەجدادلار ئۈچۈن قەلەم بىلەن ئابىدە تىكلىشىمىز كېرەك. بۇ—تارىختىن پەخىرلىنىشنىلا بىلىپ، تېخىمۇ شانلىق، يېڭى تارىخ يارىتىشقا بىپەرۋالىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

**مەنبەلەر:**

(1) ئابدۇللا مەخپىرۇپ — ئەينى يىللاردا سېستىرالار باشلىقى بولغان. -50 يىللاردىن كېيىن غۇلجا شەھرىدىكى -4دېۋىزيە دوختۇرخانىسىدا دوختۇرلۇق قىلغان. دەم ئېلىشقا چىقىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجىدا ياشىغان.

يۇسۇپجان— سۆيدۇڭدىن ئەسكەرلىككە قاتناشقان. غۇلجا شەھرىنى، جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. روشەنگۈلنىڭ سەپدىشى.

(2) ئا، مەخپىروپ ئەسلىمىسى «جەڭگاھ خاتىرىلىرى» -200بەت.

(3) يۇقۇرىقى كىتاپ. -209بەت.

(4) دادام بىلەن سۆھبەتتىن قالدۇرغان خاتىرەمدىن. -1993يىل. غۇلجا.

(5) بۇ ئەسەر «ئىلى دەرياسى ژورنىلى» -2003يىل -6سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(6) «ئىنقىلابى قۇربانلار ئەسلىمىسى» دېگەن بۇ كىتاپ مۇقاۋىسىدا -غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى تۈزدى، دېگەن بىرلا ئۇچۇر بار. قايسى نەشرىيات، قايسى يىلدا نەشر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئەسكەرتىش يوق. بىرىنچى بېتىگە رەتلەپ ئىشلىگۈچى — تۇرسۇن ياسىن دەپ يېزىلغان. -1979يىلى، يەنى ئەخمەتجان ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ 30 يىللىقى

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئەخمەت ئەپەندىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا جەم بولۇپ ئۆتكۈزگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كېيىن نەشىر قىلىنغان بولسا كېرەك (رەسىمى بار).

# قارامىلىق قىلالمىغان ئەر- باتۇر بولالماس!

## لەنجۇغا سۈرگۈن قىلىنغان غېنى باتۇرىمىز ھەققىدە تۇرسۇن ئاكامنىڭ ئېيتقانلىرى

يۇقۇرىدا ئىككى يوپۇرماق، ئىككى غۇنچەنىڭ ھاياتى، ئۆلۈمى ھەققىدە بايان بەردىم. يىل تەرتىپى بويىچە ئابدۇنىياز كامال-1930-يىللار، روشەنگۈل شاۋكەت، رىزۋانگۈل ھاشىم — 1940-يىللار، زىخرۇللام نادىروف — 1960 — يىللاردا بىز بىلەن ۋىدالاشقان. بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئازادلىق-ھۆرلۈك ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەسىز جەڭ قىلغان ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى بىلگىنىمىزدە چەكسىز ئېپتىخارلىق-غورۇر ھېس قىلىمىز ۋە دۇنياغا: «قاراڭلار، بىزنىڭ قىز-يىگىتلىرىمىزمۇ پۈتۈن دۇنيا فاشىزىمغا قارشى كۆتىرىلگەن يىللاردا، خىلۋەتتە قالغان زىمىنىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇستەملىكىگە، زۇلۇمغا قارشى ئالدىنقى سەپلەردە خۇددى رۇس، پولەك، يەھۇدىي پەرزەنتلىرىدەك قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان!» دەپ ۋاقىرىغىمىز كېلىدۇ. بۇ باتۇرلىرىمىزنىڭ تەڭسىز سۈلھى-سالاغا قۇربانلىق قىلىنغانلىقىدەك رەھىمسىز رىئاللىق بولسا، قارىماققا پۈتۈن، ئەمەلىيەتتە تۈتۈن ئىچىدە قالغان قەلبىمىزنى بوۋىلاردىن-ئاتىلارغا، ئاتىلاردىن-باللارغا قالغان، يېشىلمەس سۇئاللار ئىلكىدە چىرماپ تۇرماقتا. مەن ئەزەلدىن سۈلھى-سالاغا ئۆچ. شۇنداق ئىدىيەدە بولغاچقا، قەھرىمان باتۇرلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارھاياتى، بولۇپمۇ، غېنى باتۇر، زىخرۇللامدەك، رىزۋانگۈلدەك تەڭداشسىز باتۇرلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ھەققىدە سوئاللىرىم ئېسىمنى تاپقاندىن بۇيان مېنى

ئازاپلاپ كەلدى. بەزىدە بىرئانا، بىرئايال ئىكەنلىكىمگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەفسلىكىمنى يوقىتىپ، ئەسەبىيلىشىپ كېتىمەن. نىمە ئۈچۈن غەنى باتۇرغا ئوق ئالدىدىن (يەنى، دۈشمەن تەرەپتىن) تەگمەي، ئارقىسىدىن دۈمبىسىگە (يەنى ئارقىسىدا، ئوق يەتكۈدەك ئارىلىقتا چوقۇم ئۆز ئەسكەرلىرى بار) تېگىدۇ؟ دېگەن بىر سوئالنى مۇندىن 20يىل ئىلگىرى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئۇچرىشىپ قالغان شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيسىنىڭ تەتقىقاتچىسى تاھىر ئاكىدىن سورىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ ئەتراپىغاقارىۋېتىپ، پەس ئاۋازدا: چۈنكى، غېنى باتۇر قوشۇنىنىڭ ئالدىدا’ھۇررا!’ دەپ ئاتاكىغا ئۆتسە، ماناس دەرياسى بويىدا تۇنجۇقۇپ تۇرغان ئارمىيەمىز شەرتسىز ئەگىشەتتى. ئۇلارمۇ غەنىدەك قاراملىق قىلاتتى. ھېچكىم توختىتىپ قالالمايتتى. پەقەت غېنى باتۇرلا يا ئۆلۈم- يا كۆرۈم قىلالايتتى. باتۇرىمىز سياسىي سۈيىقەست نىشانى بولغان. ئۇنى سايرامدىن نېرىغا ئۆتكۈزۈشمىگەن.

ئۇ ئاۋازىنى يەنىمۇ تۆۋەنلەتتى. مەن يەنىمۇ ئىگىلىپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم:

—غەنى باتۇر ھەقىقى قارام باتۇرىمىز ئىدى. ئىنقىلاپ پارتلاپ، غۇلجاخەلقى قوزغالغاندا، غەنى باتۇر ئوردامەھەللىسىدىكى بۇتخانا ئالدىغا خىتايلارنى توپلىغان. ئوقنى زايە قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۈچ-تۆتتىن قۇچاقلىتىپ قويۇپ، بىرپاي ئوق بىلەن بىراقلا يىقىتقان ئىدى. مانا بۇ باتۇرىمىز ئەمدى چەت ئەللەردە مۇساپىر بولدى. ئارىمىزدا يوق. بۇ گەپلەرنى خەققە دېمە، ئېسىڭدە چىڭ تۇت، سىڭلىم.

غېنى باتۇرىمىزنىڭ لەنجۇغا ئائىلىسى بىلەن سۈرگۈن قىلىنغان يىللاردا قاراملىق قىلغان بىر كۈنىنى تۇرسۇن ئاكامدىن ئاڭلىغاندىن باشلاپ، كاللامغا باتۇرىمىز ھەققىدە يەنە نۇرغۇن يېشىلمىگەن سوئاللار كىرىۋالغان ئىدى.

بۇندىن 51 يىل ئىلگىرى تېخى تولۇقسىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى

ئىدىم. «زىيالىي ياش»، «قايتا تەربىيە»دېگەندەك يالغان ناملار بىلەن يېزىلارغا قوغلانغاندا، بوش قالغان مەكتىپىمگە قىيماي يىغلاپ-يىغلاپ، قورغاس ناھىيە ئېتىزىغا ماڭغان ئىدىم. تەلىيىمگە ناھىيەنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا تۇرسۇن ئاكام ئائىلىسى بىلەن ياشايتتى. تۇرسۇن ئاكام كىم؟

ئىلى دەرياسى بويىدا بوۋامدىن قالغان كەڭرى، جەننەتتەك گۈزەل بېغىمىز بارئىكەن. 1944 -يىلى «ئىلى ئىنقىلابى» قوزغالغاندا يېڭىلا توي قىلغان دادام ئەسكەربولىدۇكەن. بىر ئىنىسى ئاغرىقچان، يەنە بىرى كىچىك، موممىز ئايشەبۇۋى دادىسىز قالغان ئۈچ بالىنىڭ پەرۋىشىگە پاتقان ئۇ كۈنلەردە دادامنىڭ ئاكىسى ئابدۇلھەي ئائىلىسى بىلەن چۆلۈقايدىكى بېغىمىزغا قارايدىكەن. شۇڭا، شەھەردىكى باققا ھەرپەسىلگە يارىشا ئادەم ياللاپ پەرۋىش قىلىشقا ئىشچى كېرەك ئىكەن. دادام ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئەبەيدۇللا دېگەن مۇساپىر كىشىنى تاپىدىكەن. ئۇ كىشى قەشقەردىن چىققان بولۇپ، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۈچ ياشلىق ئوغلى تۇرسۇن بىلەن بېغىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن، باغنىڭ ھەرپەسىللىك پەرۋىشىنى ئۈستىگە ئالغان ئىكەن. مانا شۇ تۇرسۇن ئاكىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى بىزنىڭ باغلىرىمىز، يەرلىرىمىز مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن، تېرەكمازاردىكى بىردىنبىر ماكانىمىزدا بىز بىلەن تاكى 62-يىلغىچە بىللە ياشىغان. تۇرسۇن ئاكام 1954- يىلى لەنجۇ تۆمۈر يول مەكتىپىگە ئوقۇشقابارغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن سۈيدۈڭدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان ئىكەن. 1970- يىلى مەن قورغاسقا «زىيالىي ياش»بولۇپ بارغىنىمدا پات-پات مېنى يوقلاپ تۇراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بالىلىرى بىلەن ئويناتتىم. راھىلە ھەدىمىزنىڭ تاماقلىرىنى يەپ قايتاتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇن ئاكام ماڭا غېنى باتۇرىمىزنىڭ لەنجۇدىكى ھاياتى ھەققىدە مۇنداق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

— سىڭلىم ئاچچىق ئەسلىمە ئىچىمدە قالمىسۇن، ساڭا

ئېيتىپ بېرەي. مەن لەنجۇدا ئوقۇۋاتقان بىركۈنى مەكتەپنىڭ قايناقسۇخانىسىغا چايدانىنى كۆتىرىپ قايناقسۇ ئالغىلى كىرسەم، غېنى باتۇرنىمىز چايدانغا سۇ ئېلىۋېتىپتۇ. قارىسام، سۇ تېخى قاينىمىغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا:

—ئاكا، سۇ تېخى قاينىماپتۇ، —دېدىم. ئۇ شۇھامان ئاغزىنى بۇزۇپ كىمنىدۇر تىللىۋەتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. خاتا گەپ قىلىپ قالدىممۇ دەپ.

—.... ھەركۈنى مەنلا كىرسەم سۇ قاينىمايدۇ. بىر ئىپلاس بار، مېنى ئاخماق قىلىۋاتقان. تۇتۇۋالسام بوغۇزلايمەن.... !

ئۇ بەك خاپا بولۇپ، ئۆزىنى باسالماي كەتتى. مەن بوينۇمنى سوزۇپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرا كۆرسەتكۈچىگە قارىسام، تېخى قاينىمىغان سۇنىڭ تېمپېراتورا كۆرسەتكۈچىنى خاتا نۇقتىغا توغرىلاپ قويۇلغان ئىكەن. مەنمۇ سۇ ئالالمىدىم. ئىككىمىز چىقىپ كەتتۇق. كېيىن، گولۇفاڭغا (ئىگىز ۋە يوغان تۇڭدا سۇ قاينىتىدىغان مەخسۇس ئۆي) ئوت ياقىدىغان قېرى خىتاينىڭ غېنى باتۇرنى ئاخماق قىلىپ، دائىم شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. غېنى باتۇر مەن ئاگاھلاندۇرغان كۈندىن بۇرۇنقى كۈنلەردە تېمپېراتۇرىغا قارىمايلا، قاينىمىغان سۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتىكەن.

يەنە بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا جىدەل چىقىپ كەتتى. غېنى باتۇرمۇ مۇشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەيتتى. ئەشۇ كۈن ئېنىق ئېسىمدە. يەكشەنبە بولۇپ، ئىككى ۋاقلا تاماق بېرىلەتتى. بىر تۇڭگان ئاشپەز ھەريەكشەنبىدە پولۇ قىلاتتى. شۇ كۈنى غېنى باتۇرغا گۆش سالماي، گۈرۈچنىلا ئۇسۇپ بېرىپتۇ-دە، تۇۋاقنى تېز يېپىۋاپتۇ. باتۇر ئۇنىڭغا:

—بىر چىشلەممۇ گۆش يوقمۇ؟بۇ قانداق پولۇ؟- دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممىمىز قاراپ تۇرۇپ قالدۇق. ئاشپەز:

— يوق! بولسا ساڭا بەرمەمدىم؟ گۆش تۆگىدى، — دەپ ئۇمۇ ۋارقىرىدى.

شۇ چاغدا غېنى باتۇرقولىدا تۇتۇپ تۇرغان قاچىدىكى پولۇنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى. ئاندىن كېيىن، تۇۋاقنى ئۆزى ئېچىپ، پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. قازاندا بىرمۇنچە گۆش بار ئىدى. باتۇر غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، ھۆركىرەپ بېرىپ بىر قولىدا ئاشپەزنىڭ بويىنىدىن قاماللىغانچە قىززىق پولۇنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋەتتى. ئۇنى توساشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. ھەممىمىز قاراپ تۇردۇق. غېنى باتۇر يوغان چامداپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاشپەز قىززىق پولۇغا دۆملەنگەن يۈزىنى تۇتقىنىچە دوختۇرخانىغا يۈگرىدى. ئۇنىڭ پاسكىنا بېشى تىقىلىپ، بۇلغانغان پولۇ شۇ پېتى قازاندا قالدى.

تۇرسۇن ئاكام ئۆزى كۆرگەن بۇ ئىشلارنى ھەم ئېچىنىش، ھەم پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

## غېنى باتۇر — (1981 — 1901)

غېنى باتۇرنىڭ ئۇرۇشتىكى باتۇرلۇق قىسسىلىرى كۆپ يېزىلدى. مەن بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»مىز تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، خىتاي باسقۇنچىلىرى باتۇرلىرىمىزنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋالغىنى بىلەن روھىنى سۇندۇرالمىغانلىقىنى، شۇنچە ئېغىر جازالار، تەقىب-زۇلۇملارتارتقان، خىتاي شەھرىگە سۈرگۈن قىلىنغان باتۇرىمىزنىڭ خورلۇققا چىدىماي يەنىلا قۇرۇق قولى بىلەن قارامىلىق قىلغانلىقىغا قايىللىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇنىڭ سۈرگۈندىمۇ غورۇر بىلەن ياشىغانلىقى تۇرسۇن ئاكامغا، ماڭا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە مەڭگۈلۈك روھىي قورال بولغۇسى!

1946 -يىلى 6 -ئاينىڭ 1 -كۈنى «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى» 307 -نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ، غېنى باتۇرغا «خەلق قەھرىمانى» نامىنى بەردى. خەلق ئۇنى باتۇرىمىز، دەپ تونىدى. پەخىرلىنىپ توقۇغان قوشاقلاردىن بىر مىسال:

*قازانلار قاينىغان -تاشقان،*
*زالىملار ھەددىدىن ئاشقان.*
*غېنى باتۇر كېلىپ قالسا،*
*ھەرەمباغقا قاراپ قاچقان.*

*غېنى باتۇر ۋارقىرىسا،*
*ئوقمۇ توختاپ قالىدۇ.*
*غېنى باتۇر ئۇرۇشقا،*
*خاس يارالغان باتۇردۇر.*

باتۇرىمىز ئۇچرىغان ناھەقچىلىقلار، زۇلۇملار بەك كۆپ. مەن ماتېرىياللاردىن توپلىغىنىمنى يازاي:

1. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»: خىيانەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، بيۇروكراتلىق؛

2. «بەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»: پارىخورلۇق، باج ئوغرىلاش، دۆلەت مۈلكىنى ئوغرىلاش، قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ ئاتالمىش ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاش؛

3. 1951: - يىلى دىكابىردىن 1952- يىلى 30 - سېنتەبىرگىچە داۋاملاشقان باستۇرۇشلاردا غېنى باتۇرغا تۆھمەت چاپلاپ، تارتىپ چىقىرىشقان.

غېنى جەڭ مەيدانىدا قۇيۇندەك ئات چېپىپ، دۈشمەننى يەردىن يۇلۇۋالاتتى، ئىگەرگە باسۇرۇپ جېنىنى چىقىراتتى-دە، توشقاننى تاشلىغاندەك پىرقىرىتىپ ئاتاتتى. (قاش يېزىسىدا مۇخبىرلىق قىلغان كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ بۇ يېزىدىكى قورۇ-

جايىنىڭ ھوقۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئالماتادىن كەلگەن قىزى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. شۇ كۈنى غېنى باتۇرنىڭ سەبدىشى ئەسپەر ئاكا ماڭا غۇلجا ناھىيەلىك رادىئو ستانسا مۇخبىرى مەسئۇد ئاكىغا ۋە باتۇرنىڭ قىزى ئۈچىمىزگە غېنى باتۇرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى. )

مىلتىق، نەيزە كۆتىرىپ، دۈشمەننى تىرە-پىرەن قىلىپ ئېرىشكەن ئازادلىق قارايۈز خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئەشۇ كۈنلەردە باتۇرىمىز تۈرمىگە تاشلانغان.

تۈرمىدىن چىققان 1954 -يىلى 5 -ئايدا خىتاينىڭ لەنجۇ شەھرىگە سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ يەردە ئاتالمىش «جوڭگۇ كوممۇنىستىك پارتىيەسى» ئاچقان «شىنجاڭ سىنىپى»دا نازارەت ئاستىدا مەجبۇرى ياشىغان.

شۇ يىلى خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزگە كىرگەن ئارمىيەسىدە «1 -ئاۋغۇست ئوردېنى» ، «ئازادلىق ئوردېنى» قاتارلىق ھەربى ئۇنۋان بېكىتىش، ئەمەلگە تەيىنلەش بولغان. ئەمما، غېنى باتۇر تىلغىمۇ ئېلىنمىغان.

ئەلەم-ھەسرەتكە پاتقان باتۇرىمىز 1955 - يىلى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى قازاقىستانغا كۆچمەن بولغان.

ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە : «بىر ئات، بىر قامچا بېرىڭلار، قورغاس چېگرىسىغا كېتەي. ئېتىمغا بىرقامچا ئۇرۇپ، ۋەتىنىمگە يېتەي... »دەپ ئۆتۈنگەن.

سەكراتقا چۈشكەندە بولسا: «مەن ئۆلگەندە يۈزۈمنى قىبلىگە ئەمەس، غۇلجىغا قارىتىپ قويۇڭلار. ۋەتىنىمنى كۆرۈپ ياتاي!» دەپ ئىلتىماس قىلغان. جامائەت ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئورۇندىغان. (قەبرە ئالدىدىكى ئارمانلار «ئىلى دەرياسى ژورنىلى» 2003 -يىل 6 -سان)

* * * *

# بوۋامغا سوئالىم بار

«بىر ئەۋلاد ئاتىلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنىڭ دەردىنى بىر نەچچە ئەۋلاد تارتىشقا مەجبۇر قالىدۇ» دېگەن بۇ بىر فرانسوز تەتقىقاتچىسىنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ، خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالدىم. ۋەتەندە نەشر قىلىنغان «غېرىپ شىۋاقلار» ناملىق خۇددى نامىدەكلا غېرىپ كىتابىمدىكى «يۇرت ئوغلى» تېمىلىق ئەدەبىي ئاخباراتىمغا ئېھتىيات بىلەن يازدىم. (نېمە ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن ئىكەنلىكىنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنىم چۈشىنىدۇ ــ ئەلۋەتتە!) بۇ بىر جۈملە سۆز مېنى بوۋامغا يەنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ دىن ئىشلار مىنىستىرى بولغان ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلىفە ھەزرەتكە بىر سوئال قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاتام «مىللىي ئارمىيە»نىڭ ئىزۋۇد كوماندىرى ئابدۇلھەق ئابدۇۋەلى كامالى ماڭا:

ــ ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلىفە ھەزرەت ئاتىمىز ئىلى دەرياسى بويىدا، جىرغىلاڭدا، مەدرىس مەسچىتلەر ئالدىدائالدىنقى سەپكە ماڭغان ئوغلانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. يىگىتلەر: ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلسەك شېھىد، قالساق غازى، ئاتىمىز خاتىرجەم بولغاي، خەلقىمىز خاتىرجەم بولغاي! دېيىشەتتى، ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيۈپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلىناتتى... دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، 1963-يىلى مەن تېخى گۆدەك ۋاقتىمدا ۋاپات بولغان ئۇ كىشى بىلەن «پاراڭلىشىدىغان، سوئاللار قويىدىغان» بولغان، جاۋاپ تاپالماي ئازابتا قالغان ئىدىم:

ــ ھۆرمەتلىك بوۋا، سىز تۈركۈملىگەن ئوغلانلارنى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندۇرغان ئىكەنسىز. ئۇلارنىڭ ئىگىسىز قالغان جەسەتلىرىنىڭ قايسى جاڭگاللاردا، قايسى ياۋۇز دۈشمەننىڭ ئايىقى ئاستىدا، قايسى تام تۈۋىدە قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈردىڭىزمۇ؟

قېنى مېنىڭ باللىرىم؟ قېنى ئۇلارنىڭ ئاققۇزغان قانلىرى، تەقدىم ئەتكەن ياش جانلىرى بەدىلىگە كەلگەن جۇمھۇرىيەت، ئازادلىق؟ دەپ چۇقان كۆتەرمىدىڭىزمۇ؟ يارىشىملىق سەللىڭىزنى ئوراپ، يېشىل بايراقنى ئەڭ ئالدىغا تىكلەپ كۆتەرگەن يىگىت-قىرانلارنى توپلاپ، سەپ ئالدىدا ئۆزىڭىز ئات ئويىنىتىپ، مەككار دۈشمەننى ئىزدەپ يولغا چىقمىدىڭىزمۇ؟شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، يەنە مىڭلىغان باللىرىڭىز ئارقىڭىزدىن «ھۇررا!» ياڭرىتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇقەررەر ئىدى-غۇ! توغرا، رۇسلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرنى سېتىۋەتكەن ئىدى. ئەمما دۈشمىنىمىز ئاللىقاچان مەغلۇپ بولۇپ، ماناس دەرياسى بويىدىن قاچقان، ئۈرۈمچىدىكىلىرى بولسا، ئۇيغۇرنىڭ قېنىدىن-جېنىدىن توپلىغان ئالتۇنىنى، مال-دۇنياسىنى كۆتىرەلىگەنچە ئېلىپ، ئىچكىرىگە قېچىپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدىغۇ! سىز سەپ ئالدىغا چىققان بولسىڭىز (سىزدىن باشقىمۇ ھەرقانداق بىرەر سەركە)، ماناس دەرياسىنىڭ سۈيى قانغا بويالغان ھالەتتىمۇ، يەنىلا ۋەتەننى تارتقۇزۇپ قويغان بولساق، تارىخىمىز تېخىمۇ تەسىرلىك، ئۇلۇغۋار مەزمۇندا يېزىلغان بولاتتى! مانا بۇ سوئالىمنى سىزگە قويالمىدىم. ھۆرلۈكنىڭ شادلىقىنى 5 يىل سۈرگەن نۇرغۇن ئاتىلارمۇ كېيىنكى كۈنلەردە گاس-گاچا بولىۋالدى. بەزىلىرى ۋەتەننى تاشلاپ، چەت ئەللەرگە جان ساقلىغىلى قاچتى، بەزىلىرى ھەممىنى ئۇنتۇپ، كوممۇنىست پارتىيىگە ئەزا بولدى، ئۇنداقلار ھوقۇقدار، مەنسەپدار... بولۇپ ياشىدى. ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر جەسۇر ئاتىلىرىمىز بولسا، قاراڭغۇ تۈرمىلەردە جايلىۋېتىلدى، نۇرغۇن باتۇر زىخرۇللاملار تۆھمەت قۇربانلىرى بولۇپ، دەرت-ئەلەم بىلەن پاتقاق سۇلاردا تۇنجۇقتى. سىزنىڭ كېيىنكى 20 يىلچە ئۆمرىڭىز بولسا، يىلنىڭ يېرىمىدا تۈرمىدە، يېرىمىدا يىغىندا، چالا-پۇلا قىسمى ئىلى دەريا بويىدىكى بېغىڭىزدا ئۆتتى. شۇ كۈنلەردە يېقىن ئەتراپتا غەزەپ بىلەن شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان ئانا دەريانىڭ بويىدا ئۆزىڭىز نامىزىنى چۈشۈرۈپ، جەڭگە ئۇزاتقان ئوغلانلار چۈشىڭىزگە ئايان بولمىدىمۇ؟

سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، سىزنىڭ ئەۋلادىڭىز ئىكەنلىكىمدىن تانالمايمەن. چۈنكى، سىزدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز»نىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغۇدەك سالاھىيەت بار ئىدى. 1895 - يىلى قىرغىزىستاندىن قايتىپ، جەدىدىزىم مائارىپىنى تۈنجى بولۇپ، سىز غۇلجىدا يەرلەشتۈرگەن، يەنى مەكتەپ ئاچقان ئىكەنسىز. بۇخارادا ئوقۇپ، ئىلىغا قايتقان، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن «ئۇسۇلى قەدىم» مەكتىپى ئاچقان ئاكىڭىز، يەنى چوڭ بوۋام ئابدۇۋەلى داموللام ئىكەن. 1930-يىللارنىڭ بېشىدا ئىلى مائارىپ تارىخىدىكى داڭلىق «تائالىيە مەكتەپ»نى، يەنى، ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىنىمۇ سىز ئاچقان،. مىللەتنىڭ مەرىپەت يولباشچىلىرىدىن ئىدىڭىز. ھۆرمىتىم بۇنىڭ ئۈچۈن!

ئەمما، ۋەتەن ئۈچۈن پارتلىغان ئۇرۇش دەۋرىدە ئۇيغۇرغا ھۆرلۈك جەڭچىسى-ئاتا تۈرك مۇستافا كامالدەك، ھىندىلارنىڭ ئاتىسى — ئىندىرا گەندىدەك كۈچلۈك بىر سىياسىئوننىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدەك مىللىي تەقەززالىقنى بۈگۈنكى كۈندە ئېغىر ئازاپ چېكىۋاتقان خەلقىمىز بىلەن ئېتىراپ قىلىمەن.

## ئىست، مەلىكە!

ــ مەلىكەنىــڭ ئانىســى هــەر جۈمــە كۈنــدە ئۇنىــڭ قەبرىســىنى يوقلايــدۇ. قــۇرۇق بارمايــدۇ. كىچىــك چىپــار خالتىــدا دان ئېلىــپ بارىــدۇ، يەنــە كىچىــك چۆگۈنــدە سـۇ. ئاناقەبــرە ئالدىــدا يۈكۈنــۈپ ئولتۇرىــدۇ. ئــۇزاق دۇئــا قىلىــدۇ. ئۇنىــڭ دۇئاســى تۈگىگىچــە قــۇشلار ئولىشـۇپ كېتىــدۇ. شـۇ چاغــدا ئانــا چىپــار خالتىنــى ئېچىــپ ئۇلارغا دان چاچىدۇ:قىزىــم ئۈچــۈن!-دەپ پىچىرلايــدۇ.

چۆگۈندىــن سـۇ چېچىــپ، قەبرىنــى سـۈپۈرىدۇ... گوركارلارنىــڭ ياردىمىــدە قەبرىگــە تېرىغــان گۈللەرنــى سـۇغۇرغاندا، تارام-تــارام كۆزياشــلىرى قوشـۇلۇپ كېتىــدۇ...

مەلىكەنىــڭ باللىقتىكــى دوســتى، يازغۇچــى تۇرسـۇنئاي يۇنــۇس ئاپپــاي بىلــەن سـۆھبەت خاتىرەمدىــن.

*1990-يىل 7-ئاي.*


**سېنى ئەسلەيمەن**

*بۇلبۇللار سايرىسا گۈلشەنلەر ئارا،*
*ياڭرىتىپ ناخشامدا سېنى ئەسلەيمەن.*
*ئامرىغىم ئىشقىڭدا كۆيگەن گۈلۈڭمەن،*
*ھەرتاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن.*

*شامالار ئويناتسا سۇمبۇل چاچىمنى،*
*كەلدىمۇ يايرىم دەپ سېنى سورايمەن.*

*مۇھەببەت رىشتىسى سەندە بولغاچقا،*
*تەلمۈرۈپ ھەرتاڭدا يولۇڭغا قارايمەن.*

*بۇلۇتلار ئۇزۇشەر ئايغا ئەگىشىپ،*
*يۇلتۇزلار ئوينىشار كۆزىنى قىسىشىپ،*
*سەن كەتتىڭ، مەن قالدىم ئۆستەڭ بويىدا،*
*خوش! دېگەن سۆزلىرىڭ ھېلىمۇ يادىمدا!*



*1938 — 1970*

60-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان «سېنى ئەسلەيمەن»نىڭ قىزغىنلىقى تاكى 2000-يىللارغىچە ئۆچمىدى. ناخشىدىكى جۇدالىق ھەسرىتى، ۋاپادارلىقتا يۇغۇرۇلغان مىسكىن قۇرلار

ياشلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى، يىغىلىشلىرىدا ئومۇمى خورغا ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇ يىللاردا يەنە زىيالىلار، ئەدىبلەر... ئىشقىلىپ ئىلغار پىكىرلىك، خاس ئىدىيىلىك نۇرغۇن پىشقەدەملەر، بولۇپمۇ شىمالىلىقلار جەنۇپقا، تەكلىماكان-تارىم بويلىرىدىكى قاتنىشى قۇلايسىز، ئۇچۇر-ئالاقە ئىشلىرى قىيىن، تۇرمۇشتا نامرات رايونلارغا «ئىدىيە ئۆزگەرتىش»كە سۈرگۈن قىلىندى. يۇقۇرى بېسىملىق سىياسەت ئاۋامنى سەركىسىز قالدۇرۇش مەقسىدىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىنكى قەدەمدە، يەنى، 69-68 ـــ يىللىرى بارلىق مەكتەپلەرنى تاقاپ، قولىغا قېرىنداش ئالغانلىكى ئوقۇغۇچىنى «زىيالى ياش» نامىدا يېزىلارغا ھەيدىگەندە، «تارىم ناخشىسى»، يەنە بىر نادىر ناخشا سۈرگۈندىكىلەرگىمۇ، كۆندۈزى ئون سائەتلەپ ئېغىر ئەمگەك قىلغان ياشلارغىمۇ ئۈمىد بېغىشلىدى:

## تارىم ناخشىسى

*مەن تارىم بويىغا كەتتىم.*
*كۆيۈشكەن دوستلار خوش ئەمدى.*
*بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،*
*ئارزۇلۇق كۆڭۈللەر خوش ئەمدى.*
*مەن تارىم بويىغا بېرىپ،*
*ھارماي-تالماي ئىشلەيمەن،*
*ئەگەر كەلسەڭ تارىمغا*
*گۈل-چېچەككە ئورايمەن.*

بۇ ناخشا تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر سورۇنلىرىدا ياڭراپلا قالماي، فىنلاندىيە، گېرمانىيەلەردە ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي خەلقئارالىق فېستىۋاللاردا دۇنياۋى ناخشا چولپىنى دىلبەرنىڭ؛ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە كىلاسسىك ناخشا-مۇزىكىلىرىمىزنى رۇك ئۇسلۇبىدا ئورۇنلاپ خەلقئارادا نام قازانغان پەرھات خالىقنىڭ ئورۇندىشىدا ياڭرىماقتا.

بۇ ئىككى ئۆلمەس ناخشىنىڭ تېكىستىنى ـ شائىرە مەلىكە زىياۋۇدۇن يازغان. مۇزىكىسىنى داڭلىق كومپازىتور ئىسكەندەر سەيپۇللا ئىشلىگەن.

مەن 1972-يىلى11-ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلدىم. شۇ يىللاردا مەلىكەنىڭ ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىدىم. بەزىلەر پىچىرلىشىپ، باش چايقاپ، ئېچىنغان قىياپەتتە ئۇنىڭ نامىنى ئاتىسا، بەزىلەر ئۇن قاتماي سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ ئىسمى چىققاندا بىرەر كىشىمۇ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمايتتى. مەن مەلىكە ئىسىملىك قىزغا قىزىقتىم. ئەمما، ھېچكىم مەندەك بىر يېڭى كەلداخۇنغا مەلىكەنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىنلا زاۋۇت باسمازاۋۇتىنىڭ نابۇر ئىشچىسى، كۇچارلىق پ ھەدە ماڭا ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى:

ــ مەلىكە نىڭ چېچەنلىكتە باشلانغۇچ مەكتەپتىلا داڭقى بار ئىدى. كېيىن ئۇ ئوقۇپ، مەدەنىيەت نازارىتىگە قاراشلىق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلىدى. مەن بۇ يەردە ئىشلىدىم. ئۇ ناھايىتى ياش ئىدى، بەك چىرايلىق قىز ئىدى، ــ پ ھەدە كۆز يېشىنى ئېقىشىغا قويۇپ بەرگەن ئىدى شۇ كۈنى.

مەن پ ھەدىدىن مەلىكەنىڭ ياش بېشىغا كەلگەن بەك ئېغىر، بەك قورقۇنۇچلۇق، بەك ۋەھشى قىسمەتنى ئاخىرى ئاڭلىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنچە ياش قىز بۇنداق پاجىئەگە گىرىپتار بولدى؟

ئۇ ــ ھوقۇقدارمىدى؟ شۇ يىللاردىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ شوئارى: «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يوقىتىش»ئىدى. ياق! مەلىكە ھوقۇقدار ئەمەس، بىر شائىرە، بىر سەنئەتكار، يېتىلىۋاتقان بىر ئىلانچىلىك، رىياسەتچى ئىدى.

ئۇ ــ كىشىلىك خاراكتېرىدە چۈشكۈنلەشكەنمىدى-يا؟ ياق! مەلىكە غورۇرلۇق، ھايالىق بىر قىز. ئىزدىنىش-ئىجاد ئېتىش

يولىنى بالدۇرلا تالالىغان، شۇ يولدا ئىزچىل ئىرىشىۋاتقان، كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان قىز ئىدى. 1-مىسال:

— دادا، دادا!، گېزىتكە مېنىڭ تېپىشمىقىم چىقىپتۇ... !

— قانداق تېپىشماق؟قايسى گېزىت؟

مەلىكە دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەي تۇرۇپ، سومكىسىدىن رەتلىك قاتلانغان «شىنجاڭ گېزىتى»نى چىقاردى. زىياۋۇدۇن ئاكا بىلەن مەلىكەنىڭ ئانىسى (ئاپتور- سەككىز ياش) دېگەن ئەسكەرتمە بىلەن بېرىلگەن، ئۆز قىزىنىڭ نامىدىكى تېپىشماقنى شادلىق، سۆيۈنۈشتە ئوقۇشتى:

*«ئىگىسى ياراتتى بىر تال قۇتىنى،*
*ئىچىگە سىغدۇردى تۆگە پۇتىنى.*
*كىم تاپسا ئەگەر بۇ تېپىشماقنى،*
*گېزىتكە چىقارسۇن جاۋاپ خېتىنى. »*

—قانداق قۇتا، قۇتىنىڭ ئىچىگە سىغقان قانداق تۆگە پۇتى؟ ئېيتىپ بەرگىنە قىزىم.

— ياق، سىز چوڭ ئادەم بولغاندىكىن ئويلاپ تېپىڭ. جاۋابىنى گېزىتكە چىقىرىڭ!

... ئىككى يىل ئۆتكەندە بىرەيلەن بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى «ياڭاق»ئىكەنلىكىنى تاپتى، گېزىتتە جاۋابىنى ئېلان قىلدى. [1]

سەككىز يېشىدا تېپىشماق تۈزۈپ، چوڭلارنى قايىل قىلغان مەلىكە تەپەككۇر قىلىشقا، ھەممە يېڭىلىقلارغا سوئال قويۇشقا ئادەتلەنگەن بىر ئۆسمۈر ئىدى. ئۇ ئىمتىھان مەيدانىدا چوڭلار بىلەن رىقابەتكە چۈشۈپ ئۇتقان — مىسال — 2

مەلىكە ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى. شىنجاڭ

ئۇنۋېرستېتۇتى قىزىل بىناسىدا «كادىر يېتىشتۈرۈش مەكتېپگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان» مەيدانىغا كىردى (ئۇنى 20 ياشلاردىكى بىر مەھەللىك قىز خاسىيەت باشلاپ كىرگەن)... ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار ئىدى. مەلىكە ئۈچىنچى بولۇپ قەغىزىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. نەتىجە چىقتى: 98 نومۇر، مەلىكە شۇ چاغدا ئەمدىلا ئون ياشتا ئىدى.

... ئوقۇتقۇچىلار مەلىكەنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاتا-ئانىسىغا كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، تەپەككۈرغا تايىنىپ جاۋاپ بېرىلىدىغان 50 نومۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابى زور قىزىقىش قوزغىغان ئىدى:

—قىزىڭلار دەرسلىكلەردىن باشقىمۇ ماتېرىيال كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

—ھەركۈنلۈك گېزىتنى قالدۇرماي ئوقۇيدۇ. بىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، «قۇللار»، «شۇنداق بىركۈن كېلىدۇ»... دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلارنى ئوقۇپ، خاتىرە يازىدۇ. رومانلاردىكى مەزمۇن كىچىك بالىغا ئېغىر كېلەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەيمىز.

مەلىكە «كادىر يېتىشتۈرۈش مەكتېپى»دە ئوقىدى. ئوقۇشى تۈگىمەيلا «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى» سەنئەت فاكولتېتىغا ئەۋەتىلدى.[2]

ئۇ 13 يېشىدا ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى»دە سەنئەت سەھنە رىياسەتچىسى (يەنى شۇ زاماننىڭ تىل ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا ئېلانچىك) بولدى.

—بەزىدە بىرەر ناخشىچى ياكى بىرەر ئۇسسۇلچىغىمۇ مۇنچىلىك قىزغىنلىق، قايىللىق ئىپادىلىمەيدىغان كۆرۈرمەنلەر مە-لىكەنىڭ بېشى كۆرۈنسە بولغىچە، گۈلدۇراس ئالقىشلار بىلەن كۈلۈبلارنى كۆتىرىۋېتەتتى. چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك لاتاپەتلىك ئىدىكى، كىشىگە سەھنىگە مېڭىپ ئەمەس، قۇشتەك ئۇچۇپ چىقىۋاتقاندەك

تۇيغۇ بېرەتتى. يۈزىنى كۆرۈرمەنلەر تەرەپكە قىلىپ، تۈپتۈز مۈرىلىرىنى ماس ھالدا تەۋرىتىپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سەھنىگە چىقىپ كەلگىنىدە، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا نۆۋەتتىكى نومۇرنى ۋە سەنئەتكارنى ئېلان قىلغاندا، خۇددى گۈزەل ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى.

سابىق شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇپ، شۇ ساھەدە بىرمەزگىل ئىشلىگەن، مەلىكەنىڭ يېقىن دوستى، ساۋاقدىشى تۇرسۇنئاي يۇنۇس ھەدە ماڭا مەلىكەنىڭ كەسپىي ھاياتىنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەن ئىدى.

«مەلىكەنىڭ نومۇر ئېلان قىلىشلىرى — ئېلانچىكلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان نەمۇنىلىك نومۇرلار قاتارىدا تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس-ئالقىشلىرىغا ئېرىشىپ تۇردى... بۇ — 1957-يىلى... ئىدى.»[3]

مەلىكە سەھنىدە ئەنە شۇنداق جەزىبىدار سەنئەتكار. ئەمما ئۇ ئۈستى-بېشىدىكى سەنئەت زىننەتلىرىنى، سەھنە كىيىمى ۋە بويۇملىرىنى يەشكەندىن كېيىن، يەنە باشقا بىر مەلىكىگە ئايلىنىپ، ۋۇجۇدىدىن جاسارەت، قەيسەرلىك ئۇرغۇپ تۇرغان، ئوتقا-يالقۇنغا ئوخشايدىغان خاراكتېرىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى: «... 1959-يىل. فۇجىيەن. ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە ئەسكەرلەر باررىگاھىغا بارغاندا باشقا ئارتىسلار گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان توپ ئاۋازلىرىدىن چۆچۈپ قۇلىقىنى تۇتسا، مەلىكە توپچىلارنىڭ ئەڭ تېز، ئەڭ نازۇك تېخنىكىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەڭ قويىدى. سىناپ ئېتىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىلگەن ئىككى سىنارەدنى ھودۇقماي، توپ زاپچاسلىرىنى باشقۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتقاندا، ئۆمەك ئەزالىرى ھەيران قالدى. جەڭچىلەرمۇ جاسارەتلىك ئۇيغۇر قىزىدىن مەمنۇن بولدى...»[4] بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ نەسەبى ئۈستىدە بايان بېرىشنىڭ ۋاقتى يەتتى، دەپ ئويلۇدۇم:

مەلىكە زىياۋۇدۇن ئەسلىدە بىر جەڭگىۋار جەڭچىنىڭ پۇشتى، يەنى، 1930-يىلى قۇمۇل خەلقىگە ئاتامان بولۇپ، قۇتۇ — لۇش قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلغان، قىسقا مۇددەتتە تاكى قەشقەرگىچە يۈرۈش قىلىپ، مۇستەملىكىچى شىڭ شىسەينى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن، نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ سەركىسى -خوجانىياز ھاجىم (خوجانىياز پالىگان) نىڭ نەۋرىسى ئىدى، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئۇقچۇپ تۇرغىنى قوماندانىنىڭ قېنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بۇ قىز ھەربى قوراللار ئالدىدا ۋۇجۇدىدىكى ئەجدادىنىڭ جىسمىغا مىراس قىلغان قەيسەر، جەڭگىۋار خاراكتېرىنى تىزگىنلىيەلمىگەن بولسا كېرەك.

مەلىكە بۇ يىللاردا يەنە بالا ۋاقتىدىكىدەك تېپىشماق ئىجاد قىلىشتىن خېلىلا ئالغا كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىدى. «كۆرەك تەسىراتى»، «مەخپىي سىر»، «دوستلۇق شەنىگە»، «نۇرلۇق بوستان»، «كېلىپ قىسقىن گۈلۈڭنى» «سېنى ئەسلەيمەن»... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان نەسىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازدى. ئۇ بۇ چاغدا تېخى 20 ياشقا توشمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى يېزىش ۋە ئەدەبىيات پىشۋالىرىمىزنى تونۇش- قەدىرلەش بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. 1964-يىلىنىڭ باھار مەزگىلىدە ئۇ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمكىدىكى بىر قېتىملىق كاتتا تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىشتىن ۋاز كېچىپ، شائىر ئارمىيە ئېلى داموللا (نىمشېھىد) نى، قازاقلارنىڭ داڭلىق ئاقىنى ئىسماغۇلنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات، شېئىرىيەت توغرىسىدا ھەمسۆھبەت قۇرغان، شۇ كۈندىكى سۆھبەتتە مەلىكە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ پادىشاھ سۇلتان ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئايالى ۋاپات بولغاندا ئۇ ئۈستىدىكى پادىشاھقا ئۆلۈم خەۋىرى ئۈچۈن يازغان بىر مىسرا شېئىرىنى ۋە پادىشانىڭ جاۋابىنى ئۇستاز ئارمىيە ئېلىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا ئۇزاققىچە سۆكۈتكە چۆككەن ئىدى:

*سەرۋىنىڭ سايىسىدا سولدى گۈل نە ئەتمەك كېرەك؟*
*سەبىردىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېپەن ئەتمەك كېرەك!*

بىر كېچىلىك مۇڭدىشىش زىياۋۇدۇن ئاكىنىمۇ شاد قىلدى. ئەتىسى سەھەردە ئارمىيە ئېلى داموللا ئەدەبىيات ئاشىناسى مەلىكەگە ئاتاپ بىر كوبلېت شېئىرنى يازغان قويۇن دەپتىرىنى مەلىكەگە تەقدىم قىلدى:

*دۇرمىكىن- ياقۇتمىكىن، يا تاگدىكى چولپانمىكىن،*
*ئون قوياشنىڭ نۇرى بالقىيدۇ بۇ قىزنىڭ چېھرىدە.*
*«پېشىۋايىم!» دەپ مېنى، تۇتتى قولۇمدىن ئەركىلەپ،*
*ئەركىلەتتىم مەنمۇ «كەل!» دەپ يۈز ئاتانىڭ مېھرىدە.*[5]

مەلىكە ئەنە شۇنداق قىز ئىدى، ئەنە شۇنداق تىنىمسىز ئىدى، ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش-ئۆگىنىش سەپىرىدە ئىدى.

ئۇ دۇنيانى مېھرى-مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان قىز ئىدىكى، ئۇلانبايىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بىرجەرەن بالىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى قۇچاقلىغانچە ئۇچتاشتىكى ھويلىسىغا ئېلىپ كەلگەن. مەلىكە جەرەن بالىسىنى تازىلاپ، تۈكلىرىنى پارقىرىتىۋېتەتتى. بېشىنى سىلايتتى. قوسىقىنى تويغۇزاتتى. جەرەن بالىسى بوتاكوزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ مەلىكەنى كۈتەتتى.

ئۇنىڭ كەسپى جەھەتتىكى ئابرويى، يېزىقچىلىق ساھەسىدە، بولۇپمۇ، «سېنى ئەسلەيمەن» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئاھاڭغا سېلىنىپ، خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كېتىشى، غۇنچە چاغلىرىدىكى گۈزەللىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن كۈنلەردە ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپ، چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولغۇچىلارمۇ، شۇنداقلا، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنىڭ غىدىقلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان خاراكتېرلىك كەسپداشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ

نەتىجىلىرىگە ھەسەت قىلغۇچىلارمۇ، تەگتۇشلار ئارىسىدا يالغان ئاشىقلارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

تېكىستىنى مەلىكە يازغان، ئىسكەندەر سەيپۇللا مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «سېنى ئەسلەيمەن» دېگەن مەشھۇر ناخشا مەلىكەنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۆيگەن يىگىتى 'ئا' غا بېغىشلانغان. تۇنجى ئازاپ دەل ئەشۇ تۇنجى مۇھەببەتتىن كەلگەن. يىگىت 1961 - يىلى ۋەتەندىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللىقىدىكى قازاقىستانغا كۆچۈش دولقۇنىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن كېتىپ قالغان. ئازاپلانغان مەلىكە بۇ شېئىرنى ئەشۇ يىگىتكە بېغىشلاپ يازغان. تۇنجى مۇھەببىتى بىلەن جەم بولۇشنى ئارمان قىلىپ، باشقا يىگىتلەرگە كۆڭۈل بەرمەي ياشاۋاتقان ئىدى.

دەل مۇشۇنداق ھەم گۈزەل، ھەم ئەندىشىلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مەلىكەنى ئاپەتلىك، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورىنى ئەڭ ئاۋۋال سوقتى.

سەھنىنى شادلىق باغچىسىغا ئايلاندۇرۇپ، مىڭلىغان كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان مەلىكەنىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان چوڭ خەتلىك قارىلاش گېزىتلىرى ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تام-دەرۋازىلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن چاپلاندى، ئېگىز بىنالارنىڭ دەرىزىلىرىدىن كىملەردۇر ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلاپ يازغان پاش قىلىش ۋەرەقىلىرىنى توپ-توپى بىلەن تاشلىدى...

«بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدىيىسى بار. يازغانلىرىدا مۇددىئا توغرا ئەمەس. ئاددى-ساددا بولمىدى. ياساندى، تاراندى... »

مۇشۇنداق تۈتامى يوق بۆھتانلار بىلەن ئۇ ھەر كۈنى ئۆيدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىلدى. نازۇك بويىنىغا سىم ئاسقۇچتا ئېسىلغان «بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىلى — مەلىكەنى يوقىتايلى!» دەپ يېزىلغان ئېغىر تاختاي ئېسىلىپ، بېشىغا گېزىت قەغەزلىرىدىن ياسالغان ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، كوچىمۇ-كوچا سازايى قىلىندى.

ئۇزۇن چاچلىرى «تۆرت كونا» دەپ كېسىۋېتىلگەن ئۇ سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن كۆڭۈل قويۇپ تارايدىغان چېچىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئەشۇ كۈنلەردە خەلقىمىزنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى، 1950 -يىلى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا سەنئەت فېستىۋالى»دا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن پاشا ئىشان بىللە سازايى قىلىندى. پاشا ئىشاننىڭ چېچى مەلىكەنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. سەھنىلەردە «ئۇيغۇر بۇلبۇلى» بولۇپ تۇنۇلغان كۈنلەردە ئۇزۇن، قۇڭغۇر چاچلىرىنى ئىككى قىلىپ ئۆرۈپ، بىرىنى كۆكرىكىگە تاشلاپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن سەھنىدە پەيدا بولىدىغان بۇ سەنئەت پىشىۋاسىنىڭ چېچى يۇڭدالغاندەك ئۇزۇن-قىسقا، قالايمىقان كېسىۋېتىلگەن، نۇرغۇن كىچىك بۆلەككە ئايرىلىپ، ھەربىرىگە بىر پارچىدىن رەڭدار، ئەسكى بۇقۇشلار چىگىلگەن. خۇددى بىر ئالۋاستىغا ئوخشىتىپ قويۇشقان ئىدى. مەلىكە بۇ كۆرىنىشكە چىداپ تۇرالمىدى. ئۆزىنىڭ دىلى ۋە تېنى ئازابلانغان شۇنچە كۈنلەردىن بۇيان كۆزىدىن تامچە ياش چىقارمىغان بۇ قەيسەر قىز پاشا ھەدىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.



سۈرەتتە: مەلىكە زىياۋۇدۇن داڭدار ناخشىچى پاشا ئىشان بىلەن.

— جىن-شەيتانلارنىڭ سۆزلىشىشىگە، يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت يوق، نېرى تۇر!

ئۇلار شۇنداق دەپ، پاشا ئىشاننىڭ قولىغا بىر ئەسكى داس بىلەن تاياقنى تۇتقۇزۇپ: ھە، باشلا! دەپ بۇيرۇشتى.

— داڭ، داڭ، داڭ! مەن جىن-شەيتان پاشا بولىمەن. مەن سىرىق ناخشا ئېيتتىم. مەندىن ئىبرەت بولسۇن، داڭ، داڭ!

ماۋزېدوڭنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ، ئالدانغانلىقىنى بىلمىگەن «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئۇلارنى ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا سازايى قىلغىچە، نەچچە رەت نۆۋەت ئالمىشاتتى، ئەمما، مەلىكە بويىننى قىيسىپ كېتىۋاتقان سىم ئارغامچا دەستىدىن پۈكۈلۈپ-پۈتلۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر. تاكى كەچ كىرگىچە. كوچىدا ئادەم قالمىغاندىلا ئاندىن «جىن-شەيتان»لارنى ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئەكىلىپ تاشلىشاتتى...

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. 1964- يىلى10—ئاينىڭ 14 -كۈنى كەچ سائەت 10 دا مەلىكە زىياۋۇدۇن رەسمىي قولغا ئېلىندى(6)

تۇنجى سوراق:

— سەن خوجانىيازنىڭ نەۋرىسى، شۇنداقمۇ؟

—شۇنداق!

—بۇ تارىخىي مەسىلەڭنى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆزلۈكۈڭدىن تاپشۇرمىدىڭ؟چوڭ داداڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن. شىڭ شىسەي زۇلمىغا قارشى كۆتىرىلگەن ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانى.

—ئاغزىڭنى يۇم، ئۇ بىر باندىت!

—ئاغزىڭنى سەن يۇم! بوۋامنىڭ نامىغا داغ تەككۈزۈش-ھاقارەتلەشكە ھېچ ئاساسىڭ يوق...

مەلىكەنىڭ ئاغزىغا ئەشمە سىمنى تىقىپ، گەجگىسىدىن تارتىشتى، جاۋغايلىرىدىن قان چىققۇچە... ھەركۈنى سوراق، ھەركۈنى تاياق...

ئاخىرى ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كونسېرت بېلىتىنى ساتىدىغان «پوك-پوك» لەقەملىق، ئاتالمىش «قىزىل قوغدىغۇچى» سوراقخانىدا پەيدا بولدى:

—مېنى تونىغانسەن... ساڭا كۆيۈپ دېمىگەن ياخشى سۆزۈم قالمىدى. ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسەن؟

قىيناشلار-خورلاشلار « پوك-پوك»نى پۇخادىن چىقىرالمىدى.[7]

مەلىكەنى تۈرمىدىن يۆتكەپ «شىنخۋا باسما زاۋۇدى» (ئورنى ھازىرقى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ كەينىگە، خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ) غا كەلتۈردى. ئۇ چاغدا بۇنداق مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى «جۈنخۇي» يەنى «ھەربىلەر كومىتېتى»نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، مەلىكەدەك ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ تۆھمەت قۇربانلىرى زىيالىلار، نى-نى مۆتىۋەرلەر، ئالىملار تۈزۈك ساۋادى يوق، تەلۋە ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

«... مەلىكە نەزەربەنت ئاستىدا قولىغا سېخ-ئىشخانىلارنى، تەلۋە ئەسكەرلەرنىڭ ياتاقلىرىنى سۈرتىدىغان ئۇزۇن ساپلىق دەسمال (خەنزۇچە — توبا) بىلەن يۇندا چېلەكلىرىنى، سۈپۈرگىنى كۆتىرىپ، ھەركۈنى ئۇنىنەچچە سائەتلەپ تازىلىق قىلىپ، كەچتە سوئال-سوراققا تارتىلدى، ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن سالاملىششى، سىرتقا چىقىشى مەنئى قىلىندى:

— سەن شېئىرلىرىڭدا زەھەرلىك ئىدىيە تارقاتتىڭ!

—سەن باندىتنىڭ پۇشتى. ئىقرار قىلىشىڭ كېرەك!

—سەندە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى بار، تاپشۇر!

خارلىق، ئاچلىق، ھوقۇقسىزلىق ئەمدىلا 29ياشقا كىرگەن بۇ گۈزەلنى مۇكچەيتىۋەتكەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى، ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا توپ-توغرا سەككىز ئاي بولغان ــ 1970 ــ يىلى6-ئاينىڭ22 ــ كۈنى داق سېمونتنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن بەدىنى تالانغان، ئاغزىغا كۆندۈزى ئۆزى ئىشلەتكەن ئۇزۇن ساپلىق دەسمال چىڭداپ تىقىلغان بىر جەسەتنى بايقىغان كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرى ھېلىمۇ يېرىلىپ كەتمىدى[8]

بۇ -تېپىشماقچى باالا مەلىكە، چوڭلار بىلەن ئون يېشىدا بىلىم بەيگىسىگە چۈشكەن ئەقىللىق مەلىكە، راۋان ھەم تاتلىق تىلى بىلەن، نازاكەتلىك خۇلقى بىلەن سەھنىلەردىن «ئوت چىقىرىۋېتەلەيدىغان» سەنئەتكار مەلىكە، ئاز، ئەمما، ساز يازىدىغان شائىرە مەلىكە، مۇھەببەت ۋاپادارى مەلىكە، نىمشېھىد ئارمىيە داموللامنى ئۇستاز تۇتقان ئەقىدىلىك مەلىكە، توپنى دەللەپ ئاتالايدىغان مەرگەن مەلىكە، ھاياتنى ئاجايىپ قىزغىن سۆيىدىغان گۈزەل مەلىكە ئىدى... شۇ كۈنى ئۇنىڭ تىتىلغان گەۋدىسى پاسكىنا تاغارغا تىقىلىپ، ھېچقانداق تەرگەۋسىز چوڭقۇر يەر تەكتىگە كۆمۈۋېتىلدى.

«ئۆچ ئەسكەر... »، «ياق، بىر موڭغۇل ئەسكەرمىش...» ئەسكەرلەر ئالماشتۇرۇلدى، گۇمانلار كوچا پاراڭلىرى سۈپىتىدە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلدۇرۇلدى...

دەل شۇ كۈنلەردە ئۆزگىچە ئوخشاش قىسمەتتە خارلانغان ئۇستازى ئارمىيە ئېلى داموللامنىڭ جەسىدىنىڭ قوناقلىقتا ئىتقا يەم قىلىۋېتىلگەنلىكىدىن مەلىكە ھەرھالدا خەۋەرسىز كەتتى. بۇ ــ ئالالھنىڭ ياش غۇنچە بەندىسىگە قىلغان بىردىنبىر رەھمىتى بولسا كېرەك...

بىر ياش، تولىمۇ ياش سەنئەتكار سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە زەربىگە ئۇچرىدى، ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ــ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇ زېمىندا داۋاملىشىۋاتقان ئەجدادىنى ئارقا

كۆرنىش قىلىپ، ئەۋلادىدىن ئۆچ ئېلىش سىياسىي سۈيىقەستىنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى.

مەلىكەنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى — شۇ دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان نادىر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنىڭ بىر پاكىتى بولۇپ تارىخ يۈزىدە قالدى.

. «تارىم ناخشىسى» بىلەن «سېنى ئەسلەيمەن» — مەلىكەنىڭ ۋە ئەشۇ دەۋردىكى بەختسىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بوغۇلغان، تۇنجۇققان چۇقانلىرىنى، ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان سىرلىرىنى، ياشلىق باھارىنىڭ تۇنجى پەلەمپەيلىرىدىلا بەربات قىلىۋېتىلگەن ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، مۇرادسىز قالغان ئازابلىق مۇھەببەتلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى، ياردار قەلبىنىڭ پىغانلىق تىۋىشلىرىنى بىزگە ھېلىمۇ ئەسلىتىپ تۇرماقتا...

بۇ يازمىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ چېكىتىنى قويۇپ بولغان ئىدىم، ئىچىمدە دېيەلمىگەن يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم قالغاندەك بىئارام بولدۇم. ئىككى يوپۇرماق، ئۈچ غۇنچىمىزنىڭ كەچمىشىدىن ئابدۇنىياز كامال، روشەنگۈل شاۋكەت، رىزۋانگۈل سىلەر جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن بەختلىك سىلەر، ئەمما، زىخرۇللامدەك بى تەكرار قەھرىمانلار روھىي زەربىلەر دەستىدىن باش كۆتىرەلمەس قىلىۋېتىلگەن بولسا، مەلىكەدەك نادىرلار زۇلۇمغا قارشى ئىسيانچى ئاتىلاردىن ئۆچ ئالغۇچى نامەرتلەرنىڭ ئاياق ئاستىدا خورلاندى. تۇيۇقسىز ئېسىمگە كۆلتېكىن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى جۈملىلەر كېلىپ تۇرۇۋالدى:

قەدىمكي ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان بۇ ھەسرەتنى يەنە تەكرار يازدىم. پەرق شۇ ئىدىكى، ئۇلار تاشقا ئويۇپتىكەن. مېنىڭمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ چوققىسىغا ئويغۇم بار، ئەمما، بەك يىراقتا. مۇساپىرمەن. ئامالىم يوق. مەن كومپيۇتېرنىڭ يۈزىگە يازدىم:

*بەگ بولىدىغان يىگىتلىرىمىز قۇل بولدى.*
*خانىش بولىدىغان قىزلىرىمىز دېدەك بولدى.*

## مەنبەلەر:


(1) ئابدۇرېھىم ئابدۇللا «شىنجاڭ سەنئىتى ژورنىلى» 1982-يىل 2-سان 101-بەت. 1982

(2) يۇقىرىقى ئوچېرىك 164-بەت.

(3) «كارۋان ئىزى»، «قەمبەرخانىم» قاتارلىق ئەسەرلەرئاپتورى-تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئاپپاي بىلەن سۆھبەت. 1990-يىل

ئەسكەرتىش: بۇ خانىم مەلىكە زىياۋۇدۇن ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، بىر كىتاب يازغان، ئەمما نەشر قىلدۇرالمىغان.

(4) ئابدۇرېھىم ئابدۇللا «سېنى ئەسلەيمەن» «شىنجاڭ سەنئىتى ژورنىلى» - 1982-يىل 2 -سان 167-بەت.

(5) يۇقىرىقى ئوچېرىك 171-بەت.

(6) ئابدۇرېھىم ئابدۇللا «سېنى ئەسلەيمەن» شىنجاڭ سەنئىتى ژورنىلى 176-174 -بەتلەر.

(7) «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرلىك پەرزەنتى — مەلىكە زىياۋۇدۇن. ئاراتۈرك تورىبېتى. 2013 -يىل 3-ئاي 10 -كۈن.

(8) پاتەم ھەدە بىلەن سۆھبەت خاتىرەمدىن. 1974 -يىل 10 -ئاي ئۈرۈمچى.